# تارىم

6

1990

باش مۇھەررىر : مەھەممەت شاۋۇدۇن
مەسلىھەتچىلەر: ياسىن خۇدا بەردى ، ئابلىز نازىرى ، ئەلقەم ئەختەم .

تەھرىر ھەيئەتلەر  ( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ):
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ، ئارسلان ، ئابدۇروسۇل ئۆمەر ، ئابلىكىم باقى ، تۇرغان شاۋدۇن ، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن ، قەييۇم تۇردى ، مەھەممەت شاۋۇدۇن ، مەھەممەت زۇنۇن ، مەھمۇد زەيدى ، ئىمىن تۇرسۇن ، ئىمىن ئەخمىدى ، زوردۇن سابىر .

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

6

1990

40 - يىل نەشرى

## بوستاندا

### نەسرىي ئەسەرلەر


مەھەممەتجان راشىدىن.......... «شۇم ئېغىز» (ھېكايە).......... 12
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم.......... ئىككى ھېكايە.......... 31
راخمانجان روسۇل.......... ھاكىمنىڭ كېسەلى (ھېكايە).......... 42
پەرھات تۇرسۇن.......... مۇزلىغان دېرىزە (پوۋېست).......... 59
ئايگۈل مۇيدىن.......... ۋاپا (ھېكايە).......... 72
ئۈركەش ئىبراھىم.......... خىيال ۋە تەبەسسۇم (ھېكايە).......... 83
قادىر ئارسلان.......... تۇرمۇش قايىنىمىدا (ھېكايە).......... 103
غەيرەت ئاسىم.......... پەرىدەم (ھېكايە).......... 123
مۇھەممەت ئىمىن.......... ئىككى ھېكايە.......... 150


### شېئىرلار


تۇمۇر داۋامەت.......... چەن قېرىنداش بىز.......... 4
مەھەممەت خېۋىر.......... ئەبجەش چۈقانلار.......... 4
ئابدۇكېرىم ئوسمان.......... دىلدا ئاققان تىلسىم تۈيغۇلار.......... 7
قۇربان ئىمىن.......... جانىجان ئانا.......... 48
ئابدۇسەمەت خېلىل.......... ئىككى شېئىر.......... 49
ئايبېك ئۆمەر.......... مەن شۇنداق شائىر.......... 50
ئابلەت ئابدۇللا.......... رەڭدار زەررىلەر.......... 53
ئابلاجان ھېيت.......... كۆڭلۈمدىكى سۇرەتلەر.......... 54
روزى نىياز.......... ئۈچ شېئىر.......... 56
ئابلىكىم تۇردى.......... بىر كۇپلېتلىق شېئىرلار.......... 57


### باللار ئەدەبىياتى


تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن.......... ئۈچ ھېكايە.......... 89
قۇربان توختى.......... ئىككى كوچا (ھېكايە).......... 95

ماخمۇت مۇھەممەت.................. يۇمرانلارغا يۇمران مىسرالار (شېئىر)...............
تۇرسۇن قۇربان..................... چۆچۆك مىسرالار........................................ 08
ھەسەن تىلىۋالدى....................... غۇنچىلار ساداسى (شېئىر)................................ 99
101


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


نەبىجان ماخمۇت...................... «سېرىق سەبدە» نى ئاسرايلى....................... 136


## كىتابخانىلاردىن خەت


قايتا پەيدا بولغان «خامىلىيون»......................... 139


## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن


«مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلىغانىمىرى...»...... 141


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


كامىلوخوس سىلا..................... تاتلىق ئاپلىسىن قىشنىڭ مېۋىسى.................. 144


* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ، ئابدۇسالام ئابدۇراخمان ئىشلىگەن.

تۇمۇر داۋامەت

## چىن قېرىنداش بىز

بىرىمىز ئاكا،
بىرىمىز ئۇكا،
بىرىمىز ئاچا ھەم بىرىمىز سىڭىل،
بىز شۇنداق قېرىنداش،
ئىتتىپاق ـ ئىجىل.
ئانىمىز جۇڭگودۇر جانجان ۋەتەن،
بىز ئۈچۈن بۆشۈكتۇر تەڭرىتاغ، تەيشەن.
تارىمنىڭ،
خۇاڭخېنىڭ دولقۇنلىرىدىن
بىز ھالال، پاك ئانا سۈتىنى ئەمگەن.
جۇڭغارنىڭ ئويمىنى،
خۇەيخەي تۈزلىكى،
بىز ئۈسكەن يۇرت چەكسىز ئېكىنزار، گۈل-
شەن.
ئەجدادلار ياشىغان
بولۇشۇپ ھەمدەم،
ئوخشىماس كىيىملەر،
تاماقلار ھەتتا،
ئوخشىماس بىزدىكى ئۆرپ ـ ئادەت ھەم،
ئوخشىماس تىلىمىز سۆزلىشىدىغان،
ۋە لېكىن بىردەكتۇر بىزدىكى نىشان.
بار ئورتاق غايىمىز،
بار ئورتاق ئارمان،
گۈللىسۇن بۇ ئانا ۋەتەن دەيمىز دەم.
ھەر مىللەت تەڭ روناق تاپسۇن ئۇلغىيىپ،
كۈچەيسۇن ئېلىمىز، تاڭ قالسۇن جاھان،
ئۇيۇشۇپ گىگانت گاڭ ئادەمدەك مەھكەم.
ئۆزگىرىپ قالسىمۇ ھاۋا جۇت بولۇپ،
ئارىغا قىل سىغماس،
بىز ئىناق ھەردەم،
قوغدايمىز تەڭرىتاغ كەبى تىك تۇرۇپ،
ۋەتەننىڭ دەرياسى، تاغلىرىنى تەڭ.

1990 ـ يىل، ئاپرېل.

مۇھەممەت خېۋىر

## ئەبجەش چۇقانلار

### ئىشەنچ

رەسىدە قىزلاردەك چىلىلىدى شەپەق،
پاھ، ھەسەن ـ ھۈسەنمۇ سالدى پايانداز.
قارارگاھ ـــ ئۇيۇقمۇ شۇنچىلىك روشەن،
مۇكەممەل يۈز ئاچتى جىلۋىلىك ئوبراز.
تەبەسسۇم كۆتۈردى پەلەككە يەڭگىل،
گۈل بىلەن ياساندى شۇ ھامان ئەتراپ.
تۇمانلار مۆكۈشتى جىلغىلارغا جىم،
كۈن نۇرى كۆزلەردىن بارىدۇ تاراپ.

ئۈتكۈنچى بوياقلار سۇلاشتى، ئۆڭدى،
تويۇندى دالىلار ئېلىپ ئىسسىق رەڭ.
بۇلبۇللار تىلىدا يېشىل ناۋالار،
رومالنى قايرىدى ئىمكانىيەت كەڭ.

ئالدىمىز تاش ئىدى، ئارتقا قالدى قۇم،
قەدەملەر لەرزىدىن جىلغىدا نالە.
ياپراقلار شەبنەمنى تۆكتى ئېتەكلەپ،
زەمزەمگە ئۇلاشتى مىڭلاپ پىيالە.

جىلغىلار تاغ بولدى، چوققىلار جىلغا،
ئالۋۇنلار يوقالماس ئىمتىياز تاپتى.
تەنتەنە كۆزىگە ياماشتى ئويقۇ،
پەللىنى بىزگە كۆپ ئىمتىياز چاتتى.

## چۈشلەر

چۈكۈپتۇ نىگارىم تىرەن ئويقۇغا،
ياق، يۇلتۇز ئۈستىگە قاپتۇ ئارتىلىپ.
نەزەرى ئاتىدۇ دۆزىنى يەرگە،
قارىچۇقلار قالىدۇ يەرگە سانچىلىپ.
دېرىزە بوراندا كەتسە تاراقلاپ،
يۇلتۇزلار ئۈركۈشۈپ كېتەر يىراقلاپ.

قارا چۈش (يېپىشقان تېنىگە زۇلۇك)
زۇلۇكنىڭ جىسمىغا ئايلاندى جىسمى.
يىراقتىن (چۈشتىكى چۈشتىنمۇ يىراق)
ھاسىراپ، ھودۇقۇپ كېلىدۇ ئىسمى،
سۇبھىدىن ئۈركۈيدۇ، يىراقلايدۇ چۈش،
غۇۋالاپ بارىدۇ ۋەھىمە، چۈچۈش.

يەلكىسى زېمىننى يۇدۇپتۇ يەككىل،
قۇياشقا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى ئۇنى.
يەلكىدە ئويقۇغا چۈشۈپتۇ زېمىن،
چايقالسا چېچىلار زەرەت ئۇچقۇنى.
كىرپىكلەر ئۈستىدە ئوينايدۇ قۇياش،
ئويغان دەپ سۇ چاچار چاناقتىكى ياش.

ھەر چۈشتىن نىگارنى تارتىۋالغۇم بار،
يەنە بىر چۈش ئۇنى كېتەرمۇ تارتىپ؟
يۈرەرمۇ چۈشلەردىن چۈشلەرگە چېچىپ،
ھاسىلات يۈكىنى يەلكىگە ئارتىپ؟!

چۈشلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالايمۇ؟
چۈشلەرنى قولىدىن تارتىۋالايمۇ؟

## ئۈركۈگەن ئەسلىمىلەر

كەڭتاشا كۆلكىلىرىنىڭ ئەندىكتۈرۈپ،
دىلىمغا ئەندىشىلەر باشلاپ كىردى.
ئويغىنىپ ئەسلىمىلەر كۆلكە كۆرۈپ،
ئايانچلىق كۆزلىرىنى ياشلاپ كىردى.

يېقىملىق قۇچاقلىدى بىر مالامەت،
ئېچىشقان يەرلىرىمنى قاشلاپ كىردى،
كۆلمىسەك ئۇنتۇلاتتى ئۇ ئالامەت،
تالادا باھار ـ يازنى تاشلاپ كىردى.

ياغاچتەك كۆلكىلەرنىڭ نېمىتى شۇ:
قارلارنى سىڭدۈرۈۋەتتى چاچلىرىمغا.
ئىشقىلىپ ماڭا بەرگەن ھەممىتى شۇ:
كەلكۈنلەر بەخش ئەتتى ياشلىرىمغا.

بۇياقتا (بىلىپ قالدىم) ھېكمەت تولا،
كۆرۈنمەس زىنىقلاردا مۇز قاتقىنى،
ئەزەلدىن كۆلكە بىلەن ياندىش جۇلا،
سىرلىق ئىش كۆلكىنىڭ دەرد تارقاتقىنى.

مېھرىمنى ئۇششۇتكەن شۇ مۇز كۆلكىلەر
پۈۋلەپ ئىچ قىتىقنىمۇ دەپ ئۆگەتتى.
كۆلكىگە ھەمراھ ئىمىش شۇم تۇلكىلەر،
ئىشەنچنى شۇلار خەجلەپ يەپ تۈگەتتى...

## پەرۋىشنامە

نۇر بەردىڭ بىر زەررە، پەقەت بىر زەررە،
قۇياشنىڭ ئورنىدا ئەتتىڭ كۆپايە.
بېخىلغا قىلمايمەن تەلەپ بىر مەررە،
ساڭا ھېچ تەلىپىم كەتمىگەن زايە.

زىنىقىڭ كۆلگىگە يېقىنلاشتى خوپ،
كۆلكىدە ئويۇدۇم (تويغۇلۇق ھەيكەل)
بولدى بەس، تۇرمىساڭ دائىم مۇز تۆكۈپ،
بۇ جاھان ئەزەلدىن ئەمەس مۇكەممەل.

دوست دېدىڭ، لەپپىدە ئۆرلىدىم كۆككە،
ئالەمنى قولۇمغا تۇتقۇزغۇم كەلدى.
دوست دېگەن سادانى يەتكۈزۈپ كۆپكە،
يىگانە يۈرگەننى قۇتقۇزغۇم كەلدى.

سەن بىلەن ئارانلا مىنۇتلىرىم خۇش،
شۇ ماڭا يېتىدۇ، يېتىدۇ ئۇزاق.
ئەلبومىم بەتلىرى قالماس ھەرگىز بوش،
سوقماقلار تەمەدە قويالماس توزاق!

يامانلار سۆزلىرى توزغاقتەك يەڭگىل،
قۇلىقىم ئىزگۈلۈك سادىغا توشقان.
تىلەكلەر ئۇخلايدۇ خىرامان يەكدىل،
ياخشىلار تىلەكنى قاتارغا قوشقان.

نۇر بېرەي دېگىنىڭ ماڭا مىڭ ئاپتاپ،
كېچىلەر زۇلمىتى ئۆلىدۇ شۇئان.
ساقمۇ سەن دېسەڭلا كېتىدۇ بىتاپ،
ۋە كېسەل بولغانغا قىلمەن گۇمان.

مۇز دېسە سېنى گەر ئىشەندۈرەي دەپ،
كۆرىمەن ئۇلارنى مۇزلۇق قۇتۇپتا.
مەۋقەيىم تۇرغۇنلۇق بىلەن لەببالەپ،
مەن ئىشەنچ نۇرلىرى يىغىلغان نۇقتا.

توختامغا يېتىشتى كۆڭۈلدىكى گەپ،
مۇز دېمەك، بەرھەقكى قەبرىگە شەرھى.
قورقۇنچىم تارىيار كېڭەيگەندە سەپ،
كەڭ سەپتە ئەتىلەر، نەۋرىلەر شەرھى...

ئىشەنمە دېگەن سۆز ئىشەندۈرەلمەس،
چۈنكى مەن بۇرۇنلا ئىشىنىپ بولغان.
گۇگۇملار كۆپ ئۇزاق لەيلەپ يۈرەلمەس،
سۈبھى نۇر كىيەي دەپ يېشىنىپ بولغان.

چۈنكى مەن ياخشىنىڭ ياخشى ئوغلىمەن،
ھەتتا بىر دەقىقە گۇگۇم كۆرگۈم يوق.
قاماللاپ تۇت دېسەڭ تۇتاي چوغنى مەن،
بىر سېكۇنت سوغۇق مۇز ئۆزرە تۇرغۇم يوق.

چۈنكى مەن تۇغۇلغان، گۇگۇمدا قالغان،
قۇياشلىق جىلۋىنىڭ قەدرى زىيادە.
تۇمانلار باغدىن ئەپ چۆللەرگە سالغان،
يالىڭاياق سەرسان بوپ يۈرگەن پىيادە.

چۈنكى مەن تۆلكىلەر كەينىدىن مېڭىپ،
ياقامنى چىشلىگەن، تىرناق چىشلىگەن.
چۈنكى مەن غادىيىش چېڭىغا سىڭىپ،
يانتاقنى كۆچلىگەن، چاققاق كۆچلىگەن.

چۈنكى مەن خالايمەن ساڭا ئوخشاشلا،
خالىغان مەنزىلگە چاپسان يېتىشنى.
چۈنكى مەن خالايمەن ساڭا ئوخشاشلا،
تىرەن ۋە دىققەتلىك ئاياغ بېسىشنى!

پەرۋىشنى بوۋامدىن ئالغان ئۆگىنىپ،
پەرۋىشتە كەلگۈسى دېگەننى بوۋام.
شۇ سۆزگە بىگۇمان كەلدىم يۆگىنىپ،
ئاشۇ سۆز تارقىتىپ كەلمەكتە تۇمان....

ئابدۇكېرىم ئوسمان

## دىلدا ئاققان تىلسىم تۈيغۇلار

### تەبەسسۇم

1

سۆيگۈلۈك تۈيغۇلار ئۆركەشلىرىدە
بالقىيدۇ يېپيېڭى بىر ئۇلۇغۋار روھ!
ئالسەن زەررىدىن جاھان مېھرىنى،
بولمىسا ۋىجدانىڭ كەمتۈك ۋە مەجرۇھ.

ئەرشتە تاڭلاردىن دىلبەر تۈنگىچە،
ئۇپۇقتىن بىر چىمدىم تۇپراقچە تا؛
بەھەيۋەت تاغلاردىن بىر تاشقا قەدەر،
تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ مۇھەببەت گويا.

سىنچىلا روھىڭنىڭ رۇجەكلىرىدىن،
باھاردەك سۆيگۈدە باققىن
شۇندا سەن
ئايانچلىق زېمىنغا گۈلدەك چېچىلغان،
ئەڭ ئىسسىق، رەڭگارەڭ سۆيگۈ كۆرۈسەن!

باق سۈزۈك قەترىگە (ئېچىلار زېھىن)
كۆكتە بىر، يەر ئۆزرە مىڭ قۇياش پەيدا.
سېھىرلىك كۈي تۆكەر ھەربىر جىمىرلاش،
كۈي بولۇپ قۇيۇلار باغرىڭغا دۇنيا.

ئاھ، زەڭگەر جىرالار گۈزەل شۇقەدەر!
گۈپۈلدەپ مۇقەددەس سۆيگۈ پۇرايدۇ.
ھەتتا بىر داڭگالدىن گۈل ھىدى كېلەر،
ھەتتا بىر ياپراقتىن ناخشا تارايدۇ.

پەرىزات بېھىشنى چۈشىگەن كەبى،
سەن ئاشۇ چۈش ئارا كەتكەندەك ئېرىپ،
ئېرىيدۇ روھىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى،
ئېھ، شۇ چاغ ۋۇجۇدۇڭ ھاياجانلىنىپ.

تۇغۇلار بىر قۇياش چىرايلىق زىناق
ھاياسىز قىزارغان گۈلگۈن بېتىڭدە.
سىگەر كەڭ بوشلۇققا تەبەسسۇملىرىڭ
باغاشلاپ جاھاننى مۇھەببىتىڭدە.

تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ گۈل ساڭا ئالەم،
تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ سەندە بار سۆيگۈ.
تەبەسسۇم كۆچمىسە زىناقلىرىڭدىن،
روھىڭدا بىر دەريا نۇر ئاقار مەڭگۈ!

2

ھاياتنىڭ لەززىتى تەبەسسۇم دەيمەن،
پاكىزە بوۋاقلار كۆزلىرىگە باق.
قەرغىشى تولا يۇ يىغىسى تولا،
تەبەسسۇم ئەيلەيدۇ قارىچۇقى بىراق.

شۇ قەدەر كۆيدۈرگۈچ، شۇقەدەر پۈتمەس،
بىر تالاي ئەسىرگە يېتەر بىمالال.
بىزدىكى تەبەسسۇم كۈننىڭ ئۆمرىچە،
پەخىرلەن!
كۈن قاچان تاپقانتى زاۋال؟

بوۋاقلىق كۆزلىرىم تىنىق ھېلىمۇ،
ھە، تېخى يىلسېرى چاقنايدۇ روشەن.
چاقناشلار جىسمىمغا قۇيدى تەبەسسۇم،
يەر باقتى پىژغىرىدم مۇھەببەت بىلەن.

ياسالما ئاچچىقلار، ساختا نالەشلەر،
بىھۇدە ئاھ ئۇرۇش، سۆرۈن مۇز تەلەت.
ئاغدى ساپ سۆيگۈگە،
ئاغدۇردى ئۇنى
مەندىكى مۇقەددەس تەبەسسۇم پەقەت.

باقىمەن رەستىگە (كۆلكىدەك ئاۋات)،
يۈيۈنار كۆلكەمدە بەھىساپ چىراي؛
كېلىمەن شەپىسىز ئوت باشلاپ خۇددى،
ئوت - ئاتەش بولىدۇ ۋۇجۇدلار، ئاي - هاي!

تەبەسسۇم ئاشكارە زىناقلىرىمدا،
گاھ پىنھان تەبەسسۇم كۆزلىرىم ئارا،
شورىغىنى خالساڭ (ساپ بولغىن بىراق)
خالساڭ تەبەسسۇم مەنبىئىنى سورا.

قىسىلماي، هودۇقماي بېرىمەن جاۋاب،
تەبەسسۇم ئەۋۋەلەن ئۆزۈڭدە، دەيمەن.
سۆيگۈلۈك ھېسلىرىڭ تۇغسۇن يېڭى روھ،
باق يەرگە باللىق كۆزۈڭدە، دەيمەن.

ھە، شۇندا ئەركىنسەن، بولمايسەن غەلەت،
ھە، شۇندا ئۆزۈڭنى ئەرشتە دەيسەن.
بەستىڭدىن چىپىلداپ كۆلكە تامىدۇ،
نەئىنسان، ئۆزۈڭنى پەرىشتە دەيسەن.

تەبەسسۇم سېھرىگەر، غالىپ شۇقەدەر!
تەبەسسۇم ھاياتقا بېزەك، جەۋھەر، قۇت.
تەبەسسۇم نۇرىدا يۈيۈلسا دىللار،
يېپيېڭى بىر دۇنيا بولار تەۋەللۇت!

3

دەۋرنىڭ تومۇرى توختىغان قاچان؟
سۆيگۈدىن داجىماس ھايات كارۋىنى.
تاڭلاردەك تەبەسسۇم نۇرىدا ئايان
ئىنسانىي مۇھەببەت، دەۋر ئارمىنى.

مىليونلاپ يۈرەكنىڭ تېۋىشلىرىدا
ئەمىنلىك، مۇھەببەت، دوستلۇق زىكرىسى.
يەتكۈزەر شۇلارغا پۈتۈن، بىنۇقسان،
تەبەسسۇم نۇرىنىڭ ئىسسىق جىلۋىسى.

يەتكۈزەر تەبەسسۇم ئېزگۈ سىرلارنى،
دىللاردىن دىللارغا ئۇلاپ ئوت، رىشتە.
تەبەسسۇم بىر كۈچكى (دەۋران تەقەززا)
مۇرادقا ھامىيدۇر ئۇلۇغ يۈرۈشتە.

قۇيۇلسۇن تەبەسسۇم تۈمەن زىناقتىن،
ئۆتۈشسۇن ھارارەت ئادەملەر ئارا.
باق كۆزلەر، كۆتمەكتە بىزنى يىراقتىن
كۆلكىدە جۇش ئۇرغان
تەشۋىشسىز دۇنيا!

### ئەقىدە ھەققىدە تەمسىل

يۈرەكلەرنىڭ ساپ قېنى ئاققان
ئەجەپ قايناق بۇ تونۇش كوچا.
بىر ھەۋەسنى مىڭ دىلغا ياققان
ئۇنىڭدىكى ھەر جان ھەر ئەسنا.

شۇ كوچىدا باققىن ۋارقىراپ،
بار ئاۋازدا ۋارقىرا:
ئەمما
سادالىرىڭ كېتەر تېز يوقاپ،
مەۋجۇتلۇقۇڭ ئۇنتۇلار ھەتتا.

گەر توۋلساڭ گۈزەل پەرىشتەم،
خىلۋەت سەھرا، تىپتىنچ دالادا؛
كۆز ئۇڭۇڭدا تەۋرەيدۇ شۇدەم
يەر - ئاسمان
ئەكس سادادا....

### چۈش ناخشىسى

بەس، مۇلايىم، ياپياش تۇيغۇلار،
ئۇندىمىگىن چۈش ۋە ئىلھامغا.
ئويلىغانچە ھەسرىتىم ئارتار،
چۈشمۇ كەچمىش ياكى بۇ دۇنيا؟!

ئەمەس ساپ چۈش كۆلەڭگىسى،
ياق،
ئويغاق، ئىسسىق، رەڭگارەڭ هايات،
ياسالمىسام ئوڭۇمدا قولۋاق،
سۈزەلمىسەم روھىمنى ئويات!

بەس، مۇلايىم، ياپيېشىل تويغۇلار،
ئۇندىمىگەن چۈش ئىلماىدىغا.
بەس ئۇندىمە!
مەن كىرەي بىدار،
مۇشكۇل هايات ئىمتىھانىغا!

## سەھرا نەزمىسى

1

يېشىللىق، ئىمتاسلىق شۇقەدەر راھەت،
بىر سېھرىي سۆيگۈدە ئېرىيدۇ ھېسلار.
غېرىچلاپ كېتىمەن خىياللىرىمدا،
ئۇپۇقتا لەۋ ياققان ئېكىننى تەكرار.

بىتىنىم شامالار سالىدۇ غۇلغۇي،
يەر ھىدى سىڭىدۇ تېنىمگە گويا.
باللىق چۈشلەرگە بولغاندەك ئەسرار،
ئوينالار كۆكسۈمدە مۇشتۇمدەك دۇنيا.

جەنۇبنىڭ توغاچ يۈز سەھرا قىزىدەك،
جىلمايغان قۇياشتا ئىللىق بىر چاقناش،
پەردازسىز بوغداينۆڭ چېھرىگە ئوخشار،
نۇر ئارا تاۋلانغان يەر - ئۇپۇق تۇتاش.

تولغىنىپ ئۆزۈشكەن ئاقۇش ئىس - مانان
ساپ دېھقان ھېسىنىڭ يېپەك تېلىمۇ؟
مۇقەددەس سادىدا كۆي سەھرا كۆكىدە
كۆيلەيدۇ مىڭ يىللىق يەرنى ھېلىمۇ.

ئۆزگىچە چىرايلىق بۇندىكى ھەممە،
باشقىچە سۆيۈملۈك سەھرا تاڭلىرى،
باشقىچە يېقىنلىق تۇيغۇسى بېرەر
دېھقان ئەگىلىدىكى يەر تۇزانلىرى....

ئاشۇنداق تۇغۇلار سۆيىمى بىلەن تەڭ،
دىلىدىكى يېڭى ھېس، سادا مۇھەببەت.
بۇ دېمەك قەلبتە ئاتقان يېڭى تاڭ،
بۇ دېمەك لەززەتلىك باشلىنىش پەقەت.

2

چىڭقى چۈش، پىژغىرىم ئاپتاپ تەپتىگە
ئەمەستۇر تەبىئەت بىر ئۆزى باقى.
كۆيمىدى يۈرىكىم ئىسسىقتىن، ياق - ياق!
كۆيدۇردى دان ئەككەن دېھقان نىگاھى.

مېھرىنىڭ قاراشلار، ئىللىق چىرايلار،
ئەبىدى ئۇنتۇلماس يالقۇنلۇق سالام،
تەبىئي تەكەللۇپ ... بۇلار ھەممىسى،
ئوت يېقىپ ئۆتىدۇ يۈرەككە تامام!

قىسىنىش، تارتىنىش يوق مەنچە،
روھىم
باھار قۇشلىرىدەك ئازادە بۇدەم.
مېھمانىمەن (نە مېھمان، بىر تۇغقان ئەزىز)
نېمىتىم — يېقىنلىق زىيادە بۇدەم.

سىنچايدا يۈز ئاچار تونۇش مەنزىرە:
سۆڭگۈچتىن شىرىلداپ ئاققان ئېقىنلار؛
كېسىشكەن تال - تال نۇر سۇ بېتىدە تىنچ،
ياسالغان ئېقىندا گويىكى زىلتار....

نىمانچە زىل، سەزگۈر سەھرا ئۆسمۈرى!
دۇغ قىلدى ھىجىردا،
ئېيتتى ھەم: ئاكا،
ھىجىرغۇ قوپاللراق، سىركايغا يەتمەس،
ياسالغان ئۇ لېكىن بىزنىڭ توپىدا...

شۇنچىلىك قىسقا سۆز، شۇنچىلىك ساددا،
ئېمىدەر ئۇ شۇتاپ
چۈشەندىم تۇگەل.
ئاپئاق دۆغ تەكتىدىن كۆرۈندى گويا
قىي - چۇۋۇلۇق ئايدىڭ كەچ، ئاق ئاي
شۇ مەھەل:

ئاھ، مۇنۇ قومىلاق كۆز، قىزىققاق ئۆسمۈر،
قىسىلىپ سۆڭگۈچتىن ئۆمىلەر ئاستا.
— ھە، قېنى؟
— تۇت يۈگۈر!
ئەنە - ئەنە!— دەپ،
قوغلايدۇ ئارقىدىن بىرمۇنچە بالا.

ئويۇنچى كۆزلەردە ئايدەك جىمىرلاش،
ئاي تۇغقان بۇ كېچە كۆمۈشتەك سەھرا.
باللار قەلبىنىڭ نازۇك سۆيگۈسى
سىڭمىدۇ ئاي نۇرى بىلەن دالىغا....

— راست دەيسەن شاكىچىك،
ئەمما ئۇقمايسەن —
دۆغ ئىچىپ تۇرۇپمۇ تەرلىگىنىمنى.
گەپ تەشتىڭ سەن ئاۋۋال،
سورىساڭ دەيتتىم:
دۆغ قانداق سەگىتىسۇن كۆيگەن دىلىمنى؟

بۇندا ئوت چىــــمدىم يەر، ئوت ھەربىر
نىگاھ،
ئوت تۇرغان - پۈتكىنى سەھرانىڭ تاكى.
چىڭقى چۈش، پېژغىرىم ئاپتاپ تەپتىگە
ئەمەسكەن تەبىئەت بىر ئۆزى باقىي!

3

سەھرانىڭ دىلرەبا ئاخشاملىرىدا،
سىز سالقىن شامالدا يۈرگەنمىدىڭىز؟
ئاسايىش چۆمگەن زېمىن توغرىدا
ئاجايىپ خىياللار سۈرگەنمىڭىز؟

ئاھ، شۇنداق كېچىلەر زەپ سۆيۈملۈك-ھە؟
شەبنەملىك ياپراقتا يۇلتۇز كۈلىدۇ.
ئوڭ - سولدا سايرىسا ئېگىز قۇشقىچى،
كۆڭۈلدىن نى گۈزەل ئىستەك كېچىدۇ!

بوم - قوپال دېمەيسىز يىراق - يىراقتىن
سۇچىلار ناخشىسى كەلگەندە ئۇچۇپ.
چۈنكى سىز ئاڭلىغان ئاشۇ ناخشىلار
سەھرانىڭ مېھرىنى كېلىدۇ قۇچۇپ.

كۈمۈتا ئويۇنى تېخى بىر قىزىق؛
قورۇيسىز ... دەم ئۆتمەي قالىسىز كۆنۈپ.
ئەسلەڭ بۇ ھالەتنى، تۇرمامدۇ ئۇندا
باللىق قىزىقى روشەن كۆرۈنۈپ:

قىچىقلار ئانىنىڭ ئىسسىق بارمىقى
گاھ قولتۇق، يانپاشنى، گاھ گالنى ھامان.
تىپچەكلەپ كېتىمىز قۇچاقلىرىدا
كۈلكىدىن ۋىلىقلاپ، تېلىقىپ شۇئان ...

نەقەدەر ئوخشىشار بۇ ئىككى ھالەت!
ئىلھامغا باي شۇنچە بۇ سەھرا دېگەن.
ئاشۇنداق ھېس بېرەر سىلەرگە شائىر،
سېھىرلەپ تەسەۋۋۇر ئالقىنى بىلەن.

## دادام يازغان شېئىر

— بىر شائىرغا تەقلىد

مەن سۆيىمەن سېنى، شۇ سەۋەب
سەن بۇ قەدەر گۈزەل، دىلرەبا.

زوقى بىلەن ساڭا يىراقتىن
ئۆزگىلەرمۇ بېقىشار قىيا.

مەن سۆيىمەن سېنى، شۇ سەۋەب
داجىمايدۇ ياشلىقىمىڭ زىنھار.
ماڭلىيىمگدا يوق بىر تال ئاق چاچ،
زەپ سۆزۈك ئۇ تونۇش چاناقلار.

مەن سۆيىمەن سېنى، شۇ سەۋەب
سەن بۇ قەدەر گۈزەل، كۈنگە تەڭ
لېكىن ئەسلا كۆرەڭلىمە، ياق!
كۆرسەتمە ھەم ھىيلە - يۇ، نەيرەڭ.

غايىپ بولسا سۆيگۈم مۇبادا،
سەن قەلبىمدىن يەكلەنسەڭ ئەگەر؛
راست كېتەرسەن قېرىپ، ئۆزگىرىپ
بەتبەشرە بولۇپ شۇقەدەر!

## ماۋزۇسىز

قەلبىمنى ئوپئوچۇق قىلسام نامايان،
ئىچىمنى ئاغرىتماس بىلىپ بىر ئىنسان.
ھەيرانمۇ بولمايدۇ ھېچكىم، ھېچ ئەسنا،
ئاقسا دىل يارامدىن ئىسسىق قىزىل قان.

مۇھەببەت نەقەدەر قىزغىن، ئەسەبىي!
تاتلايدۇ قەلبىمنى چوڭقۇر دەرد - پىغان.

كۈنلەر كارۋىنىدا قوڭغۇراق كەبى
سوقىدۇ ياش يۈرەك ئىزدەپ بىر غەمخان.

## ئەسلەش

ناھايەت، ئايرىلدۇق سىلىق - سىپايە،
تىلەندى ئاداققى ياخشى تىلەكلەر.
كەتتۇق

(ھەر ئىككىمىز مەغرۇر، بىچارە)
قايرىلماي، قارىماي يۈتكەنگە قەدەر.
.........
ئەسلىدىم ئۇنتۇي دەپ كېچىلەر بىدار،
چۈشۈمدە شۇندا كۆپ بولدۇڭ نامايان؛
چۈشۈمدە يوللارنى باستىم بىر تالاي،
سۆزلىدىم شۇنچە كۆپ، شۇنچە خىرامان،

ئېھ، سۆيدۈم سايەڭنى،

قالمىغىچە تا
مۇبارەك جىسمىڭدىن ئىزنا - يۇ — ئەسەر؛
بىلسەڭ، ئۇ سايەڭنىڭ سايىسى، رەنا،
يېڭى بىر ھاياتتىن بەرگۈچى خەۋەر.

ئۇ سايە سايەڭنىڭ سايىسى جانان،
سايەڭدىن يۈز ھەسسە زور ئۇ ھامانە.
بىلسەڭ، ئۇ، كەلگۈسى تۇغۇلىدىغان
قۇياشلىق، بەختىيار كۈندىكى سايە!

مەھەممەتجان راشىدىن

# «شۇم ئېغىز»

(ھېكايە)

بىزنىڭ يېزىمىزنىڭ ئادەملىرىگە ھەيرانـ
مەن. مەن يېزىمىزنى تەرەققىي قىلمىدى
دەي دېسەم، كۆك ئىشىك، كۆركەم پىشايـ
ۋانلىق ئۆيلەر يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ ئالغۇلار ئەمدى يېڭى نەرسە ئەمەس،
ھەتتا موتسىكلىت مىنىپ يۈرگەنلەرمۇ
بار. تېلېۋىزورمۇ كۆپىيىپ قالغاچقا، ھاـ
زىر ماخۇلۇق دەيدىغان باي خۇيزۇنىڭ ھويـ
لىسىغا ھېچكىممۇ ئۇن تىيىنىدىن پۇل تۆـ
لەپ تېلېۋىزور كۆرگىلى كىرمەيدىغان بولـ
دى، ئەلنىڭ ئۇچىسىدىمۇ يامان ئەمەس
كىيىم ـ كېچەك. تەرەققىي قىلدى دەي دېـ
سەم، بەزى ئادەملىرىنىڭ قىلىپ يۈرگەن
قىلىقلىرى خۇراپاتلىقتا خۇددى ئوتتۇرا
ئەسىر ئادەملىرىدىنمۇ بەتتەر. بەزىلىرى
كىشىگە گويا زامان تەرەققىي قىلغانچە كەيـ
نىگە چېكىنىپ كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلىدۇ،
شۇڭا شەھەردىن ھەر قېتىم چىقسام، بىر
تالاي قاينايمەن. مانا بۈگۈنمۇ قوشنىمىز
قاسىمكامنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى قوش قارىـ
ياغاچنىڭ يېنىدا يەنە قايناپ قالدىم، يېـ
نىمغا يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
مېنىڭ تەگتۇش دېھقان بۇرادەرلىرىم ئىدى،
ئۇلار مېنىڭ يېڭى ـ يېڭى گەپلىرىمگە خۇشـ
تار بولغان بىلەن يېزىنىڭ بەزى قالاقلىقـ
لىرى، ئېگى تۆۋەن ئادەملەر ھەققىدىكى



سۆكۈشلىرىمىنمۇ سۈكۈت ئىچىدە ئاڭلايتتى.
خالىقكامنىڭ ئون ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئۆگـ
زىدە توك سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ قالغاندا، ئاۋۋال
ئەتراپنى تۈزۈككىنە ئىزدەپ باقماي «ۋاي،
جىن ئەپقېچىپ كېتىپتۇ!» دەپ چوقان
سېلىپ، قىزىلبۇلاق دېگەن كونا خارابىلىقـ
قا ئالتە ئادەمنى ئاتلىق چاپتۇرۇپ ۋە ئاخـ
تامدىكى باخشى خوتۇنغا چاچراتقۇ سالدۇـ
رۇشقا ئىككى ئادەم ئەۋەتىپ، ئۈچ كۈن
ئاۋارە بولغانلىقى، بالانىڭ ئانىسىنىڭ بىر
كۆزى ئاغرىپ قالغاندا، موللىغا ئوقۇتىمىز
دەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇپ، خەتەر ئىككىنـ
چى كۆزىگە سىلجىغاندا دوختۇرغا ئەكىرىپ
شۇ ھامان قۇتقۇزۇپ قېلىنغانلىقى قاتارلىق
ھەم كۈلكىلىك، ھەم ئەپسۇسلۇق ۋەقەلەر
مېنىڭ مەسخىرىلىك تىلىم بىلەن تەكرارلانـ
غاندا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نومۇستىن ئازابـ
لىناتتى، بەزىلىرى ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭـ

گەندىن چۈشمەي، مېنىڭدىن ئاغرىنىپمۇ قا-
لاتتى، بەزىلىرى ئانچە-مۇنچە گەپ تال-
شىپ، پاراڭنى قىزىتىپمۇ قوياتتى.

قوش قارىياغاچ يېنىدىكى گەپلەر قىزىپ بىر يەرگە بارغاندا، يېنىمىزغا يېشى ئاتمىشتىن ھالقىپ قالغان تۇرسۇن سوپى كېلىپ قالدى، پۇت-قولىنىڭ تېخى ماغدىرى كەتمىگەن، دوغىلاق گەۋدىلىك، دۈگىلەك يۈزلۈك، بىر كۆزى سەل قىسقىراق كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆز چىرايىدەك سېرىقراق چاچ-ساقاللىرىغىمۇ ئاق كىرمەگەنىدى، تۇرسۇن سوپىنىڭ مەھەللىمىز مەسچىتىنىڭ مۆتىۋەللىكىدىن باشقا، چوڭراق جامائەت خىزمىتى بولمىسىمۇ، بىر تۇتام سارغۇچ ساقىلىنىڭ بىسەرەمجان تۇرۇشىدىن ئۇنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنىمۇ قىياس قىلىشقا بولاتتى. ئۇ ئۇچىسىغا دائىم دېگۈدەك ئۇزۇن خالات، ئېغى كەڭ ئىشتان كىيىپ يۈرەتتى، بېشىدا بولسا كونا قۇلاقچىسى بىلەن دۈگىلەك قارا دوپپىسى نۆۋەت بىلەن دېگۈدەك ئالمىشىپ تۇراتتى، ئۇدۇل سۆزلۈك، چۈس مىجەزلىك، قوپال تەبىئەتلىك بۇ كىشى ماڭا ئوخشاشلار بىلەن ئىنتايىن سۈس كۆرۈشەتتى. ئۇ خۇراپاتلىقنىڭ بۇ يەردىكى تەرسا ۋەكىلى بولۇپ، مېنىڭ بايىقى بۇرادەرلىرىم چوڭلار ئارىسىدىكى مانا مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن ياشايتتى، ئۇلارنىڭ قەۋمىگە تائىپ، تەسىرىگە ئەسىر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ مۇنداق ئىسكەنجىدە بولۇشىغا قارىماي، مەن ئۇلارغا يەنە دەيدىغانىنى دەۋېرەتتىم، بىراق، تۇرسۇن سوپىنىڭ ئالدىدا ئەھۋال باشقىچە ئىدى.

تۇرسۇن سوپى مەن بىلەن قولىنىڭ ئۇچىدىلا كۆرۈشۈپ قويدى، بىز ئۇنى ئىككى يېقىنى قارىياغاچلارغا تىركەپ ياسىغان تاختاي ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدۇق، مەن بۇ ئادەم بىلەن خوشۇم يوقلۇقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتىم، بىزنىڭ كېكىردەك سىقىشىپ باقماي تۇرۇپ، رەقىبلەرگە ئايلىنىپ كېتىشىمىز ئىككىمىزنىڭ يېڭى، كونا ئىككى قورغاندىن چىقىپ قالغانلىقىمىزدا ئىدى، ئۇ ئىلىم-پەن توغرىسىدىكى گەپلەرگە پەقەتلا ئىشەنمەيتتى، تەدبىرنى ئەمەس، تەقدىرنىلا سۆزلەيتتى. ئادەملەر ئايغا چىقىپتۇ، دېگەنلەرنىڭ ئاغزىغا ئۇرغۇسى كېلەتتى، ماڭا ئوخشاش ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن ئىچى پۇشقانلارنى كۆرسە، قۇيقا چېچى تىك تۇراتتى. ئەتىمالىم، بايا ئۇ بۇ يەردە بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرنىڭ باش-ئۇچىنى ئاڭلاپ قالدى بولغاي، كېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا ماڭا تەگكىلى باشلىدى:

— ھە، يەنە ئۆز مەھەللەڭنى مەسخىرە قىلغىلى تۇرۇپسەن-دە، قىشلاقلىقلار يامان بولسا، بۇ ياققا دەسسىمەيلا قويساڭمۇ بولىدۇ.

— ياق، — دېدىم مەن ھازىرلا بولۇپ ئۆتكەن گەپلەرنى تەكرارلاپ، — تۈنۈگۈن تاشيولدىن قايرىلىپ كېلىۋېتىپ، دۆڭدىكى سېغىزلىققا دىققىتىم چۈشۈپ قالدى، مەھەللىدىكىلەر توپا ئالىمىز، دەپ ئۆڭكۈر قىلىپ كولاپ كىرىپ كېتىشىۋېرىپتۇ، كوزا كۈندە سۇنمايدۇ كۈندە، دەپ، گۇپپىدە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، بىرىنى بېسىۋالىدىغان ھادىسە ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمەپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۈستىنى ئۇدۇللۇق ئۆرۈپ چۈشۈرۈۋەتسە....

— خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئۇ، — دېدى تۇرسۇن سوپى مېنىڭ گېپىمنىڭ بېشىغا قېقىپ، — بىرىنى بېسىۋالسا، مۇشۇ كەمگىچە بېسىۋالمامتى؟ ئەمدى شۇنىڭدىن ئۆۋەن تاپقۇڭ كېلىپ قاپتۇ-دە.

مەن نىمە دېيەرىمنى بىلمەي قالـ
دىم، ئەمەلىيەتتىمۇ تۇرسۇن سوپى ئۇچۇن
ئىككىنچى سۆز ئارتۇقلـۇق قىلاتتى، ئۇنىڭ
ئۇستىگە بىزنىڭ «قىشلاق» دەپ ئاتىلىدىـ
غان بۇ يېزىدا سېغىزلىقتىكىدەك ئىشلار تې
خى ئاز دەمسىز؟ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى دېهـ
قانچىلىق ئۇسۇللىرىدا ئەزەلدىنلا زىرائەتكە
ئوغۇت تۆكۈدىغان ئادەت يـوق ئىدى، قىـ
شىچە مـالـنىڭ ئايىغىدىن چىقـقان قىغنى
ئەتىيازدا ئەپچىقىپ سايدىن تۆۋەنگە تـۆ
كـۈۋېتەتتى، ياكى ئەخلەت ئورنىدا ئىشلىك
ئالدى، هويلا - ئارامدىكى ئازگاللارنى تىنـ
دۇرۇۋېتەتتى. راست، بۇنىڭمۇ ئازراق تارىـ
خىي سەۋەبى بـار، مەسىلەن، ئۇلار قىرىق
نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر سـايدىكى تاغ
سۈيىنى ئۆزلىرى چاپقان قەدىمىي بىر ئەگـ
رى - تـوقاي ئۆستەڭ بىلەن يېزىنىڭ تـۆ
ۋىنىگە ئەپچىقىپ، 20 — 30 يىل تاشلانغان
مۇنبەت بوز يەرلەرنى هەريىلى يۆتكەپ تېـ
رىيتتى. يەر كۈچلۈك، ئارىلىق يىراق بولـ
غاچقا، ئوغۇت تۆكۈش ئادەت قىلىنمىغانىدى.
هازىرچۇ؟ هازىرقى ئەهۋال پۈتۈنلەي باشـ
قىچە بولۇپ كەتتى، نوپۇس نەچچە هەسسە
كۆپەيدى، ئەمما سۇ كۆپەيگىنى يوق. ئەكـ
سىچە، ئىقلىم قۇرغاقچىلىققا يۈزلىنىپ، تاغـ
لارغا قار قېلىن چۈشمىگەچكە، ساينىڭ سۈـ
يىمۇ يىلسېرى تارتىلىپ كەتتى. نەتىجىدە
يىراق ئېتىزلارغا سۇ يېتىشمەي، مەهەللە
ئەتراپى تېرىلىدىغان بولـدى. ئەپسـۇسكى،
مەهەللە ئەتراپى ئۇنۇمسىز، ياغاق تېرىدەك
بولۇپ كەتكەن يەرلەر بولۇپ، پەقەت ئوـ
غۇتنىڭ كۈچى بىلەنلا ئاز - تولا مەهسـۇ
لات بېرەتتى. مانا شۇنداق تۇرۇقلـۇقمـۇ
ئۇلار تېخىچىلا ئوغۇتقا ئادەتلەنمەي، يەـ
نىلا، خۇدا، ئاسماندىن يامغۇرنى، باشتىن
سۇنى ئايىما! دەپ تىلەيتتى، بۇلار نەچچە
ئون يىللار ئىلگىرى تېرىپ يۈرگەن يەرلىرىـ
نىڭ پەقەت سۇغىلا قانسا، هوسۇلىنى ئايىـ
مايدىغان تەبىئىي ئۇنۇمدارلىقىغا ئاساسەن
ئىككى ئاددىي جۈملىگە يىغىنچاقلانغان، هەر
يىل باهاردا كۆپرەك تەكرارلىنىدىغان تىـ
لەكلەر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «باشتىن» دېگـ
نى سۇ بېشى — تاغنى كۆرسىتەتتى، ئەمـما
مەهەلـلە ئەتـراپىدىكى مۇقىم ئېتىزلارنىڭ
ئىشى سۇ بىلەنلا هەل بولمايتتى.
كېيىنكى يىللاردا تۇرمۇش كەچۈرۈش
قىيىنلاشقانسېرى ئۇلار يۇقىرى مەكتەپلەرنى
پۈتتۈرگەن باللىرىنى يانلىرىغا يىغىۋالىدىغان
بولۇشتى. بىر ئۆستەڭ سۇغا قاراشلىق نوـ
پۇسنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقىنى، بولۇپمۇ بـاـ
لىلىرى ئوقۇغان كەسپىنىڭ بۇ يەردە لازىمـ
لىقى بار - يوقى بىلەن قىلچە هېسابـلاشـ
مايتتى. ئەيتاۋۇر ئىش هەققى ئېلىپ تۇرـ
سىلا بولاتتى، بۇنداق بـالىلارنىڭ ئىچىدە
قىزلار كەمدىن كەم ئىدى، چـۈنكى قىزلىـ
رىنى ئۇلار ئاسانلىقچە ئوقۇشقا ئەۋەتمەيتـ
تى. سەۋەبىنى سورىساڭ: قىزلار ئوقۇپ
نەگە بارىدۇ؟ دەپ ئۆزۈڭگە سوئال قويۇـ
شىدۇ. بىر يولنى ئون قېتىم مېڭىپ يـۈـ
رۈپ، بـايىقىدەك پەرزەنتلىرىنى قىشـلاققا
ئەكىلىۋالىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىـ
سىدىمۇ بار ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ بۇ قىشـ
لاقتىكى تۇراخۇنكامنىڭ تىببىي شۆبىۋەنىنى
پۈتتۈرگەن ئوغلى دوختـۇرخـانىدا شـتات
ئېشىپ كەتكەنلىكتىن ئوتـتـۇرا مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچىلىق قىلسا، جامالكامنىڭ قاتناش
مەكتىپىنى تۈگەتكەن قىزى ئاشلىق پـونـ
كىتىدا كاسسىرلىق قىلىۋاتىدۇ؛ تۇل خوتۇن
تۇرسۇنخان هەدەمنىڭ يېزا ئىگىلىك شۆـ
بىۋەنىنى پۈتتۈرگەن قىزى يېزىلىق هۆكۈـ

مەتتە پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىدىن ئۇس-
تەل تۇتتى. گەپنىڭ بولىدىغان يېرىنى قىل-
ساق، ئۇلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى ھالىلىرىغا مۇن-
داق يىغىۋېلىشنى بالىلىرىنىڭ تۆت تەڭگىب-
سىگە شېرىك بولۇش دېمەي مۇمكىن ئەمەس.
ئەمما ئۇلار نەۋرىلىرىنى نېمىشقا ئويلاش-
مايدۇ؟ بۇ، نادانلىقتىن، يىراقنى
كۆرەلمەسلىكتىن ئەمەسمۇ؟

خۇسۇسەن، جاھان ئوڭشالغاندىن كې-
يىن، بىزنىڭ قىشلاقتا يامراپ كەتكەن
نەرسىلەرنىڭ بىرى خۇراپاتلىق بولدى،
كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئوڭشاشقا كىرىشىش نە-
تىجىسىدە يۇقىرىقى قىشلاق بىلەن تۆۋەنكى
قىشلاق ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتا ئۆي چۈ-
شۈپ، ئىككى چوڭ مەھەللە تۇتاشتۇرۇلغان-
دىن كېيىن، ھە-ھۇ بىلەن بىر مەسچىت
سېلىندى، لېكىن، ھېچكىم مەكتەپنى ئوي-
لاشمىدى. خۇداگويلۇق كۈلدىن-كۈنگە
ئەۋج ئېلىپ، ئادەتتە بەش ۋاخ نامازنى
چىرايلىق ئوقۇپ، روزا-رامزاننى ئۆز يو-
لىدا تۇتۇۋالىدىغان نورمال ئىشلار ئېتىقاد-
نى ئىپادە قىلىشنىڭ تولىمۇ ئاددىي ۋە
باشلانغۇچ شەكلى ھېسابلاندى، تۇرسۇن
سوپىغا ئوخشاشلار ھەر بامداتتىن يېنىپ
ئۆيمۇئۆي كىرىپ، مەسچىتكە چىقمىغان-
لارنى سۈرۈشتۈرىدىغان، قاملاشمىغان پەت-
ۋالارنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق سۆزلەيدىغان
بولدى، بۇغا مۈڭگۈزىنى جانىۋارنىڭ تىرىكى-
دە كېسىۋېلىپ سېتىش كەچۈرۈپ بولمايدى-
غان گۇناھ بولىدۇ! دەپ، بىزنىڭ مەھەللى-
دىكى قۇربان تراكتورچىنىڭ ئەمدىلا ئەكىلىپ
بېقىشقا باشلىغان ئىككى بۇغا موزيىنى
بىر ھەپتە ئىچىدە كۆزدىن يوقاتقۇزدى، ئۆل-
گۈچىنىڭ كەينىدىن يىغلاش كېرەكمۇ-يوق؟
ھازىدارلارغا ئاق باغلاش زۆرۈرمۇ-زۆرۈر
ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەردە ئۆزلىرىمۇ
بىر پىكىرگە كېلەلمەي، جىق ئاۋارە بو-
لۇشتى. بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئاجايىپ
«يېڭىلىق» لارنى كىشىلەرگە كۆچەپ تاڭ-
ھالارنىڭ ئاتامانلىرى يەنە شۇ تۇرسۇن
سوپىلار ئىدى.

ئۇلار يەنە نېمىلەرنى قىلىش لازىم-
لىقىنى ئويلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ھاراق
ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈردى. بۇ بېشى
ھەيۋەتلىك، ئايىغى كۈلكىلىك بىر ئىش
بولدى. بىر ئەتىگىنى ئالدىن خەۋەرلىشىپ
يۈرۈپ، بەش مەسچىتنىڭ ئوتتۇز-قىرىقتەك
«قەيسەرلىرى» يېزىلىق تەمىنات-سودا كو-
پىراتىپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ «بىزنىڭ قىش-
لاقتا بۈگۈندىن ئېتىبارەن ھاراق ساتقۇز-
مايمىز، شەخسىي دوكانلارنى بىز تىزگىنلەي-
مىز، ھۆكۈمەت دۇكانلىرىغا سىلەر چەك
قويۇڭلار...!» دەپ چۇقان سېلىشتى. ئۇلار
بۇ ئارقىلىق قىشلاق تەلتۆكۈس دىنىي
يولغا ماڭىدۇ، ئەتىدىن باشلاپ ھەممىسى
دۈكۈرۈشۈپ مەسچىتكە كىرىدۇ، دەپ ئوي-
لاشقانىدى. ئىشنىڭ ئاخىرى ئۇلار ئوي-
لىغاندەك بولمىدى. بىرىنچىدىن، كوپېراتىپ
باشلىقلىرى بۇنى دۆلەتنىڭ سودا ئوبوروتى
نۇقتىسىدىن چۈشەندۈردى، ئىچىش-ئىچ-
مەسلىكنىڭمۇ پۇقرالارنىڭ ئۆز ئىختىيارىدى-
كى ئىش ئىكەنلىكىنى شەرھلىدى؛ ئىككىن-
چىدىن، گەرچە شەخسىي دۇكاندارلارنىڭ بە-
زىلىرى شۇ كۈندىن تارتىپلا دۇكانغا ھا-
راق سالماسلىققا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ،
ئەمما بەزىلىرى «بۇلارنىڭ ئىشى ھاراق
بىلەنلا بولۇپ قالدىمۇ، خەقنىڭ ھارىقىنى
يىغقۇچە، ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى يىغ-
سىچۇ!» دېيىشتى. بەزىلىرى ئىسيان كۆ-
تۈرگەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنى كېكەچلىتىپ قوي-

ەی، يەنى بىزگە بېسىم ئىشلەتكىچە، ھەر قايسىڭ ئاۋۋال بالىلىرىڭغا نەسىھەت قىلىشمامسەن! بىز ھاراق ساتمىغانغا ئۇلار ھاراقسىز قالامدا؟ قوشنا نۇكچاكلاردىن ئەكەلمەمدۇ؟... ماقۇل، بۇ يەردىكىنىمۇ يىغىشتۇرارسەن، شەھەردىكىنى قانداق قىلىشسەن! بىرىڭدىن بىرىڭ دۆت نېمىلەر ئىكەنسەن! دېيىشتى، بەزىلىرى جامائەتكە ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق يېنىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قايسىبىرلىرىنىڭ كۆزدە قوشنىسىنىڭ باغ بۇغدايلىرىنى ئوغرىلىقچە خامىنىغا ئەكىرىۋالغان، بىر قىر بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئېتىز پاسىلىنىڭ ئىككى يېقىدىكى پۈتۈن ئوت-چۆپىنى ئورۇۋالغان نەپسانىيەتچىلىكلىرىدىن تارتىپ، قايسىبىرلىرىنىڭ ساتىدىغان قوي يۇڭلىرىنى ئۇن كۈن نەمرەگە تاشلاپ قويغاننى ئاز دەپ، ھارغىچە قۇم ئارىلاشتۇرۇپ بازارغا ئېلىپ چىققان قىزىلكۆزلۈكلىرىگىچە دەپ تاشلىدى. بۇ چاغدا، پۈتۈن ئەس-يادى ھاراق بىلەنلا بولۇپ قالغان بەزى كىشىلەر ئىسيان كۆتۈرگەنگە پۇشايمانمۇ قىلىشتى. گەپكە گەپ كەلسە، دادىسىدىن قايتمايدىغان بايىقى تەلۋە ئېغىزلار بىكار ئېغىز ئۇپراتمايتتى. ئۇلار جىق ئاساسلارغا ئىگە ئىدى، ئۇلار ھېلىقىدەكىلەرنىڭ يېغىرىنى ئاچقاندىمۇ، تازا يىرىڭلاپ تۇرغان يەرلىرىنى ئېچىۋەتتى، سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ سالمىقىنى ھاراق ئىچكەنلەرنىڭ گۇناھلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپمۇ ئۆتتى.

بۇ ھۇجۇم ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ھەيۋىسىنى بىر سائەت ئىچىدىلا چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇلار بارا-بارا ئۆزلۈكىدىن شالاڭلاپ كەتتى، ئاخىرىدا قالغانلىرى ھېزىماخۇن ئەت سېلىپ قويۇپتۇ، دېگەننى ئەسكە ئېلىشتىدە، شۇ ياققا كېتىپ قېلىشتى. ئۈچەنچىدىن، دەل بۈگۈن ئەتىگەن مەسچىتتىكى بامدات نامىزىدا «بۈندىن كېيىن ھاراق ئىچكەنلەرنىڭ ئۆيىگە جامائەت دەسسىمەيدۇ!» دەپ ئېلان قىلغان تۇرغۇن ئىمامنىڭ كەنجى ئوغلى ۋاجىت چۈشتىن كېيىن غەرق مەست بولۇپ، چوڭ كوچىدا ئۆلۈكتەك يېتىپ قالدى، بۇ ئىش ھەش-پەش دېگۈچە تۇرغۇن ئىمامنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئاكىسىنىڭ ئوغلىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە تۇرسۇن سوپىنىمۇ تىت-تىت قىلىۋەتتى، بۇ ئۇنىڭ ۋاجىتنى كۆيئوغۇل قىلىۋالىمەن، دەپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى. دېمەك، بۇ ئىسيان تولۇق مەغلۇپ بولۇش بىلەنلا قالماي، كىشىلەرگە بىر تالاي كۈلكە تېپىپ بەردى.

كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، ئايلار يېڭىلاندى. ئەمما قىشلاقلىقلارنىڭ بايىقى خۇيلىرى قالمىدى، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇلارنى بۇنىڭلىق بىلەن يېڭى ۋەزىيەتكە ھەرگىزمۇ قارشى دېگىلى بولمايتتى، ئەكسىچە، ئۇلار بۇ ئازادە ۋەزىيەتتىن تولىمۇ مىننەتدار ئىدى، دىللىرىنى يورۇق، تىللىرىنى ئەركىن ھېساپلايتتى، شۇڭا، كۆڭۈللىرىدىكىلىرىنى كىچىككىنە بولسىمۇ قالدۇرۇپ قويغۇسى كەلمەي، دىلى سۇ ئىچمىگەن جايلىرىنى تارتىنماي-قورۇنماي دېيىشىۋېرەتتى.

— بۇ ھۆكۈمەت جىق تەلەپلىرىمىزنىڭ ئورۇنداپ بەردى. ئەمما، ئاشۇ ياشلارنىڭ ئۆبۈكتا① بولىشىدىغان ئىشىنى يوقىتىپ بەرسە ئەجەپمۇ ياخشى بولاتتى! — دېيىشتى ئۇلار. بولۇپمۇ تۇرسۇن سوپىدەك

① ئۆبۈكتا — جۈرە، لايىق مەنىسىدە.

ئادەملەرنىڭ رايىچە بولغاندا، ئۇششاق - چوڭ،
پىششىق - توڭنىڭ ھەممىسىنى مەسچىتكە
سولىۋالسا، ئايالار يۈركەنچە ئارتىپ، ئەر-
لەر تامام چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئاق بۆك،
ئۇزۇن پېرەنجە كىيىپ يۈرسە، كارامەت بول-
غان بىرلاتتى.

مەسچىتلەرگە ئىماملىق تالىشىدىغان ئىش-
نى دېمەمسىز تېخى!؟ بۇ قىشلاق ھاياتىنىڭ
كۈنتەرتىپىدىكى كۈندە غەلۋىسى بولۇپ تۇ-
رىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا يې-
ڭى مەھەللە مەسچىتى ئۈچ يىلدا ئۈچ ئى-
مام يەڭگۈشلىدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ
ھەممىسى سىرتتىن كەلگەنلەر بولۇپ، تۇر-
سۇن سوپىلارنىڭ ئاغزىدا «ئالىم» تەبرى
بىلەن تونۇشتۇرۇلغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ
بىرىدىن بىرى مەمەدانە، بىرىنىڭ ئېيتقىنى
بىرىگە ئوخشىمايدىغان، شۇنداق بولۇشىغا قا-
رىماي، دوزاخ بىلەن بېھىشنى ئۇ ئالەمگە
بېرىپ كەلگەندەك كۆپ-ۈرلۈق بىلەن سۆز-
لەيدىغان ۋالاقتەككۈرلەر ئىدى. قۇناخۇن
ئىسىملىك ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى چوڭ بىر
غەۋغانى تېرىۋېتىپ كەتتى. ئىش مۇنداق
بولدى: ئۇ مۇشۇ مەھەللىگە كېلىپلا ھېنىپا-
خۇن دېگەن بىر دېھقان بىلەن «كونا تو-
نۇش» چىقىپ قالدى. لېكىن، بىر كۈنى قۇ-
ناخۇن ئىمام شەھەرگە كەتكەندە، ھېنىپا-
خۇن تۇيۇقسىز تۈگەپ قالدى. يۇرت - جاما-
ئەت مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ لەھەتكە
كىرگۈزۈپ، كېسەكلەر بىلەن ئاغزىنى ئېتى-
ۋاتقاندا، شەھەردىن چىقىپ پالاقلاپ قەب-
رىستانغا يېتىپ كەلگەن قۇناخۇن ئىمام:

— مېنىڭ بۇ بۇرادىرىم قاچاندا بول-
سۇن مەن مۇردا نامىزىمنى ساڭا تاپشۇر-
دۇم دەپ تاپىلىغان. مەن ئۇنىڭكى دۇنيالىق
بۇرادەرچىلىكىنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن جىن-
سەتنى لەھەتتىن ئېلىپ چىقىپ، نامىزىنى
ئىماملىق سالاھىيىتىم بىلەن يېڭىباشتىن
چۈشۈرۈمەن! — دەپ تۇرىۋالدى. بۇ مەمەدا-
نىگە قارشى ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمىدى.
يەنىلا تۇرسۇن سوپى بالدۇر ئېغىز ئېچىپ:
كىتاب ھۆكمىگە مۇخالىپ كەلمىسە، شۇنداق
قىلىلى، دېدى. ئاخىرى شۇنداق قىلىندى.
لېكىن زادىلا ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ باقمىغان
بۇ مۆجىزە نامازدىن كېيىن غۇلغۇلىغا سە-
ۋەب بولدى. قەبرىستانلىقتا بولغان بۇ ئىش
پۈتۈن قىشلاققا يېيىلغاندىن كېيىن غەلۋە
كۈچەيدى. ئەتىسى يېڭى مەھەللە مەسچىتى-
نىڭ ئۆزىدىلا كىشىلەر ئىككى تەرەپ بولۇپ
تۇتۇشۇپ قالدى. ئۇلار قان بولۇشقىچە قۇ-
ناخۇن ئىمام شەھەرگە قاراپ قويرۇقنى
تىكىۋەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئەسلىدە بىر
كاززاپقا ئىشىنىپ قىلىپ يۈرگەنلىكلىرىنى بى-
لىشكەندىن كېيىنلا ئاستا - ئاستا جىم بو-
لۇپ قېلىشتى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق
دېگەندىن كۆرە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى يېڭى
بىر ئىشقا بۇرۇلۇپ كەتتى، دېگەن توغرۇك
ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەمدىلا پەيلىرى-
دىن يېنىشىپ تۇرغاندا، ۋاي، شەھەر
يېنىدىكى سېپىل يېزىسىدا ئۆلۈپ
كۆمۈۋېتىلگەن بىر ئايال ئۈچ كۈندىن كېيىن
تىرىلىپ، قەبرىدىن ئۆزى كېلىپ قاپتۇدەك...
ئۇ ئالەمدىكى ھەممە ئىشلارنى سۆزلەپ
ئولتۇرغۇدەك... دېگەن خەۋەر پۈتۈن قىش-
لاقنى ھاياجانلاندۇردى. گەپكە گەپ قوشۇ-
لۇپ، بۇ خەۋەر شۇنچىلىك مۇبالىغىلەشتىكى،
ئاخىرەتتىن كەلگەن ئۇ ئايالغىلا ئەمەس،
تارقالغان بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىغا شەك
كەلتۈرۈشمۇ قىشلاقتىكى چوڭ - كىچىكلەر-
نىڭ نەزەرىدە زور گۇناھ ھېسابلىنىدىغان
بولۇپ قالدى. قىشلاقتىكىلەردە ئاشۇ ئەۋ-

لىيا ئايالنى بىر كۆرۈپ كېلىش ئارزۇسى
تۇغۇلدى. ھەممىدىن ئاۋۋال تۇرسۇن سوپى
تەنتەنە قىلدى. ھەممىدىن بۇرۇن بېرىپ،
ھېلىقى ئايالنى شۇ زىيارەت قىلىپ كەلدى.
شۇندىن كېيىن بىزنىڭ قىشلاقتىن ئۇلگۇر-
گەنلىرى (مۇھىممى، پۇلغا چىقىنغانلىرى)
ئاپتوبۇستا، ئۇلگۇرمىگەنلىرى ئېشەك ھار-
ۋىلىرى بىلەن بېرىپ كېلىشتى، ئۇلار
ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىپ، قەبرىدىن
قايتىپ كەلگەنلىكى يالغان بولسىمۇ، قىشلاق-
قا «راست ئىكەن!» دەپ كېلىشتى. نېمىلا
بولمىسۇن، باشقا يېزىلاردىن ئادەم بارغان
بولسىمۇ لېكىن ھېچيەردىن قىشلاقىمىزدەك
كۆپ بېرىشمىدى، باشقىلار، ئۆيدە ئۈچ
كۈن ئۇخلىغاندەك يېتىپ قوپۇپ، ئۇ دۇن-
ياغا بېرىپ كەلدىم، دەپ گەپ - سۆز
تارقاتقان بۇ ئايالنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپلا
قايتىشقان بولسا، بىزنىڭ قىشلاقتىن
بارغانلار ئۇنىڭدىن: بىزنىڭ ئاتا - بوۋى-
لىرىمىزنىڭ ئىسىملىرى پالانچى، رەڭگى رۇخ-
سارى مۇنداق كىشىلەر ئىدى، ئۇچراتتى-
ڭىزمىكىن، دەپ سوراشقىچە بېرىپ يەتتى.
بىزنىڭ قىشلاقتا بۇنداق تېتىقسىزلىق-
لار كەينى - كەينىدىن بولۇپ تۇراتتى. باخشى،
ئېشان، داخان ۋە رەممال دېگەنلەرنىڭ بۇيەردىكى
تاپاۋىتى نەچچە سودىگەرنىڭكىدىنمۇ زور
ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇلغايتىپ،
ئۆزلىرىنى داملاپ يۈرىدىغانلارنىڭ ئەڭ
ئالدىدا يەنە بىزنىڭ تۇرسۇن سوپى تۇراتتى.
ئۇ ئىمام، مەزىنلەرگە ئەقىلمۇ ئۆگىتەتتى،
ئايالى ناماز ئوقۇمايدىغانلارنىڭ ئىمانىنى
يېرىم ھېسابلاش پەتىۋاسىنىمۇ شۇ تاپقا-
نىدى، سۆزلەپ كەلسەك گەپ جىق، مەن
شەھەردىن ھەر قېتىم چىقسام بىر غەلىتە
ئىشنى ئاڭلايتتىم، بايا مېنىڭ قوش قارىغى

ياغاچنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، مەھەللىداش
دوستلىرىمغا سۆزلەۋاتقانلىرىمۇ مانا شۇ
بىزنىڭ قىشلاقتىكى خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭغا
چېتىشلىق ئىشلار ئىدى. مەن ئۇلارنى سۆك-
مەكتە ئىدىم. ئەمما تۇرسۇن سوپى باي-
قىدەك زەھەردەك سۆزلىرى بىلەن مېنىڭ
گەپلىرىمنىڭ بېلىگە تەپتى. ئۇ سۆزىنىڭ
ئاخىرىدا يەنە ماڭا زەردە بىلەن:
— ئۆزۈڭمۇ بىر شۇم ئېغىز بولىدىغان،
كېلە - كەلمەيلا بىر نەرسە بولۇپ قالسا
دەپ، ئۆلۈمنى ئاغزىڭغا ئالغىلى تۇرۇپسەن-
دە! — دېدى، بۇ گەپ كۆلگۈدەك گەپ
بولمىسىمۇ، ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ
كەتتى، ئۇنىڭ سەۋەبى بۇلتۇر چىققىنىمدا
مېنى يەنە شۇ تۇرسۇن سوپىنىڭ «شۇم ئېغىز»
دەپ كەينىمدىن تىللىغانلىقىدىن ئىدى. مەن
ھۇپپىدە قىزىرىپلا ئەمەس، بوۋۇلداپ تەر-
لەپمۇ كەتتىم. بۇ گەپنىڭ ماڭا لەقەم بو-
لۇپ قېلىش ئېھتىماللىمۇ بار ئىدى، مەن
تۇرسۇن سوپىنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەۋەتكەن-
لىكىنى ئاڭقىرالمىدىم، پەقەت بۇلتۇرقى بىر
ئىشلا كاللامدا تۇراتتى.
مەن بۇلتۇر باش باھاردا شەھەردىن
چىقسام، كەنت باشلىقلىرى يان ئۆستەڭگە
تاش تىزىش ئەمگىكىگە ئادەم ماڭغۇزالماي يۈ-
رۈپتۇ. بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەر ئامالنىڭ بارىچە
قېچىپ، ئۆستەڭگە چىققىلى ئۇنىمايدىكەن.
مەن ئۆزۈم ھاۋازايىي ئىدارىسىدە ئىشلىگەچ-
كە، بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولىدىغانلىقى، رەھ-
بەرلىكنىڭ قۇرغاقچىلىقتىن مۇداپىئە كۆ-
رۈپ، سۇ قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلغانلىقىنىڭ
توغرىلىقى ھەققىدە كىشى يىغىلغانلىكى يەر-
دە گەپ قىلدىم. بۇلتۇر دېگەندەك قاتتىق
قۇرغاقچىلىق بولدى، كۈزدە كەلسەم تۇر-
سۇن سوپىنى ماڭا «شۇم ئېغىز» دەپ ئات

قويۇپ قويۇپتـۇ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئەسلىدە ئالدىنقـى
يىلى يۈز بەرگەن يەنە بىر ئىش راسا دەسـ
تەك بولۇپ بىرىپتـۇ. شۇ يىلى مەن ئانامنى
يوقلىغىلى قىشلاققا كېلىپ، مەھەللە ئەترا-
پىدىكى ئېتىـزلارنى ئايلىنىـپ كېلەي دەپ
چىقـسام، بەش ـ ئون ئادەم توغرا ئۆسـ
تەڭـنى ياقىلـتـپ قاتار كۆزلەك سوقۇپ
كۆچۈپ چىقىپـتـۇ، يەنە كېلىپ ھەممـسى
ئۇششاق بالىلىق ياشلار ئىكەن، مەن قايتار-
دا ئۇلارغا ئۇشـشـاق بالىلارنىڭ ئۆستەڭگە
چۈشۈپ كېتىشىدىن پەخەس بولۇشنى تاپىـ
لىدىم، ئېيتـقانـدەك ئەتىـسىلا بىرەيلەننىڭ
ئۆمىلىگەن بىر بالىسى كۆزلەكتە يالغۇز ئۇخـ
لاپ قويۇپ، ئۆمۈلىگەنـچـە ئۆستەڭگە چۈ-
شۈپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ، بۇنى بەزىلەر ئەجەل
ياكى بىپەرۋالىقتىن بولـدى، دېگەن بىلەن
تۇرسۇن سوپى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار مې-
نىڭ «شۇم ئېغىز»لىقىمدىن كۆردى.

ئۇلارنىڭ دەستىدىن ھېچكىمنى ھېچـ
قانداق خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇشقا بولمايتـ
تى. بىر كۆۋرۈك ئادەم، ئات ـ هارۋا ئۆتـ
كۈسىز دەرىجىدە ھۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ
كەتسىمۇ، ئۇلار تەمتىلەپ يۈرسە يۈرۈشىدۇ-
كى، قول ـ قولچە ياسايلى دېيىشمـەيـدۇ.
لېكىن، پەخەس بولۇڭلار دەپ قويدۇڭـمـۇ،
بولـدى، بالانىڭ بىر يېقـى ساڭا ئارتىلـ
غىنى ئارتىلـغان: مۇبادا بىر ئىـش يۈز
بېرىـپ قالـسا، ئۇنى كۆۋرۈكنىڭ بۇزۇلۇپ
كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، سېنىڭ «شۇم ئېغىز»
لىقىڭدىن كۆرىدۇ.

تۇرسۇن سوپى كېلىپ مېنىڭ كەيپىمـ
نى بۇزغانـدىن كېيىـنـتـلا، مېنىڭ قوش
قارىياغاچ تۆۋىدە ئۇزاق تۇرغۇم كەلمىدى،
بۇگەپ يېـمـەس ئادەم بىلەن چىرايلىـق

مۇڭىشىدىش ئېغىمۇ مۇمكىـن ئەمەس ئىدى،
ئۇ ئەتەي مېـنىڭ ئەدىپىـمـنى بەرگىلى
كەلگەندەكمـۇ قىلاتتى، بۇ يا شۇنداقتۇر، ياكى
ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتقاندۇ، ئەيتاۋۇر، سو-
قۇشماي تۇرۇپ ئىككى يېنىغا قارىغان خۇرازدەك
غىپپىدەئۆيگە كىرىپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ
قالدىم، ھېلىمـۇ ياخشى، دەل شۇ چاغـدا
مېنى كىچىك ئىنىم چاقىرىـپ قالدى، مەن
ئۇلارنى ئۆيـگە كىرمەمسـلەر! دەپ قويۇپ
سۇنئىي ئېتىكلىك ۋە پەرىشانلىـق بىلەن
ئۆيگە قايتىپ كىردىم.

شۇ ئاخشـمـى ئۆيگە باياتىن قوش
قارىياغاچ يېنىدا بىللە بولغان مەن تەرەپ
تەڭتۇشلىرىمـدىن روزى كىرىپ كەلدى، ئۇ
كىرىپلا چاقچاق بىلەن ئېغىز ئېچىپ:

— ھە، «شۇم ئېغىز»، يالغۇز ئولتۇر-
دۇڭـما؟ زېرىككەن بولساڭ، تۇرسۇن سوپىـ
نى باشـلاپ كىرەيمـۇ ـ يە؟— دېدى، بىز
قاقاقـلاپ كۈلۈشـۈپ كەتتـۇق، شۇنـداق
قىلىپ پارىڭىمىزنىڭ بېشى بايـىقـى سۆھـ
بەتنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىشىپ كەتتى.

— ھېلىمۇ ياخشى، سېغىزلىقتىكى ھەـ
قىقىي ئىشنى تۇرسۇن سوپى بىلمەيدۇ، بىلىدىغان
بولسا، يېغىرىمغا تەگدى، دەپ ساڭا ئېسىلاتـ
تىمىكىن تېخى؟ قىزىق ئادەم ـ دە، بۇ! — دېدى
ئۇ كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرۇۋېتىپ.

— راستلا ـ ھە!— دېدىم مەن ھوشۇمـ
نى تاپقاندەك بولۇپ،— سېغىزلىقتىن گەپ
ئاچقىنىمنى قارا، ئۇ ئىشلار تېخى يادىمىدـ
ىمۇ يوق، زىلەيبۇۋى تېخىلا ئۆيدىمۇ؟

مەن روزىـنىڭ تاماكـىسىغا سەرەڭگە
چېقىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈردۈم.

— ئۆيـدە بولماي نەدە بولىدۇ دەيـ
سەن؟! بىچـارە بالىغا ئۇۋال قىلـدى ـ دە!
تۇرسۇن سوپىنىڭ ھازىرقـى پەيلىگە قارىـ

غانىدا، ئۇ بالىنى ئۆيۈگىنى تۈت، دەپ
ئەۋەتىۋېتىدىغاندەك ئەمەس، - دېدى روزى.

شۇنىڭ بىلەن بىز سېغىزلىقتىن ئېچى-
كىرىلەپ، نۇرشات بىلەن زىلەيبۇۋى ھەققى-
دىكى گەپلەرگە چۈشۈپ كەتتۇق.

سېغىزلىق بىزنىڭ مەھەللىنىڭ شەرق
تەرىپىدىكى دۆڭلۈكتىن ئايالار مەخسۇس
تۇنۇر توپىسى ئېلىپ ئادەتلەنگەن يەر
ئىدى. بۇ توپىنىڭ خېرىدارلىرى يالغۇز
بىزنىڭ كەنت بىلەنلا چەكلەنمەيتتى،
پۈتۈن قىشلاقنىڭ چەت جايلىرىدىنمۇ هار-
ۋا - هارۋىلاردا كېلىشىپ ئېلىپ كېتەتتى.
ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش سۇ چىقمايدىغان
بۇ يەرنى ئىككى مو ئەتراپىدىكى ئازگال
يارلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى، دۆڭ تە-
رەپكە قاراپ كولاۋەرگەچكە، ئالدىدىكى يار-
لىق ئېگىزلەۋەرگەنىدى، ئۈستىدىن ئۆ-
زى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىرىنى شۇ پېتى ئۇ-
سۇپ كېتىپ، ئۆرۈلمىسە ئېچكىرىلەپ كولاپ،
نەچچە ئۆڭكۈر هاسىل قىلىۋېتىلگەنىدى،
بەزى ئۆڭكۈرلەر ئىككى مېتىر ئېچكىرىلىسە،
بەزىلىرى تۆت - بەش مېتىر ئېچكىرىلەپ
كەتكەن، بەزىلىرى كەڭ، بەزىلىرى تار ئىدى.
يىراقتىكىلەر هارۋىلاپ توشۇپ كەتسە، بىز-
نىڭ مەھەللىلىكلەر زەمبىل، چېلەكلەر بىلەن
توشۇيتتى، كېيىن ئايالار قازان بېشى
سۇۋاقچىلىقنىڭ لازىملىق توپىسىنى ھەم
ئەپكەش چېلەكلىرى بىلەن مەشەدىن ئېلىپ
كېتىدىغان بولدى. ئۇلار بۇ يەرگە قىزلىرى-
نىمۇ ئەۋەتىپ تۇراتتى، هېلىمۇ ياخشى بىر
نەچچە يىلدىن بېرى هېلىقى ئۆڭكۈرلەر
پەقەت ئىككى قېتىم، سايداپ ياتقان ئۈچ
موزاينى بېسىپ ئۆلتۈرگەندىن باشقا، قالغان-
لىرى نۆۋەت بىلەن دېڭۈدەك ئۆزى گۈمۈرۈ-
لۈپ چۈشۈپ تۇردى، بىزنىڭ قىشلاقلىقلار

خۇددى موزاينىڭ ئۆلۈمى ئۆلۈم ئەمەس-
تەك، بۇ ئىشلاردىن تىرناقچىمۇ ساۋاق ئال-
مىغاندەك قىلاتتى، كىچىكلەرنىغۇ نادان
دەيلى، چوڭلارچۇ؟ ئۇلاردىن بىرەر كىشى-
نىڭمۇ بۇ ئازگالدا يۈز بەرگۈسى خەتەر
ھەققىدە تۆت ئادەم بار يەردە تۆت
ئېغىز سۆز قىلغىنىنى ئاڭلىغان ئادەم يوق.
ئۇلار بىخارامان يۈرۈۋېرىدۇ. هېلىغىچىغۇ
هېچكىمنى بېسىۋالغىنى يوق، لېكىن، زا-
دى بېسىۋالمايدۇ، دېگىلى بولامدۇ؟ خۇدامۇ
«ساقلانساڭ، ساقلايمەن» دەپتىكەن. شۇڭا
ساقلىنىش، ئېھتىيات قىلىش كېرەكقۇ؟!
بۇنداق گەپلەر تۇرسۇن سوپىغا ياقمىغان
بىلەن هازىر ئۇ يەرگە چىقىپ تۇرىدىغان
قىز - چوكانلار ئارىسىدا ئەڭ كۆپ قاتناپ
تۇرىدىغىنى يەنىلا ئۇنىڭ قىزى زىلەيبۇۋى
ئىدى. ئۇنى سېغىزلىققا مۇنداق تولا
ماڭغۇزغان يەنىلا ئاشۇ تۇرسۇن سوپى
ئۇنىڭ بېشىغا سالغان كۈلپەتلەر ئىدى.
ئەل ئاغزىدا پۇر بولۇپ كەتكەن بۇ گەپلەر
تېخى تۇرسۇن سوپىغا سىر ئىدى، بۇ ئىش-
نىڭ تېگى - تەكتىنى بىلگەن - چۈشەنگەن-
لەر ئالدى بىلەن زىلەيبۇۋىگە ھېسداشلىق
قىلىپ ئىچ ئاغرىتقانلىقىدىن، ئاندىن قالسا،
تۇرسۇن سوپىنىڭ پەيلىدىن قورققانلىقىدىن
ئۇنى بۇ ئائىلىگە تىنمايتتى. بىچارىلەر شۇ
ئازگالدا بواسىمۇ كۆرۈشۈۋالسۇن، قېنىشىۋال-
سۇن! دېيىشەتتى ئۇلار.

ئەسلى ئىش مۇنداق ئىدى: تۇرسۇن
سوپى چوڭ ئوغلىدىن بېقىۋالغان نەۋرىسى
زىلەيبۇۋىنى ئاكىسى تۇرغۇن ئىمامنىڭ
كەنجى ئوغلى هېلىقى ۋاجىتقا چېتىش
نىيىتىدە ئىدى، ئۆزكۆزىدىلا ئەمەس، ئەل
نەزەرىدىمۇ ئۆز قىزىغا ئايلىنىپ كەتكەن
زىلەيبۇۋى كۈتمىگەن يەردە يەنىلا هېلىقى

«ئوبئوكتا» بولۇش دېگەننىڭ كاساپىتىدىن دەل شۇ ئاكىسىنىڭ قوشنىسى تۇراپ قەلەيچىنىڭ ئوغلى نۇرشات بىلەن كۆڭۈل بېرىشىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا گۆھەر بىلەن ئالتۇندىن ئارتۇق باللار ئىدى. دەسلەپتە سوپى قىزىنىڭ چوڭ دادىسىنىڭكىگە تولا بارىدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن نىيىتىگە مۇناسىپ نەتىجە چىقىدىغان بولدى، دەپ خېلى خۇش بولغانىدى، كېيىن ئۇ ئۇيۇننىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. بېرەي دېسە، چىدىمايتتى؛ بەرمەي دېسە، ئايالى ئوغۇلخاننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قىزىنىڭ نىيىتى قەتئىي، پەيلى ياماندى. كوپپىدا قىلىپ قېچىپ قويۇدىغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. ئۇ مۇشۇ ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قىيىنىلىپ يۈرگەندە تۇراپ قەلەيچى ئەلچى كىرگۈزۈپ قالدى. بىر قېتىمدا، «قىزىمىزدىن سورايلى» دېسە، بىر قېتىمدا «تېخى سوراپ باقالمىدۇق» دەپ ئىككى ئاي ماڭغۇزۇپ، تەسلىكتە ماقۇل دېدى، توي ۋاقتىنى بولسا، ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ يۈرۈپ ئالتە ئاي كېچىكتۈردى. ئەڭ ئاخىرىدا «ئاكامنىڭ ئوغلىنى ئۆيلىۋەتمەي تۇرۇپ قىزىمنى چىقارمايمەن، يول ۋاجىتىنىڭ» دەپ تۇرۇۋالدى. ۋاجىتمۇ ئۆيلەندى. ھېچ باھانە قالمىغاندا، چېيىنى ئىچىپ، ئاق قەغەزنى قارا قىلىپ بېرىشكە توغرا كەلدى، تويلۇق سالغاندا، تۇرسۇن سوپى ئۆزى سۆزلەپ يۈرگەن دىيانەت، ئىمان، ئىنساپ دېگەننى ئاسماننىڭ قەرىگە تاشلىۋەتتى، تۇراپ قەلەيچى تۇرسۇن سوپى بىلەن تويلىشىپ قېلىۋاتقىنىنى بېشىمغا كېلىۋاتقان بىر بالا - قازامۇ، نېمە، دەپ قالدى. قىزىنىڭكىدىن باشقا، قىرىق بەش كىيىملىك چۆرۈلمىلىك سالدى، دېسە، ئاڭلىغانلار ئىشەنمەيدۇ. ئامال قانچە، مانا بىزنىڭ قىشلاقتا شۇنداق سالىدۇ، ئاش سۈيىنى دېمەمسىز تېخى! تۇرسۇن سوپى تويلۇقنى تازا كەپلەپ سالغاندىن كېيىن: مۇشۇلارنىڭ بىرى كەم بولسا، توينى قىلمايمەن، يەتتە يۇرتنى ئېيتىمەن، كاتتىلارنى تەكلىپ قىلىمەن، توينى چىدىسا قىلسۇن! دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا تۇراپ قەلەيچى يىلىكىنىڭ خېلى تۈۋ بولۇشىغا قارىماي، توي بولماي تۇرۇپلا پوستىنى ئاقلىۋەتكەن پىيازدەك بولۇپ قالدى، ئۇ پەقەت ئۆيىگە كېلىدىغان كېلىنىنىڭ پەزىلىتى ۋە گۈزەللىكىنى ئويلىسىلا ئۆزلۈكىدىن غەيرەتلىنىپ كېتەتتى.

چوڭ خاپىلىق توي يېقىنلاشقاندا يۈز بەردى: بىرىنچىدىن، تويدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى بىر ئاخشىمى پۈتكەن جىمى چۆرۈلمىلىكنى ئەكەلدۈرۈپ، تولۇقلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، نان - توقاچ يېقىشقا رۇخسەت قىلدى؛ ئىككىنچىدىن، تۇراپ قەلەيچى توي كۈنى شەھەردىكى ئابدۇللا ئەلەمنى تەكلىپ قىلىپ تۆردە ئولتۇرغۇزمىسا، بۇ توينى قىلالمايمەن، دەپ تۇرۇۋالدى: ماقۇل دېمەي نېمە ئامال؟! قۇدا بولغۇچىلار ئابدۇللا ئەلەمگە ئۈچ نۆۋەت كىشى كىرگۈزۈپ، ئاخىرى تويدىن بىر كۈن ئىلگىرى كېلىدىغانغا ماقۇللۇق ئېلىپ چىقتى. كىم بىلسۇن، ئابدۇللا ئەلەم زىلەيبۇۋىنىڭ نىكاھى كۈنى ھەقدا بولالمىدى، كىچىك ماشىنا ئېلىپ كىرگەنلەر: ئەلەم ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ جىددىي يىغىنىدا ئىكەن، چىقالمىدى، دەپ قۇرۇق قايتىپ چىقىشتى. باشلىنىپ قالغان توي، سېلىنىپ قالغان داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋېتىش مۇمكىنمۇ؟ ياق!

ئەسلىدە، ۋىلايەت بويىچە ئەڭ
يۇقىرى مەرتىۋىلىك بىر ئۆلىمانى توي ئۇس-
تىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ مەرىكە ئۆتكۈ-
زۈش — تۇرسۇن سوپى ئۈچۈن تولىمۇ
چوڭ شۆھرەت ئىدى، سوپى مەجەزلەر
ئۆرۈك - ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بوپتۇ دەپ،
ھەممىسى مۇشۇنداق قىلماي قالمايتتى.
تەھقىقكى، مۇبادا، ئابدۇللا ئەلەم چىقىپ
قالغان بولسا، ئۇلارمۇ قىلىدىغان قىلىق
تاپالماي، تاپانلىرى تېشىلگۈچە شاپاشلىشىپ
كېتەتتى. چۈنكى بىزنىڭ قىشلاقتا ئۇنداق
كاتتىلارنى كۆرسە، پېشىدا ناماز ئوقۇيمەن
دەپ يېتىۋالىدىغان يەنە ئايرىم ئەسەبىيلەرمۇ
چەتتىن چىقاتتى. بىرەر مۆتىۋەرنىڭ داڭقى
ھەققىدە گەپ چىقسىمۇ، بولدى، ئۇنداقلار-
نىڭ تاپمايدىغان گېپى يوق ئىدى. باشقى-
سى ئەمەس، مۇشۇ ئابدۇللا ئەلەم ھەققى-
دىمۇ: كېچىسى چىراغ لازىم قىلمايدىكەن،
ئىككى مۈرىسىدە غايىبانە ئىككى شام
يېنىپلا تۇرۇدىكەن، دېگەندەك ئەلەمنىڭ
ئۆزىمۇ ھەيران قالىدىغان گەپلەرنى تېپىش-
قانىدى. تەلەي تەتۈر كېلىپ، تۇرسۇن
سوپىنىڭلا ئەمەس، ئۇلارنىڭمۇ ئەقىدىسى
بىكار كەتتى. شۇڭا توي خۇشال - خۇرام
ئۆتمىدى، نەدىلا بولسۇن تۇرسۇن سوپىنىڭ
ۋارقىراپ، جارقىراپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغىلى،
تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ تۇرغانلىقىنى
كۆرگىلى بولاتتى. تۇراپ قەلەيچىنىڭ بۇ
تويدا ئاڭلىغان تاپا - تەنىلىرى جان - جېنى-
نىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

تويمۇ تۈگىدى، لېكىن، تۇرسۇن
سوپىنىڭ خاپىلىقلىرى ئۇلغايسا ئۇلغايدىكى،
ئازايمىدى. ئايالى يوشۇرغان بىر ئىشنى،
يەنى زىلەيبۈۋى بىلەن نۇرشاتنىڭ تويدىن
ئىلگىرى شەھەرگە كىرىپ چوڭ باغدىكى

ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىسى ئالدىدا يانمۇ-
يان تۇرۇپ رەسىمگە چۈشكەنلىكىنى توي-
دىن كېيىن مەسچىتتە ئاڭلاپ، جان - پېنى
چىقتى. بولۇپمۇ، بۇ بىر يېڭىلىق ئىكەن،
بۇنىدىن كېيىن توي قىلىدىغان ياشلار ئۆز
مەرىكىسىدىن ئىلگىرى مۇشۇنداق رەسىمگە
چۈشىدىكەن، دېگەن گەپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ
تېك كەلدى. مەسچىتتىن كىرىپ، ئۇنىڭ
ئۆز ئايالى بىلەن قانچىلىك خىرقىراشقانلىقى
ھەققىدىكى گەپلەرنى بۇ يەردە سۆزلەپ
ئولتۇرمايمىز. قىسقىسى، ئۇ شۇ كۈنىدىن
باشلاپلا كۈيئوغلىغا ئۆچ بولۇپ كەتتى،
قۇدىلىرىنى تۇغقاندەك ئەمەس، ياۋدەك
كۆرۈدىغان بولدى. بۇ ئىككى ئائىلە ئوتى-
تۇرىسىدىكى تۇغقاندارچىلىق تىكلەنمەي
تۇرۇپلا ئۈزۈلگىلى يۈزلەندى. تۇرسۇن
سوپىنىڭ تەسىرى ئايالى ئوغۇلخانغىمۇ
ئۆتتى. بىر قېتىم: تويدا ئەكەلگەن ھالقىسى
ساختا چىقتى، دېسە، بىر قېتىم: چىشى
قۇدىمىز زالىم خوتۇنىكەن، دېدى. بىر
قېتىم: كۈيئوغلىمىز ھاراقكەش چىقىپ قال-
دى، دەپ گەپ تاپسا، يەنە بىرىدە:
هاردۇق چايدىن هاردۇقىمىز چىقمىدى، داس-
تىخاننى كىچىك سالدى، دەپ سۆز - چۆچەك
قىلدى. بارا - بارا يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن
زىلەيبۈۋىنى چاقىرتىۋالىدىغان، بەزىدە
ئۆزى كەلسە، ئەۋەتمەيدىغان بولۇۋالدى.
بۇ ئىش ئاستا - ئاستا ئىككى ئائىلە ئوتتۇ-
رىسىدا نىزا ۋە جېدەلگە ئايلاندى. بىر كۈنى
زىلەيبۈۋىنى ئالغىلى كەلگەن نۇرشاتنى
ئىشىكتىن كىرگۈزمەيلا قوغلىۋەتتى.

ئوغۇلخان نۇرشاتنى ھەيدىۋېتىش
بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدىغانلىقىنى، مۇھىمى،
قىزىنى سوۋۇتۇش ئىكەنلىكىنى ئوبدان
بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ بىر كۈنى نۇرشات

ھەققىدە «باشقا يەردىن ئۆيلەنگىلىۋېتىپتۇ-
دەك، پالانىنىڭ قىزى بىلەن پېچىرلىشىپ
ئولتۇرغىنىنى ئۈچ قېتىم كۆرگەنلەر بار
ئىكەن!» دېگەن گەپنى تاپتى. شۇنداق
قىلىپ بالا خوتۇن ئۇغۇلغان قىزنىمۇ
ئېچىتتى، ئادەم ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ
ئۇلار دېگەن ياشلار، ھېسسىيات، مۇھەببەت،
قىزغىنلىش، كۆنچىلىك دېگەنلەر ئۇلارنىڭ
بويىدا ئوت تېگىپلا كەتسە، لاپپىدا
قىلىپ يېنىپ كېتىدىغان ماي ئەمەسمۇ؟
شۇڭا بۇ قېتىم زىلەيبۇۋى ئىشەنمەي تۇرال-
مىدى، ئىككى ئاي يامانلاپ يېتىۋالدى. بۇ،
قىش پەسلى بولۇپ، زىلەيبۇۋى ئۈچۈن
كۆنلەر خاپىلىق ئىچىدە داۋام قىلدى.
مۇنداق خاپىلىق، دەرد - ئەلەم دېگەنلەر
نۇرشاتتىمۇ تاغاردا بىر ئىدى. نۇرشاتنىڭ
ئۈستىدە توقۇلغان ئىغۋا - ئۆسەكلەر زى-
لەيبۇۋىنىڭ ئۈستىدىمۇ توقۇلۇپ، يىگىتنى
ساراسىمىگە سالاتتى، شۇ پېتى ياز ئۆتۈپ،
يەنە قىش كەلدى. ئەمەلىيەتتە، نۇرشاتمۇ
ئۆيلەنمىدى، زىلەيبۇۋىمۇ جىمىدى. ئۇلار
بىھۇدە جۇدالىق سەرگۈزەشتلىرىنى باشتىن
كەچۈرۈۋاتقان بۇ بىر يىلدىن بۇيان نۇرغۇن
ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىگە يەتتى. ئۇلار سەگەك-
لەشمىسە، چىن مۇھەببەت قۇربان بولۇش
ئالدىدا تۇراتتى، مانا شۇنداق چاغدا چىن
دوستلۇق چىن مۇھەببەتكە ياردەم بەردى.
نۇرشاتنىڭ ھەقىقىي بۇرادەرلىرى بىلەن
زىلەيبۇۋىنىڭ ئىچكۆيەر دوستلىرى ئىككى
مەھەللىدىكى ھېلىقى كىشىلەرنىڭ سۇيىقەست-
لىرىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ، ئۇلارنى
مۇنداق سۆز - چۆچەكلەرگە ئىشەنمەسلىككە
ئاگاھلاندۇردى. مۇنداق ئىغۋالارنىڭ ئوچى-
قى يەنىلا تۇرسۇن سوپى بىلەن تۇرغۇن
ئىماملار ئائىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ قىسمەن
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇر-
دى. ئۇلار ئىلگىرى بىر - بىرىدىن غايىبانە
قېيىدىشىپ، ئەمدىلىكتە ئىشنىڭ تەكتىنى
تىڭشاپ چۈشىنىپ، قانداق قىلارىنى بىلمەي
تېڭىرقاپ قالغان بۇ ئىككى ئاشىق-
مەشۇقنى شۇنداق ئاگاھلاندۇردىكى،
ھەر ئىككىسىلا چۆچۈپ كېتىپ، ئالمان-
تالمان بىر - بىرىگە خۇپىيانە ئەلچىلەر
ئەۋەتىپ، ئۆز ئەھۋاللىرىدىن بىر - بىرىنى
خەۋەردار قىلىشتى. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم
خەتەر زىلەيبۇۋىنى نۇرشاتتىن چىقىرىۋېلىپ،
ھېلىقى تۇرغۇن ئىمام جامائەتنى باشلاپ
ئېسىيان كۆتۈرگەن كۈنى ھاراق ئىچىپ
كوچىدا يېتىپ قالغان كەنجى ئوغلى ۋاجىت-
قا چېتىش پىلانى ئىدى، خەۋىرىمىزدە بار:
ۋاجىت زىلەيبۇۋىنىڭ تويىدىن سەللا ئىل-
گىرى ئۆيلەنگەنىدى، ئەمما، ئۇ ئۈچ ئاي
ئۆتمەيلا ئايالىنى ئۇرۇپ ھەيدىۋەتتى.
تۇرسۇن سوپى زىلەيبۇۋىنى ساق - سالامەت
ئاجرىتىۋالسا، ئۇنىمغىنىغا قويماي ئەنە شۇ
ۋاجىتقا تاڭماقچى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل
ئىچكى سىرى يۇقىرىقى قىشلاقتا ئەڭ ئاۋۋال
ۋاجىت ھاراقكەشنىڭ ئۆز ئاغزىدىن تارقال-
غان ۋە قوشنىلار ئارقىلىق تەھقىقلەنگەنىدى.
زىلەيبۇۋىمۇ دەسلەپتە بۇ ئىشنى دوستلىرى-
دىن ئاڭلاپ، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەت-
كەنىدى، بىراق، ئۇنىڭ راستىنلا مۇشۇنداق
پىلانى بارلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. پە-
قەت نۇرشاتتىن خەۋەرلەندۇرگۈچىلەر ئې-
لىپ كەلگەن جىددىي خەتنى كۆرگەندىن
كېيىنلا، ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ۋە ئەمدى
بىخوت ياتماسلىقنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندى.
خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:
«زىلەي! قانداق ئەھۋالىڭ؟ قاراپ
تۇرۇپ قەپەستە بولۇپ قالدىڭ، باراي

دېسەم، كۆرۈشۈش ئەپسىز، دادائ ئۆتكەنكەندەك قوغلىشىپ يۈرمەيدىكەن دەيمەن، خۇددى سېنىڭ توغراڭدا ماڭا ھەر خىل ئىغۋا - ئۆسەك گەپلەر توقۇلۇپ كەلگەندەك، مەن توغرىلىقمۇ ساڭا ھەر خىل يالغان گەپلەر توقۇلۇپ بېرىلىۋېتىپتۇ. سەگەك بولايلى، بۇ گەپلەرنىڭ تېگىدە يامان غەرەز بار ئىكەن، ئىغۋالارغا ئىشەنمەيلى، بىز يېڭى زاماننىڭ ياشلىرىغۇ؟! بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولغانغۇ؟! بۇ ئۆينى نېمىشقا بۇزىمىز؟ دادائ بىلەن ئاپاڭنىڭ ئىنساپقا كېلىپ ئېرىپ قالىدىغان كۆڭۈللىرىنى كۈتۈپ يېتىۋەرسەك بولمىغۇدەك. بىر ئامال قىلايلى، دادام چوڭلاردىن بىر - ئىككى كىشىنى يەنە ئەۋەتىپ باقايلىمىكىن دەۋاتىدۇ، قانداق قارايسەن؟ جاۋاب ئەۋەتىۋەت.

جاۋابىڭغا ئىنتىزار: نۇرشات.»

زىلەيبۇۋى خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن بىر تالاي يىغلىدى، ئۇ خەتتىكى «بۇ ئۆينى نېمىشقا بۇزىمىز؟» دېگەن سوراق جۈملىنى ئوقۇغاندا، نۇرشاتنىڭ يېنىغا قانات ياساپ ھازىرلا ئۇچۇپ بارغۇسى كېلىپ كەتتى. نۇرشاتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئۇ چوك بولۇپ ئېسىنى تاپقاندىن بۇيان ياخشى ئادەملەردىن ئاڭلىغان ئەڭ قىممەتلىك گەپتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇلىڭدا نىجاتلىق نۇرلىرى پارقىرايتتى. شۇ نۇردىن ئادىشىپ قالسا، گويا ئۇنى كەلكۈن ئاپىتى ئېلىپ كېتىدىغاندەك، ياكى غايىبانە بىر يانغىن يالماپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. سەگەك بولمىسا، بەختسىزلىكنىڭ تەھدىتى ئۇنىڭغا ھەر خىل ھەكىللەردە يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغاندەك سېزىلەتتى. زىلەيبۇۋى، ھەقىقەتەن، ئالدىراپ قالدى، ئۇ خەت ئېلىپ كەلگۈچىگە نۇرشاتنىڭ پىكرىگە تولۇق قوشۇلغاندىن تاشقىرى ئىككى دۇنيالىق ساداقەتلىك سالام يوللايدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈردى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتمەيلا يۇقىرىقى قىشلاقتىن تۇرسۇن سوپىنىڭ ئالدىغا ئىككى مويسىپىت كەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ تۇرسۇن سوپىنى يۇمشىتىش ئۇيلىرى بىكارغا كەتتى.

«ئەمدى كىشى ئەۋەتكۈچى بولمىسۇن! — دېدى ئۇ بايىقى مويسىپىتلەر ئارقىلىق قۇدىسىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، — قىزىمىزنى ئاجرىتىپ ئالغىنىمىز ئالغان، ئۇلارنى قايتا ئۆي تۇتىدۇ، دەپ خام خىيال ئەيلىمىسۇن.»

بۇ گەپلەردىن زىلەيبۇۋىمۇ خەۋەر تېپىپ، خاپىلىق، قايغۇ - غەمدىن سەۋدايى بولاي دەپ قالدى. كىمدۇر بىرى ئادەم دېگەن چىلىك نېمە، دەرد تارتقانغا ئۆلمەيدۇ، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، ھېلىمۇ زىلەيبۇۋى چىداشلىق چىقتى. ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، دەردنى كەينىگە تاشلاپ كېلىۋەردى.

قىش كېتىپ تەبىئەتنىڭ گۈزەل پەسلى يەنە باشلاندى. زىلەيبۇۋى ئاللىقانداق تۇيغۇلاردا مۇڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى. سەھەر تۇرۇپ ئىشىككە چىقسا، ساي ياقىلاپ تاغ تەرەپتىن ئۇرغان ئىللىق شامال ئۇنىڭغا ئەڭ ئاۋۋال نۇرشاتنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلىدىغان بولدى، ئۇ نۇرشاتنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە سېغىنماقتا ئىدى. قېچىپ كېتەي دېسە، جۈرئەت قىلالمايتتى، كەتمەي دېسە، كۆڭۈل دېگەن سارائ نۇرشاتقىلا تارتىپ تۇرغان. ئۇ گويا قويۇق ئورمان ئىچىگە كومپاسسىز كىرىپ

تىپىنەپ قالغان ئادەملەردەك تەۋەككۈل مەنزىلگە ئات سالغانىدى. خۇدادىن شاپائەت ۋە نىجاتلىق تىلەيتتى. خۇددى نۇرشات ئۇنى ئەگىپ يۈرگەندەكلا قىلاتتى. ئۇنىڭ چۈشىگە نۇرشاتتىن باشقا ھېچكىم كىرمەيدىغان بولدى، گويا تۇراپ قەلەيچىلەر داخانغا ئۇقۇتۇپ ئۇغلىغا باغلىتىۋەتكەندەك، ئۆزىنىڭ نۇرشاتنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەنلىكىنى جەزىملەشتۇردى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ يەنە بىر يەرگە ياتلىق بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم ئىدى. زىلەيبۈۋى نۇرشاتنىڭمۇ ئۆزىنى سېغىنىدىغان ۋە ئويلايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار بەزىدە ئويلىسا ساپ ئالتۇندەك مۇھەببەتنىڭ ئوتى بىلەن بىر ئۆينىڭ قازىنىنى قاينىتقان تۇرۇقلۇق يوقىلاڭ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جۇدالىق ئىلكىگە ئۆتۈپ قالغىنىغا ئۆزلىرىمۇ ھەيران ئىدى. خۇسۇسەن، زىلەيبۈۋى بۇلارنى ئويلىغاندا ئۆلۈۋالغۇسىمۇ كېلەتتى. ئەمما، نۇرشات بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇنجى كېچە ۋە كېيىنكى كۈنلەر يادىغا يەتكەندە پەيلىدىن ياناتتى. ئۇ ئەڭ كەم دېگەندە ئەمدى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈشۈپ، يۈز تۇرانە سۆزلەشكۈسى، مەسلىھەتلەشكۈسى كېلەتتى. ھەر ئىككىسى تەڭرىدىن شۇنداق دىدارنى تىلەپ يۈرگەن مانا شۇنداق كۈنلەردە ئۇلار سېغىزلىقتا تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدى، بۇ گويا ئۇلارنىڭ پېشانىسىنى خېزىر ئوڭشاپ، تىلەكلىرىنى غايىبانە بىر كۈن بەجا كەلتۈرگەندەك بىر ئىش بولدى.

زىلەيبۈۋى بىر كۈنى دەل چۈش مەھەلدە ئەپكەشنى مۈرىسىگە سالدى-دە، چېلەكلىرىنى غىچىلداتقىنىچە سېغىزلىققا قاراپ تويىغا ماڭدى. ئىككى ئۆرۈم چېچى ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان بۇ چوكان كوچىدا ماڭسا ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە سۇمباتىغا زوقلانمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇ قىز چېغىدىلا يىلاننىڭ تىلىدەك بالا ئىدى. ياتلىق بولغاندىن كېيىن، بىر چىرايىغا ئون چىراي قوشۇلۇپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى. قاپقارا كىرپىكلىرى ئاستىدىكى تىنىق كۆزى كىشىنى ئەسىر قىلغۇچى قۇدرىتىنى نامايان قىلاتتى. ئاپئاق يۈزلىرى تېخىمۇ سۈزۈلۈپ كەتكەنىدى. ئاياللار زىلەي ياتلىق بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭدا روي بەرگەن ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، زىلەيگە ئەر ياراشتى، دېيىشكەنىدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ زىلەيبۈۋىگە كىيىممۇ شۇنداق يارىشىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئەنە ئۇ ئۇچىسىغا بېغىررەڭ شىپىڭ كۆڭلەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق-سېرىق بالداقلىق، ئالدى ئوچۇق زەڭگەر پوپايكا كىيىۋالغان بولۇپ، كۆكرەكلىرىنىڭ ئۈستىدە بەش قۇر مارجان تەۋرىنىپ تۇراتتى. بېشىغا چاچلىرى ئاستىدىن چېگىۋالغان ئۇششاق گۈللۈك كاپرون ياغلىق گەجگىسىگىرەك چۈشۈپ تۇراتتى. كوچىدا مۇشۇ تۇرقىدا ئادەم ئەمەس، گويا بىر گۈل كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنەتتى. زىلەيبۈۋى سېغىزلىققا يېتىپ بېرىپ، ئەمدىلا ئازگالغا بۇرۇلاي دەپ تۇراتتى، يۇقىرىدىن ۋېلسىپىت بىلەن بىرەيلەننىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ، يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى، چوڭ يول سېغىزلىقتىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئاسانلىقچە بىراۋغا تىكىلىپ قارىمايدىغان زىلەيبۈۋى قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ كۈچنىڭ كارامىتى بىلەن ھېلىقى يىگىتكە قاراپلا



قالدى. يىگىتمۇ خۇددى بىرسى مۇرىسىدىن تارتىپ ۋېلىسىپىتتىن يۇلۇۋالغاندەك ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا يەرگە چۈشتى. ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ هىدىنى ئالماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ زىلەيبۇۋى ۋېلىسىپىتتىن چۈشكەن ياشنىڭ نۇرشات ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرەي دېۋىدى، نومۇس-هايا پەرىشتىلىرى ئۇنى بەس، بۇ كۈندۈز، دەپ توستى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەپكەش-چېلەكلىرىنى ئىختىيارسىز هالدا يەرگە قويۇپ، نۇرشاتقا تەلمۈردى، ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى باشقىدىن بىر قۇياش چىقىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ نۇرى ۋۇجۇدىدىكى پۈتكۈل تەشۋىش ۋە غەم-قايغۇ بۇلۇتلىرىنى سۈپۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئاردىن بەش مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇ ئىككىنچى سېغىنىزلىق ئىچىدە بىر-بىرىنى باغرىغا بېسىشىپ، تويۇشمىغان هالدا سۆيۈشۈپ كەتتى. زىلەيبۇۋى بىر ياقتىن يەغلاۋاتاتتى. بۇ ۋىسالدىن ئىلگىرى ئۇلار ئۇچۇن هېچقانداق سوئال، جاۋابلار لازىم ئەمەس ئىدى. بۇ دىدار پۇرسىتى ئۇلار ئۇچۇن شۇبهىلەرگە ئەسلا ئورۇن قالمىغان چاغلارغا توغرا كەلدى. شۇڭا ئۇلار هەش-پەش دېگۈچىلا بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى، چىرمىشىپ كەتتىلا ئەمەس، تۇپا ئېلىنغان ئۆڭكۈرلەرنىڭ چەتتىكى بىرى ئۇلارغا بەش مىنۇتلۇق ئۆي-هۇجرىنىڭ خىزمىتىنىمۇ قىلدى. زىلەيبۇۋى كۆرپە يوق، ياستۇقنى نەدىن تاپىمىز، دەپمۇ تۇرمىدى، ئەكسىچە، نۇرشاتنىڭ تەلپىگە قانداق تېز ماقۇل بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. زىلەيبۇۋى ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ، ئاتىسىنىڭ ئىسكەنجىسى ئاستىدىكى غەنىيمەت پۇرسەت ئىدى، ئۇلار بۇنىڭدىن مىڭ باغ مېۋىسىنىڭ شېرىنلىكىدىن ئارتۇقراق لەززەت ۋە تۈمەن بەزمىلەر شادلىقىدىن كۆپرەك هۇزۇر ئالدى، ئۇ يەنىلا پاك مۇهەببەت، هالال ئەر-خوتۇنلۇقنىڭ چىن گۇۋاهى ئىدى.

شۇندىن ئېتىبارەن ئۇلار مانا مۇشۇ سېغىنزلىقتا ئارىلاپ-ئارىلاپ كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى. زىلەيبۇۋى بېچارە سېغىز تۇپىغا چىقىش باهانىسى ئۇچۇن ساق تونۇرنى نەچچە قېتىم يۈزلەپ بوادى. ئانىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، توغاچ تونۇردىن بىرنى سالدى، قازان بېشى، هويلا-ئارامنىڭ سۇۋالمىغان يېرى قالمىدى. كېيىنرەك ئۇ تۇپىنى باهانە قىلغاندىن باشقا، سېغىزلىقتا كەچلىرىمۇ كېلىدىغان بولدى، نۇرشات هەربىر كۆرۈشكەندە،

كېلەر قېتىم كېلىدىغان كۈنىنىڭ ۋاقتى قەرەلىنى دەپ قويىتتى، ئىككىسى كۆپ كېچىكىشمەيتتى.

ئۆز ئېنىنى ئۆزى ئوغرىلاپ يېگەندەك بولۇۋاتقان بۇ غەلىتە ئىشلار بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، زىلەيبۇۋى ئۆز بويىدا ھامىلدارلىق ئالامەتلىرىنى سېزىپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. ئەمما، نۇرشاتنىڭ مەرد-مەردانىلىقى ئۇنى تەشۋىش بۇلۇتلىرىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن ئازاد قىلىپ، كۆز ئالدىنى يورۇتۇۋەتتى، زىلەيبۇۋى نۇرشاتتىن تېخىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى.

— بالا ئۆزۈمنىڭ ھالال پۇشتى! — دېدى نۇرشات، — نېمىدىن قورقاتتىڭ، ئەندىشە قىلىشىڭ ئورنىغا مېنى تەبرىكلىسەڭ بولىدۇ. داداڭ يامان دېسە، يېتىلىشىپ كېتىۋېرىمىز، ئۇنىمىسا، سوتقا دېسە سوتقا، ئوتقا دېسە ئوتقا چۈشىمىز، ئەمدى خەقنى ئايىغۇچىلىكىمىز قالمىدى، ھېچكىمنىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلىقىمىز يوق، بەلكىم سېنى يامانلاقتا ئولتۇرۇپ يامان بىلەن بۇزۇلدى دەيدىغانلار مەھەللىگىدىن چىقماس.

نۇرشاتنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ھەق ئىدى. خەلقى ئالەم ئۇلارنىڭ ئازگالدا كۆرۈشۈپ يۈرگىنىنى بىلىپ بولۇشقان ۋە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىشقانىدى. مەھەللىدىلەر زىلەيبۇۋى توغرىسىدا ھەر قانچە ھەسرەتلىك پاراڭ قىلىشقان بىلەنمۇ، ئۇنى تۇرسۇن سوپىلارغا تۈيدۈرۈشمىگەنىدى.

روزى ئىككىمىز تۇرسۇن سوپىنىڭ چاكىنا، خۇراپىي ۋە تەتۈرلۈكلىرى سەۋەب بولغان نۇرغۇن ئىشلار بىلەن بىللە نۇرشات، زىلەيبۇۋى ھەققىدىمۇ ئۇزاق پاراڭلاشتۇق، ھېسابلاپ باقساق، ئۇلارنىڭ ئىسسىق ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكىنىگە بىر يېرىم يىل بولۇپ قاپتۇ.

— ۋاي، زىلەيبۇۋىنى توپا بېسىۋاپتۇ!

— ۋاي، زىلەيبۇۋى توپىنىڭ تېگىدە قاپتۇ!

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمە گەپتۇ بۇ؟ ھاي، زۇۋانىڭنى ئۇقتۇرۇپراق بىر نەرسە دېگىنە، ئەنىڭ توپىسى ئۇ بېسىۋالغان؟

— سېغىزلىقتا، سېغىزلىقتا ...! ئۆڭكۈر ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ!

كۆز باغلىناي دەپ قالغان چاغ ئىدى. ئۆيىمىزنىڭ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىسىدىن تالادا! بولۇۋاتقان ئاياللارنىڭ ئەنسىز چۇقانلىرى تۇيۇقسىز ئاڭلىنىپ، ئۆزۈمنىڭ دەرۋازا سىرتىغا قانداق يۈگۈرۈپ چىققىنىمنىمۇ بىلمەي قالدىم. قولۇم-قوشنىلارنىڭ ھەممىسى پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى، كىشىلەر خۇددى ئوت ئۆچۈرۈشكە يۈگۈرۈشكەندەك، بەزىلىرى سېغىزلىق تەرەپكە، بەزىلىرى تۇرسۇن سوپىنىڭ ئۆيىگە چاپماقتا ئىدى.

مەن قوش قارىياغاچ يېنىدا تۇرسۇن سوپىدىن ئورۇنسىز قاتتىق يەرلىك گەپ ئاڭلاپ قايتىپ كىرگەنىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە خۇددى مېنىڭ «شۇم ئېغىز» لىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولغاندەكلا بولدى. مەن بىر ھازاغىچە دەرۋازا ئالدىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدىم. قەلبىمدە زىلەيبۇۋىگە نىسبەتەن ئۈچ كۈندىن بۇيان لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئېچىنىش ئوتى ئەمدى مېنى بىر يولىلا كۆلگە ئايلاندۇرىدىغاندەك قىلاتتى. تۇرۇپلا گاراڭگاس بولۇپ قالغاندەك قىلاتتىم. غەيرىتىمگە ئېلىپ ھوشۇمنى يىغسام، يەنىلا زىلەيبۇۋى ھەققىدىكى تەشۋىشلىك سۆز، شۇم خەۋەرلەر

ۋۇلىقىمغا كىرەتتى.
ئەسلىدە، زىلەيبۇۋىنىڭ يوقاپ كەتكە-
نىگە ئىككى ـ ئۈچ سائەتتىن ئېشىپ قالغانىـ
كەن. ئانىسى ئوغۇلـخان خېلى ساقلاپ بېـ
قىپتۇ، قولۇم ـ قوشنىلاردىن سوراشتۇرۇپتۇ،
دېرىكى بولماپتۇ. پەقەت ئۆيدە ئەپكەش ـ
چېلەكلەرنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغاندىن كېيىنلا
ياغلىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئاۋۋال ئۆستەڭگە،
ئاندىن سېغىزلىققا يۈگۈرگەنىكەن.
مەنمۇ كىشىلەر بىلەن سېغىزلىققا يۈ-
گۈردۈم. بىز بارغاندا ئۇ يەردىكى كىشىلەر
ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ يەردە بىر ئۆڭكۈر
گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، قول چىرىغى
بىلەن يورۇتۇپ قارىغاندا، پەقەت ئەپكەشـ
نىڭ ئۇچى بىلەن زىلەيبۇۋىنىڭ سول پۇ-
تىنىڭ ئۇچىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوغۇلخان
ئالىقاچان هوشىدىن كەتكەنىدى. كىشىـ
لەر كەتمەن، گۈرجەكلەر بىلەن توپىنى
هەدەپ قايرىماقتا ئىدى. تۇرسۇن سوپى
خۇددى ساراڭغا ئايلانغانىدى. ئۇ قېزىپ
چىقىرىلغان ئەپكەش ـ چېلەكلەرنى داراڭلىـ
تىپ هەر تەرەپكە ئاتاتتى. كۆپچىلىك تو-
پىنى هەر قانچە ئىتتىك كولىغان بىلەنمۇ
زىلەيبۇۋى ئالىقاچان جان ئۈزۈپ بولـ
غانىدى.
مېيىت خۇپتەن بىلەن ئۆيگە ئېلىپ
كېلىندى، يېرىم كېچىدە قۇدىلىرىمۇ يېتىپ
كېلىشتى، زىلەيبۇۋى ئەتىسى پېشىن ۋاقتى
بىلەن دەپنە قىلىندى، زىلەيبۇۋىنىڭ ئاتا ـ
ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ هازىسى
ئۈچۈن قىيا ـ چىيا قىلىۋاتقاندا، كىشىلەر
مەرهۇمنىڭ هاياتى ۋە ئۆلۈم سەۋەبلىرى
هەققىدە پىچىرلىشىپ، مۇهاكىمىلەرگە چۈ-
شۈپ كەتكەنىدى. هەتتا مۇنداق قازانى
«ئەجەل»، «تەقدىر» دېگەن بىر ئېغىز سۆز-
گە يىغىنچاقلايدىغان تەقۋادار كىشىلەرمۇ بۇ
مۇهاكىمىلەردىن خالى بولالمىدى. چۈنكى
زىلەيبۇۋى ئۇلار ئۈچۈن جىق تۈگۈچ، نۇر-
غۇن يېپ ئۇچلىرىنى قالدۇرغانىدى، مەسىـ
لەن، ئۆيگە ئازراقمۇ سېغىز توپا لازىم ئە-
مەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زىلەيبۇۋى
توپا قازىدىغان كىچىك گۈرجەك ياكى تالـ
تۈزىنىمۇ ئالمىغانىنىڭ تاشايىنىدا، هېچكىمگە
تۇيدۇرماي چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ
كۈندۈزى بارماي ـ نامازدىگەر ئارىلاپ بار-
غانلىقى بىلمىگەنلەرگە تېخىمۇ غەلىتە تۇ-
يۇلدى. جەسەت توپىدىن قېزىلىۋاتقاندا،
ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى باسالماي
خۇددى دادىسىدىن تاياق يېگەن كىچىك
باللاردەك هۆركىرەپ يىغلاپ كەتكەن نۇر-
شاتنى كىمنىڭ چاقىرىپ كەلگەنلىكى هەق-
قىدە ئۇ چاغدا ئۇلار ئويلاشمىغانىدى.
ئەمما، زىلەيبۇۋى بىلەن نۇرشاتنىڭ سېغىز-
لىقتا دىدارلىشىپ يۈرگىنىنى بىلىدىغانلار ئۇ
بىچارىلەرنىڭ بۇ يەرگە ئالدىن كېلىشىپ
قويغان دىدار ۋەدىلىرى ئۈچۈن كېلىشكەنـ
لىرىنى، هەتتا نۇرشاتنىڭ هەسرەتلىك يىغىـ
سىدا بۈگۈن كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن
ئالەمچە ئۆكۈنۈشىنىڭ بارلىقىدىن تارتىپ بىـ
لىپ بولۇشتى. لېكىن، هەقىقىي ئېچىنىشلىق چى-
لار نۇرشاتنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىنى دىدار
ۋاقتىسىدىن سەهۋەنلىك، دېگىنى بىلەن ها-
يات ۋاقتىسىدىن غەنىيمەت، دېيىشتى، چۈنـ
كى بۇ ئۆڭكۈرگە نۇرشات لەۋزە مىنۇتلىرىـ
دا يېتىپ كەلگەن بولسا، بىر ئەمەس، ئىككى
ئادەم ئۆلۈشى مۇمكىن ئىدى.
شۇنداق قىلىپ تۇرسۇن سوپى ئىككى
ياشنىڭ ئوت ئۇۋالىغا قالدى.

مۇردا چىقىسا، سەبرى كىرىدۇ، دېگەن
گەپ بار. زىلەيبۇۋى كۆمۈۋېتىلدى، يىغا ـ

زاره قىلىشىدىغانلارمۇ شالاڭلاپ قالدى. ئەمما، كىشىلەرنىڭ كۆز ياشلىرى ئۆلۈمدىن كېيىن گەپ - سۆزگە ئورۇن بەرگەندەك بۇ قازا توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلەر باشقىچە تەلەپپۇزدا ئەۋج ئالغىلى تۇردى. ئۆلۈمدىن كېيىنكى پاراڭلارنىڭ، ھازىدارلار دائىرىسى بىلەن چەكلىنىپ، ئاستا - ئاستا بېسىلىپ قالدىغانلىقى تەبىئىي ھال ئىدى، بۇ خۇددى ئەتراپنى قىزدۇرغان ئوتنىڭ ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ بېسىلىپ قالغىنىغا ئوخشايتتى. ئەمما، تۇرسۇن سوپىلار ئائىلىسى بىلەن ئۇلارنىڭ بەزى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، مۇتەئەسسىپ مۇرىدلىرى ئۆلۈمنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا باشقىچە ئىس - تۈتەك تارقاتتى. نېمىسىنى يوشۇراي؛ ئۆلگىمۇ ئاتقان مىش - مىش گەپلەرگە قارىغاندا، زىلەيبۇۋىنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇنىڭ جاھىل ئاتا - ئانىسى ئەمەس، گويا مەن، مېنىڭ «شۇم ئېغىز» لىقىم سەۋەبچى بولۇپتۇدەك. قارىغاندا، مېنىڭ كېيىم بىلەن ئۆلۈم ئوخشىسىغا كىلىپ قېلىپ، مەن تازا يانپاشقا چىققاندىم. بۇ گەپلەرنىڭ ماڭا يەتكۈزۈلۈشى زىلەيبۇۋىنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ قورقۇنچلۇقراق بولۇپ تۇيۇلدى. ئاپام ماڭا ئۇنىڭ باش - ئايىغىنى تەشۋىش ۋە ئالاقزادلىك ئىچىدە ئارانلا ئاڭغىنى دەپ بەرگەن بولدى:

— تەقدىرغۇ دەيمىز، — دەپتۇ زىلەيبۇۋىنىڭ چوڭ ئاپىسى نامازنىڭ ئەتىسى ئاق ياغلىقلىق ئاياللار پەتە قىلىپ كىرگەندە، — شۇنداقتىمۇ، ئىگىسى بەزى ئىشلارنى كىشىلەرنىڭ خۇي - پەيلىگە، گەپ - ئاغزىغا قاراپمۇ بۇيرۇغۇدەك. تېخى ئۈچ كۈنىنىڭ ئالدىدىلا مۇنۇ غۇنچەمنىڭ ھېلىقى شەھەردىن چىققان ئوغلى مۇختەر قوش قارىياغاچنىڭ تۈۋىدە ئاشۇ سېغىزلىق توغرىسىدا خەقنىڭ يادىدا يوق بىر گەپنى قىپتىكەن. بىزنىڭ سوپى ئۇنىڭ دەككىسىنى بېرىپ قويدۇم دەپ كىرگەندى، مانا، تىلىسەڭ تاپارسەن! دېگەندەك، ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا شۇم ئېغىزلارنىڭ دېگىنىدەك بولدى، كىتاب ھۆكمىدە مۇنداق سۆزلەش قەۋەتلا يامانمىش.

— ۋىيەي رابىيخېنىدە! — دەپتۇ ئاپاممۇ چىدىيالماي، — مېنىڭ بالام زىلەيبۇۋىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىمىگەن بولغىيتتى؟! نېماندىق مۇختەرجاندىن كۆرۈۋسىز؟ دېمىسىمۇ، سېغىزلىقتىكى ئۆككۈرلەرنىڭ ئۆلۈم پۇراپ تۇرغىنى راست ئەمەسمۇ؟

رابىيخان جاۋاب ئۈچۈن ئېغىز ئاچقىچە، بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئوغۇلخان كۆكەمىلىك قىلىپ، يېڭىباشتىن ھازا ئېچىپ، ئۆيىنى بېشىغا كىيىپتۇ. ئۇنى بەزلەش ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بىزنىڭ «دۈشمەن» لىرىمىزگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، خېلى كۆپ ئاياللار مېنى شۇم ئېغىزلىقتا سۆكۈشۈپتۇ. خۇددى مەن ئەمدى يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسام، ئۇلار ئۆلۈپ قېلىشىدىغاندەك، تۇشمۇ تۇشتىن ئانامغا تېگىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، مەن ھاۋارايى ئىدارىسىدە خۇدانىڭ ئورنىدا سۆزلەپ، كۆپۈرلۈك قىلىپ يۈرۈپ، شۇم ئېغىز بولۇپ كېتىپتىكمىشمەن! ئەمما، تۆۋە - ئىستىغپار ئوقۇسام، گۇناھلىرىم ساقىت بولارمىش.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قۇدۇقتا چۆشكەن تاشتەك، بىر ھازاغىچە جىم بولۇپ كەتتىم، ئاياللار، دەپ، ئۇلارغا پەرۋا قىلماسلىقىم، ئاز ساندىكىلەر، دەپ ئويلانماسلىقىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار بايىقى خۇراپىي، دەرۋىشپەرەسلەنىڭ خوتۇنلىرى بولۇپ، دەل ئۆز ئەرلىرىنىڭ ئاغزىدا

سۆزلەۋاتاتتى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن يېنىمغا يەنە روزى كىرىپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەرنىڭ بامدات نامىزىدىمۇ بولغانلىقىنى يەتكۈزدى، بۇنداق زىلەيبۇۋى بىلەن نۇرشاتنى ئاز دەپ مېنىڭ ئۇۋالىمغىمۇ قالدىغان ھۆكۈملەرنىڭ بېشىغا قېقىپ تاشلىغۇدەك ئادەملەر، ئاڭلىسام، بۇ قەۋم ئىچىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن خۇراپاتلىققا بېلىگىچە پېتىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، ياكى تۇرسۇن سوپىنىڭ رايىغا بېقىپ يۈرۈپ، ئاشۇنداق بولۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، بۇنىسىنى بىلەلمىدىم. روزىنىڭ دېيىشىچە، تۇرسۇن سوپى مېنى چايناپ يۇتقۇۋەتكۈدەك بولۇپ يۈرگۈدەك، ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى ئىچىدىمۇ ماڭا پىچاق بىلەپ يۈرگەنلەرنى يوق دېگىلى بولمايدىكەن. ئەجەپلىنەرلىكى، مۇنداق ئۆلۈملەرنى «قازا»، «تەقدىر» بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ھازىدارلارنى تەسەللىي تاپقۇزغۇچىلارمۇ ماڭا كەلگەندە تىپتىنچ بولۇۋاپتۇ. قارىغاندا، بۇنىڭغا مېنىڭ ھاۋارايى ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغانلىقىممۇ سەۋەب بولغاندەك قىلاتتى؛ يائاللا، قىشلاق، — دەيتتىم مەن ئىچىمدە، — نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىغانسەن؟ زامانىۋى ھايات سەپىرىدە كىشىلەر نەگە يېتىپ باردى، سەن نەلەردە يۈرۈسەن؟ ئەمما، بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ، بۇ يەككە - يېگانە چەت يېزىنىڭ شەھەر بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقىسىنىڭ شالاڭلىقى، مائارىپنىڭ تەرەققىي تاپمىغانلىقى، ھەددىدىن ئاشقانلار بىلەن قانۇننىڭ كارى بولمىغانلىقى، پەن - تېخنىكىنىڭ تەشۋىق قىلىنمىغانلىقى قاتارلىق جىق ئىشلارنى يادىمغا ئالدىم. تۇزۇككىنە بىر خۇلاسىگە كېلەلمىدىم، ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ، ئويلىمىغان يەردە «شۇم ئېغىز» بولۇپ قالغانلىقىم كاللامدىن كەتمەيتتى.

— بالام، — دېدى ئاپام روزى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەندىن ئەنسىرەپ، — زىلەيبۇۋىنىڭ گەپ - سۆزى بېسىلغىچە مۇشۇلارنىڭ كۆزىدە بولمىغىنا، شەھەرگە قايتىپ كەتكىن. بۇ مېنىڭ سېنى ئۆيدىن قوغلىغانلىقىم ئەمەس، قارا قورساقلارنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، قاراپ تۇرۇپ بىرسى ساڭا قول سېلىپ قويمىسۇن.

ئانامنىڭ تەشۋىشلىرى دۇرۇس ئىدى. گەرچە تۇرسۇن سوپى قاتارلىقلارنىڭ قارشىسىدا نۇرغۇن ياشلار ۋە مېنىڭ بەزى ئاڭلىق بۇرادەرلىرىم بولسىمۇ، لېكىن بۇ مىنۇتلاردا ماڭا ئۇلار ئەسقاتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا تۆت - بەش كۈننىڭ ئالدىدا قوش قارىياغاچنى سايىداپ تۇرۇپ قىشلاقلىقلارنى قامچىلىغان مەن ئەمدى چاققانىراق قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى ۋاقتىنچە بولسىمۇ، ئۆز مەھەللەم تەشۋىشلىك بولۇپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەن «شۇم ئېغىز» خۇددى تىغ - پىچاقلار ئارىسىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندەك، شەھەرگە قاراپ تىكىۋەتتىم. يول بويى مۇنۇ بىر گەپنىلا تەكرارلايتتىم:

— مەن بۇ ئىشلارنى چوقۇم بىر يازغۇچىغا سۆزلەپ بېرىمەن ھەمدە ئۇنىڭدىن: زىلەيبۇۋى رەھمەتلىكنى زادى تۇرسۇن سوپى ئۆلتۈردىمۇ، ياكى مېنىڭ «شۇم ئېغىز»لىقىم ئۆلتۈردىمۇ؟ دەپ سورايمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارزۇلان

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# ئىككى ھېكايە

## مەن يىغلىماي كىم يىغلايدۇ

ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىم، سىلەر تۇخۇمدىن تۈك ئۈنگەننى كۆرگەنمۇ؟ ئېھتىمال، بۇنداق ئىشنى كۆرگەنمۇ، ئاڭلىغانمۇ ئەمەسسىز، دەپ جاۋاب بېرەرسىلەر ۋە بەلكى، بۇنداق غەلىتە بىر سوئال سورىغىنىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلەرسىلەر. ئالدىرىماڭلار، جاھاندا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرەلەيدىغان سېھىرگەرلەرمۇ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈنىدىغان چاغلارمۇ بولىدىكەن. ئىشەنمىسەڭلار، يېقىندىلا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي.

مەن ئەسلىدىنلا كەڭ قورساق، مۇلايىم، تۈز كۆڭۈل ئادەم ئىدىم. كەسپىي مەسئۇلىيىتىمنى كۈچلۈك ھېس قىلىپ تۇرغاچقىمۇ، ماڭغان يولۇمدا ئەھمىيەتلىك بىرەر ئىز قالدۇراي دەپ ھارماي-تالماي تىرىشاتتىم. كۈندۈزنى كېچىگە، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلايتتىم. دەرۋەقە، يېشىم قىرىقتىن ئەمدىلا ھالقىغىنىغا قارىماي ماڭا زور شان-شەرەپلەر نېسىپ بولدى، پات-پات مۇكاپات سەھنىسىگە چىقىدىغان، گېزىت-ژۇرناللاردا، رادىئو-تېلېۋىزورلاردا، چوڭ-چوڭ رەھبەرلەرنىڭ ئاغزىدا ماختىلىدىغان بولۇپ قالدىم. قىزىل تاشلىق گۇۋاھنامەممۇ ئون نەچچىگە يېتىپ، يۈز-ئابرويۇم ئۆسۈپ قالدى. دەرىجە ئاتلىتىپ بېرىلگەن ئۇنۋانىمغا ۋە قازانغان شان-شەرىپىمگە لايىق، يۆتكىلىپ كەتكەن باشلىقىمىزدىن قالغان بىر يۇرۇش ئازادە ئۆينى ماڭا بۆلۈپ بېرىشتى.

ئەمما، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاسمىنى داۋاملىق ئوچۇق، ئاپتاپلىق بولىۋەرمەيدىكەن، ئۇنىڭ بورانلىق، شىۋىرغانلىق چاغلىرىمۇ بولىدىكەن. كىم بىلسۇن، تەقدىرىمنىڭ يەلكىنى ئوڭ كەلگەن ئامەت شامىلى بىلەن بەكمۇ ئوڭۇشلۇق ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا، كىملەردۇر تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈردى، ماڭا قورقۇنچلۇق بىر بەدنام چاپلاشتى. ئاقىۋەت شان-شۆھرەت چوققىسىدىن بىردىنلا غۇلاپ، پالاكەت ھاڭغا چۈشۈپ كەتتىم. پالانىدىن چاتاق چىقىپتۇ، خىزمەتتىن توختىتىلىپ تەكشۈرۈلۈۋېتىپتۇ، دېگەن قاناتلىق شۇمخەۋەر بىر سوتكىنىڭ ئىچىدىلا پۈتۈن شەھەرنى كېزىپ چىقتى. نەگىلا بارماي، ھەممە نەرسە — ئادەملەرمۇ، دەل-دەرەخلەرمۇ، ئۇچار قاناتلارمۇ ماڭا ئەيىبلەش نەزەرىدە قاراۋاتقاندەك، يۈزۈمەمۇ خۇددى ئوت ئېلىپ كۆيۈۋاتقاندەك تۇيۇلغىلى تۇردى. مەنغۇ ئۆز-ئۆزۈمگە ئاق، لېكىن، ئۇچرىغانلىكى ئادەمنىڭ ئالدىنى

توسۇپ، «بۇ تۆھمەت، بۇ تۇخۇمدىن تۆك ئۈندۈرگەنلىك، مەن ئۇنداق ئاق، مۇنداق پاك» دەپ چۈشەندۈرەلىشىم مۇمكىنمۇ ئاخىر!

شۇنداق قىلىپ، قويۇق ئۆسكەن قارا تېرەكلەر ئارىسىدىكى چىرايلىق ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيۈم مەن ئۈچۈن بىردىنبىر پاناھلىنىدىغان جاي بولۇپ قالدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە چىشىمنى غۇچۇرلىتىپ، پېشانەمگە دوك ـ دوك مۇشتلىغاچ تۆت ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاپ چىقىمەن، بەزىدە نەپەس كاردون قەغەز بىلەن بېزەلگەن تورۇسقا قاراپ قېتىپ قالىمەن، رەڭلىك گۈللۈك رەخت چاپلانغان تاملارمۇ كۆزلىرىمگە قەپەس شادىسىدەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ، شۇنچە كەڭ ـ كۇشادە ئۆيىدىمۇ نەپەسىم سىقىلىدۇ.

ئۆيگە سولىنىپ ياتقان كۈنلىرىمنىڭ بىرى، غەرب ئۇپۇقى ئىزا تارتقان ئەيىبكارنىڭ يۈزىدەك قىزىرىپ تۇرغان چاغ. مەن ئاشۇ ئۇپۇق تەرەپكە ئېچىلىدىغان دېرىزىدىن ــ سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقە باغلىيالايدىغان بىردىنبىر رۇجەكتىن تاشقىرىغا قارىماقتىمەن. ئىللادەك سارغىيىپ كەتكەن كۆز يوپۇرماقلىرى ھېسابسىز كۆزلەرگە ئايلىنىپ ماڭا تىكىلىپ تۇرىدۇ، قارا تېرەكلەرنىڭ پۆپەك شاخلىرى كۆز شامىلىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مېنى ئەيىبلەپ باش چايقاۋاتقاندەك ئىغاڭلىشىدۇ. يېقىنلاپ قالغان قىش شەپىسىنى تۇيۇپ، قورقۇنچ ئىچىدە نالە قىلىۋاتقان قۇشقاچلارمۇ مېنى كۆرۈپلا سايراشتىن توختاپ قالىدۇ. پۈتۈن ئۆي ماڭا بىپايان كائىناتتا يەككە ـ يېگانە لەيلەپ يۈرگەن مۇئەللەق ئۆڭكۈردەك بىلىنىدۇ. ئۆزۈمنىمۇ ئاشۇ مۇئەللەق ئۆڭكۈردە ھەر قانداق جانلىقنىڭ ئالاقىسىدىن مەھرۇم ھالدا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمتۈك قىياپىتىدە ھېس قىلىمەن. ئالدىمدىمۇ، كەينىمدىمۇ، ئوڭۇمدىمۇ، سولۇمدىمۇ ھېچقانداق بىر تىۋىش يوق. مېڭەممۇ خۇددى مېڭە قېتىقلىرىم قانداقتۇر بىر رەھىمسىز يىرتقۇچ مەخلۇق تەرىپىدىن سۈمۈرۈپ ئېلىنغاندەك قۇپقۇرۇق، پەقەت پۇچىلىنىۋاتقان يۈرىكىملا كۈچەپ سوقىدۇ، سوقۇۋېتىپ، جىسمىمدىكى بارلىق قاننى ئۆز قېرىنچىلىرىغا توپلايدۇ ـ دە، يۇقىرى بېسىم بىلەن گەجگەمگە ئۇرىدۇ، قۇلاقلىرىمنىڭ كەينى بازغان بىلەن ئۇرغاندەكلا ئوقۇلداپ ئاغرىيدۇ...

شۇ چاغدا، نەزەرىم ئۈمىدنىڭ بىرەر نۇرلۇق تۇچكىسىنى ئىزدەۋاتقان ئۇپۇقتىن يەنە دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا، دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدىن دەرەخ غولىنى بويلاپ ئۇشۇشۇك زەربىسى بىلەن قۇرۇپ قالغان چۆپلۈككە ئاغدى. ئاشۇ چۆپلۈكتە يۈرگەن نامەلۇم بىر گەۋدە كۆزۈمگە چېلىقتى. دەسلەپتە، ئۇنى كەچلىك سەيلىگە چىققان بىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم، كېيىن تونۇش ئالامەتلىكلەرگە قاراپلا ئۇنىڭ نۇر توختى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلدىم ـ دە، دېرىزە پەردىسىنى شارتلا قىلىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، نۇر توختىنىڭ پاكار بەستىگە پەردە يېرىقىدىن قارىدىم.

مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك كېلىدىغان نۇر توختى ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ۋە ياتاقدىشىم ئىدى، ھازىرمۇ مەن بىلەن بىر ئورۇندا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلەيتتى. بىر قانچە يىل بىللە ئوقۇپ، بىللە يېتىپ ـ قوپقىنىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوبدانلا كۆڭۈل بۆـ

لەتتىم، ئۆستۈرۈلۈشكىمۇ ھەل قىلغۇچ تەـ
سىر كۆرسەتكەنىدىم، ئۇمۇ ماڭا ئۆزىنى بەكـ
لا يېقىن تۇتاتتى، مەنمۇ ئۇنى ئاغىنە ھېـ
سابلايتتىم، ئۇنىڭمۇ مېنى ئاغىنە ھېسابـ
لايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتىم. بىراق،
ئۇخۇمدىن ئۆك ئۇنىگەندىن بېرى بىرەر قېتىم
بواسىمۇ ئۆيۈمگە كېلىپ، ئەھۋالىڭ قانداقـ
راق، دەپ سوراپ قويمىدى، دەپ خاپا
بولۇپ يۈرگىنىمدە، ئۇنىڭ دېرىزەمنىڭ تۈـ
ۋىگە سەيلىگە كېلىشى مېنى ئويلاندۇرۇپ
قويدى. مەن چېڭقىلىپ تۇرغان كۆزلىرىمنى
ئۇنىڭدىن ئۈزمىدىم.

نۇر توختى مەن تۇرغان بىنا بىلەن
پاراللېل جايلاشقان قۇرۇق ئېرىقنى بويلاپ
قوللىرىنى كەينىگە تۇتقىنىچە خۇددى قەدە
مېنى ساناۋاتقاندەك يوغان - يوغان چامداپ
ئۇيان - بۇيان ماڭماقتا ئىدى. بەزىدە باسـ
قان ئىزىدا چېپپىدە توختاپ، مەن تۇرـ
غان دېرىزىگە تىكىلىپ، ئاغزىنى ئاچقان
پېتى تۇرۇپ قالاتتى، بەزىدە نەزەرىنى ئىگـ
كىنچى، ئۈچىنچى دېرىزىلەرگە يۆتكەيتتى.
كۆز گۆھىرى تالاي دېگەندە ئاندىن كۆزـ
لىرىنى بىرلا ئۇۋۇلىۋېتىپ مېگىشنى داۋام
ئېتەتتى. مەيلى قانداقلا ماڭمىسۇن، ئۇنىڭ
قەدەملىرى ئۆيۈمنىڭ غەربكە قارايدىغان
ئۈچ دېرىزىسىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتـ
مەيتتى. نۇر توختىمۇ مېڭىپ ھارمىدى،
مەنمۇ قاراپ ھارمىدىم، ئارىدىن
قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتىكىن،
ئۇنىڭ قوپال تاشلانغان قەدەملىرىگە قاراـ
ۋېرىشتىن زېرىكتىم - دە، دەھلىزدىن ئۆتۈپ
ئۆيۈمنىڭ كۈنچىقىشقا قارايدىغان دېرىـ
زىسى ئالدىغا كەلدىم.

قىزىق، كۈنچىقىش تەرەپتىكى دەـ
رەخلىكتىمۇ ئېگىز بويلۇق، يالاڭباش بىر
كىشى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇمۇ ئوخشاشلا
كۈنچىقىش تەرەپكە ئېچىلىدىغان دېرىزـ
لەرنىڭ ھەممىسىگە نۆۋەت بىلەن تىكىلىپ
چىقاتتى. ئۇ تۇرغان تەرەپ ئاللىقاچان گۇـ
گۇم پەردىسىگە چۆمكىنىپ ئۈلگۈرگەچكە
بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى ئېنىق پەرق ئەتكـ
لى بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ نۇر توختىغا
ئوخشاش بىئەپ چامداشلىرى كىشىنى ئويغا
سالماي قالمايتتى.

دەرۋەقە، مەن ئويلىنىپ قالدىم، ئويلىنىـ
ۋېتىپ، كۆز ئالدىمدىلا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۇ
گەۋدىنى خۇددى نۇر توختىغا ئوخشاش ئاغىنـ
نىلىرىمنىڭ، يېقىنلىرىمنىڭ بىرى بولسا كېرەك،
دېگەن يەرگە كەلدىم. ئەمىسە، بۇ ئاغىنىـ
لىرىم نېمە دەپ ئەندىشىلىك كۆزلىرىنى
دېرىزىلىرىمدىن ئۈزمەيدۇ، ئۆيۈمنىڭ كۈنـ
چىقىش تەرىپىدە بىرى، كۈنپېتىش تەرىـ
پىدە بىرى - ھە؟

كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ تولا ئويلىنىـ
ۋېرىپ، نېرۋىلىرىم تامامەن كاردىن چىقـ
قاندۇر دەپتىكەنمەن، لېكىن، نېرۋا ھۆـ
جەيرىلىرىمنىڭ بىر قىسمى يەنىلا ئۆز فۇنكـ
سىيىسىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان بولسا
كېرەك، بۇ تېپىشماققا جاۋاب تېپىشقا كۆپ
ۋاقىت كەتمىدى، جاۋاب تاپتىم - دە، پۈـ
تۈن ئەزايىمنى ئارىلاپ چىققان بىر ئىسـ
سىق ئېقىم ھېسسىياتىمنى قاينىتىۋەتتى. ئۆـ
زۈمنى زادىلا تۇختىتىۋالالمىدىم، كۆز چاـ
ناقلىرىمنى تولدۇرغان مىننەتدارلىق يېشى
خۇددى باھار تاشقىنىدەك تېشىپ، مەڭزىمـ
گە ساقىپ چۈشتى.

ئاھ، شەپقەتلىك ئاغىنىلىرىم، سىلەرـ
دىن ئۆرۈلىسىز ئاغرىنغىنىم ئۈچۈن مېنى
كەچۈرۈڭلار، — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە مەڭزىمـ
نى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بېشىمغا كۈن چۈشـ

كەندە غېمىمنى يەپسىلەر، باشقىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن قورقماي، مېنى قوغداپسىلەر، لېكىن، خاتىرجەم بولۇڭلاركى، ئاغىنەڭلەر ھەرگىز ئۆز ھاياتىغا ئېتىبارسىز قارايدىغان تەنتەكلەردىن ئەمەس، ئۇ تېخى ياشايدۇ، تاكى تۆھمەتخورلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئېچىلىپ، ھەقىقەت قۇياشى پارلىغۇچە ياشايدۇ!

پەرەز قىلىشىمچە، ئۇلار مېنىڭ كۆتۈلمىگەندە كەلگەن بۇ ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئېلېكتىر سىمىغا ئېسىلىپ ياكى دېرىزىدىن ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشىمدىن ئەنسىرىگەن ۋە كېچە ـ كۈندۈز دېرىزەمنى كۆزىتىپ، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇمنى نازارەت قىلىۋاتقانىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى ئارتۇقچە بولسىمۇ، لېكىن، دوستلىق ئەقىدىسى تولىمۇ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك ئىدى.

بۇ ھال مەندەك دىلى سۇنۇق، كۆڭلى يارا ئادەمنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايتتى.

شۇ كۈنى مەن تولىمۇ ھاياجانلاندىم، تاكى ئاشۇ ئىككى گەۋدە گۇگۇم پەردىسى ئاستىدا غايىپ بولغۇچە ئىككى تەرەپتىكى دېرىزىلەر ئارىسىدا قاتراپ يۈردۈم.

ئارىدىن يەنە ئون نەچچە كۈن ئۆتتى، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگۈچى قارا يۈزلەرنىڭ سېھىرگەرلىكى ئاخىرى پاش بولدى، پاك نامىمغا چاپلانغان تۆھمەتنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلۇپ، ھەممە نەرسە ئەسلى ھالىتىگە قايتتى. تەشكىلنىڭ رەسمىي ئۆزرەخاھلىقىدىن كېيىن، بىر ئاي داۋام قىلغان كۈلپەتلىك ئۆتمۈشنى كەينىمگە تاشلىدىم ـ دە، ھېچقانداق ئاداۋەت ـ خۇسۇمەت ساقلىماي، جىن ـ شەيتانلار ئارىسىدىن ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كەلدىم.

ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدىمىكىن دەپتىمەن، يۈرىكىمگە يەنە بىر بېگىز سانجىلدى. بۇنداق دېسەم، ھېلىقى تۆھمەت يەنە راستىقا ئايلىنىپ قالدىمىكىن ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق بىرەر تۆھمەت چاپلانىدىمىكىن دەپ ئويلاپمۇ قالماڭلار، تۆھمەتنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق ئىكەن، ئىشەنچەڭ تولۇق، كۆڭلۈڭ توق بولسىلا، تۆھمەتنىڭ قانچىلىك ئۇستىلىق بىلەن چاپلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدىكەن. ئەمما روھىي ئازابنىڭ دەردى بولسا باشقىچىلا يامان ئىكەن. نامىم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، بېشىمغا كۈن چۈشكەندە مېنىڭ غېمىمنى يېگەن ھېلىقى ئىككى ئاغىنەمنى تېپىپ، بىر بوتۇلكا ھاراق قۇيۇپ بېرەي، تەشەككۈرۈمنى ئىزھار قىلاي دېگەن بولساممۇ ئۇلارنى زادىلا ئۇچرىتالمىدىم، «ئۇلار مېنى ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ دەپ ئويلاپ قالسا قانداق قىلىمەن، بېشىمغا يەنە كۈن كەلمەيدۇ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈنمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟» دەپ ئويلىدىم.

مەن ئەنە شۇنداق ئوي بىلەن تىت ـ تىت بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى نۇر موللاق دېگەن ئاغىنەم ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدى ـ دە، مەن بىلەن كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇردى. ئۇ مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىدى، نۇر توختى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئۇ ئىدارىمىز دائىرىسىدە يېقىن ئۆتىدىغان ئىككى ئاغىنەمنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئارىلىقتا مەن بولغىنىم ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇلار ئۆزلىرىچە تېپىشىۋالغانمۇ، ئىشقىلىپ نۇر توختى بىلەن نۇر

موللاقنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىمۇ ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى. بويى ئېگىز بولغاچقا سەل دۈمچەك كۆرۈنۈدىغان، قاچانلا قارساڭ كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان نۇر موللاق ماڭا تۆھمەت چاپلاپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەن ئۇياتسىز كىشىلەرنى ئەڭ يامان ئىباردىلەر بىلەن تىللاپ، ئەسلىدىنلا پاك ئىكەنلىكىمنى، ئېغىر كۈنلەردىمۇ تەگرىتاغ چوققىسىدەك تىك تۇرغىنىمنى بىر ھازا ماختاپ چىققاندىن كېيىن مەندىن جىددىي يوسۇندا سورىدى:

— ھوي، نۇر توختى ئۈستىدە تارقىلىپ يۈرگەن بەزى گەپلەرنى ئاڭلىدىڭمۇ ئاداش؟ ئەجەپ تۈزكور نېمىكەنا ئۇ.

— يېقىندىن بىرى ئۇنى كۆرمىدىم، گەپ ئاڭلىغۇدەكمۇ بولمىدىم، ئۇششاق گەپ بىلەن كىمنىڭ ئىشى؟!

— ۋايىيەي، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گەپلەرنى ئۇششاق گەپ دېگىلى بولامدىغان، — نۇر موللاق سارغۇچ بۇرۇتىنى سىيلاپ قويۇپ، ئولتۇرغان ئورۇندۇقىنى مەن تەرەپكە سۈردى ۋە ئەتراپىغا قارىۋېلىپ كېيىنى داۋاملاشتۇردى، — يەنە كېلىپ بۇ گەپلەر سەن بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك جۇمۇ، دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، دېمەي دېسەم دىلىم، مېنىڭ ئۇششاق گەپلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمەيدىغانلىقىمنى سەنمۇ ئوبدان بىلىسەنغۇ؟

مەن ئىندىمىدىم، لېكىن، ئادەتتە بىر رۇمكا ھاراق ئاپسىمۇ نۇر توختىسىز ئىچمەيدىغان نۇر موللاقنىڭ ئەمدى نېمە دەپ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان بولۇپ قالغىنىغا سەل ھەيران قالدىم.

— بىز ئاغىنىغۇ، بىر - بىرىمىزدىن گەپ يوشۇرمايمىزغۇ، مەيلى مەن دەۋېرەي، بۇندىن كېيىن نۇر توختىنىڭ كېيىدىن، قىلىقلىرىدىن ھېزى بولساڭلا بولىدىغۇ.

ئۇ مېنىڭ بۇ گەپلەرگە ئانچە قىزىقماي ئولتۇرغىنىمنى تۇيۇپ تۇرۇپ، تۇيماسقا سالدى - دە، بۇرۇتىنى يەنە بىر سىيلاپ قويۇپ دېدى:

— ئاڭلىسام نۇر توختى دېگەن قارا يۈز ئىشتىن توختىتىپ قويۇلغىنىڭنى ئاڭلاپلا ئىدارىگە دوكلات يېزىپتۇ، نېمىلەرنى يېزىپتۇ دەپ سورىمامسەن، سەن ئۈرۈلسەڭ سېنى بۇ ئۆيدىن كۆچۈرۈۋېتىدۇ ئەمەسمۇ، ئاشۇ ئۆينى ماڭا بەرسە دەپ تەلەپ قىيۇپتۇ!

— ھەي، بۇ گەپلەرگىمزە...

— بۇ گەپلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ دېمەكچىمۇ سەن؟ گەپنىڭ قىزىقى مانا ماۋۇ يەردە. ئۇ تېخى ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆيۈڭنىڭ كەينىگە كېلىدىكەن - دە، دېرىزىلىرىڭگە سىنچىلاپ قاراپ، ئۆي كۆلىمىنىڭ قانچە كۋادراتمېتىر كېلىدىغانلىقىنى قەدەملىرى بىلەن ئۆلچەيدىكەن، ئاڭلىسام، ئۆي جاھازىلىرىنىمۇ ياستىپ بوپتىكەنمىش!

— ھە، شۇنداق ئىشلارمۇ بوپتۇمۇ بۇ جاھاندا؟

— بولمايچۇ، مانا ئەمدى سەنمۇ يېقىلمىدىڭ، ئۆيدىنمۇ كۆچۈرۈۋېتىلمەيسەن، ئۇنىڭمۇ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشتى، خوپ بولدى، خوپ بولدى.

نۇر موللاقنىڭ ئىشىكتىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمايلا قالدىم. غەزەبتىن يېرىلاي دەپ تۇرغان چېغىمدا يەنە ئىشىك قېقىلىپ، ئۆيگە نۇر توختى كىرىپ كەلدى. ئۇ كەيپىياتىمغا زەن قويمايلا مېنى ماختاشقا باشلىدى، كېيىن نۇر موللاقنى تىللىغىلى تۇردى. بويىنغا چۈشكەن

تىرناق ئىزىنى، ياڭاقتەك كۆكىرىپ چىققان قاپىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۆتكەن ھەپتىدە يوقىلاڭ بىر سەۋەب بىلەن ياقىلىشىپ قالغاندا نۇر موللاقىنىڭ ئۆزىنى بۇ ھالغا كەلتۈرگىنى ئۈستىدە داتلىدى. مەن ئۆيدە سولىنىپ ياتقاندا ئۇنىڭ ئۆيۈمىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىنى، مەن غۇلاپ چۈشكەندىن كېيىن ئۆيۈمنىڭ جەزمەن ئۆزىگە بېرىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا نېمىلەرنى دېگىنىنى ئۆزى بىلگەن پاكىتلار بىلەن ئالدىمغا يايدى.

كۆزلىرىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى، مەن ھەممىنى چۈشەندىم. بىراق، نۇر توختىنىڭ يەنە بىلجىرلاۋېرىشىگە ئەسلا چىداپ تۇرالمىدىم، ئاخىرى قۇلاقلىرىمنى ئېتىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردىم-دە، خوتۇن-بالىلىرىمنىڭ كۆزىچىلا ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدىم، يىغلىدىم دېسەم ھەيران قالماڭلار، راستىنى ئېيتسام، بارى-يوق ئىككىلا ئاغىنەم بار ئىدى، مەن ئۆز تەقدىرىمدىن قايغۇرۇپ يۈرگەن چاغدا ئاشۇ ئىككى ئاغىنەم ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ بىلەن بولسىمۇ كۆڭلۈمنى ياساپ قويماق تۈگۈل، مەندىن قالىدىغان مىراسنى تالىشىپ، ياقىلىشىپ يۈرسە، ئەمدى بۇ دۇنيادا ماڭا ۋاپادار دوست تېپىلارمۇ؟ قېنى ئېيتىڭلار، مۇشۇنداق ئەلەملىك پەيتتە مەن يىغلىماي كىم يىغلايدۇ؟ مەلۇم بىر مۇتەپەككۇر: «ئادەم — تەتۈر ئۆسكەن دەرەخ، ئۇنىڭ شېخى ئاستىدا، يىلتىزى ئۈستىدە» دېگەنىكەن، خۇداغا شۈكرى، ئادەملەر ھېلىمۇ تەتۈر يارىلىپ قاپتۇ، ئەگەر ئوڭ يارىلىپ قالغان بولساق يەنە نېمە كارامەتلەرنى كۆرسىتەر ئىدۇقكىن-تاڭ؟!

## چىرايلىق چوكان

... يېرىم كۈنلۈك چۆل يولى ئاخىر كەينىمىزدە قالدى. چوغدەك تاۋلىنىپ تۇرغان تومۇز قۇياشى بۇلۇتسىز ئاسمان گۈمبىزىدە تىكلەنگەن چاغدىلا ئاندىن تاشيول بويىغا جايلاشقان يېزا بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۈزۈلدۈرمەي سىگنال بېرىپ، قايناۋاتقان قازان مىسالى قىزىپ كەتكەن بازاردىكى ئادەم، ئات-ئۇلاغ ئارىسىدىن ئېھتىيات بىلەن يول ئېچىپ، بىر كونا تام يېنىدا توختىدۇق-دە، ماشىنىدىن چۈشۈپ، بازارچىلار ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتتۇق.

ماشىنىلىق سەپەر دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان گەپ ئىكەن، ماشىنىدا ئولتۇردۇم دېگىنىڭ بىلەن، سەكرەپ-قاڭقىپ، ئۈچەي-باغرىڭ يەتكۈچە چايقىلىدىكەن. بولۇپمۇ، تومۇز كۈنلىرى خۇددى خۇمداندەك قىزىپ كېتىدىغان لاتا پىكاپ تېنىڭدىكى نەملىكنى سۈمۈرۈۋېرىپ، ئاغزىڭنى قۇم تىققاندەكلا قۇرۇتۇۋېتىدىكەن. ئالقانچىلىك سايە، مۇزدەك بىر چىنە دوغ كۆزۈڭدىن ئۇچىدىكەن.

ئاش كەلسە، ئىمان قېچىپتۇ، دېگەندەك، تاماق ۋە ئىچىملىك تاماسىدا كېتىۋېتىپ، شوپۇرنىڭ قارىسىنىمۇ كۆزدىن قاچۇرۇپ قويدۇم. مەندەك بىر راۋرۇس ئادەم ماشىنىنىڭ ئۈچ كىشىلىك ئورۇندۇقىنى يالغۇز ئىگىلەپ، خالىسام كېرىلىپ، خالىسام يانپاشلاپ يېتىپ، بۇ تەرىقە چارچاپ، چاڭقاپ كەتكەن يەردە، يەتتە ئەزايىنىڭ ھېچ بىرى بىكار تۇرمايدىغان جاپاكەش شوپۇر نېمە بولماقچىدى؟ شۇنىڭ بىلەن

ئۇنى تازا بىر مېھمان قىلىۋېتەي دېگەن ئويۇمۇ يوققا چىقتى. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقىمۇ، بازاردا ئادەم مىغىلدايتتى.

— نېمە ئامال، دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن يىڭنىنى تېپىش مۇمكىنمۇ؟ ئاخىر، ئۆز ئالدىمغا يول تۇتماقچى بولۇپ، يول بويىدىكى يايمىچىلار قاتارىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتىم.

— دەرەخلىرى شالاڭ، قاغجىراپ كەتكەن ئېرىق بويىغا يېيىلغان يايمىلار خېلى بىر يەرلەرگىچە سوزۇلاتتى. مېۋە-چېۋە سېۋەتلىرى بېسىلغان ھارۋىلار، يەر ئۈستىگىلا تاشلانغان بورىلارغا دۆۋىلەنگەن گۈلە-قاقىلار، گۆش ئېسىلغان قاسساپ كانارلىرى شۇنچىلىك زىچ جايلاشقانكى، يايمىلار كەينىدىكى كۆكۈچ ئىس ئۆرلەپ تۇرغان ئاشخانىلارغا ئۆتۈش ئۈچۈن بىر تاپانلىقمۇ بوش يەر تېپىلمايتتى. ئېرىق بويىنى بويلاپ مېڭىۋېرىپ، بىر چۆگۈن سۇ قاينىغان پۇرسەتتە ئاندىن يايمىلارنىڭ شالاڭلاشقان يېرىگە يېتىپ كېلەلىدىم-دە، ئىككى يايما ئارىسىدىكى تار بوشلۇقتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن تەمشەلدىم، لېكىن يەنە چەپپىدە توختاپ قالدىم.

— مېنىڭ قەدىمىمنى توختىتىپ، ئۆزۈمنى خۇددى ھەيكەلدەك قاتۇرۇپ قويغان نەرسە كۆزۈمگە تاسادىپىي چېلىققان بىر چوكاندى.

— ھەي، مەن ئۇنى چوكان دېدىممۇ؟ چوكان دېگەن تىلىم قۇرۇسۇن، ئۇ چوكانمۇ ئەمەس، قىزمۇ ئەمەس، بەئەينى بىر پەرىشتە ئىدى. پەرىشتە بولغاندىمۇ شۇنداق بىر پەرىشتە ئىدىكى، مەجنۇن تالالارنى سۆيۈپ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان پەرىشتىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بىراق، بۇ تال-مەجنۇن، سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازلىرى، سۇ بويىدا خىيال سۈرۈۋاتقان پەرىشتە دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر دەقىقىلىك خىيالىي مەنزىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەمەلدە، چوكاننىڭ ئولتۇرغان يېرى ئېشەك ۋە كالا تېزەكلىرىنىڭ ئۇۋۇندىلىرى ئارىلىشىپ، ياغ چاچقاندەكلا قارىيىپ كەتكەن قوقاستەك قىزىق توپا، ئالدىغا يېيىلغىنى ئۇيەر-بۇيېرى سوزۇلغان يېشىل ياغلىق ئىدى. ياغلىق ئۈستىدە بىر ئۇچۇم-بىر ئۇچۇمدىن بۆلۈنگەن گازىر، ئۇجمە پورىدا بويالغان ئۇنچە تۇخۇم، ئىككى تەلەڭگە كەلگۈدەك ئۆرۈك قېقى ۋە ئىككى چاڭگاللىقچە نان جىگدە تۇراتتى. ئات-ئۇلاقلارنىڭ ئايىغىدىن قوزغالغان توپا-چاڭ بازارنى بىر ئالغان ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن قوشۇلۇپ تىنجىق ھاۋاغا ئۆرلەپ، گۈلە-قاقىلار ئۈستىگە قوناتتى. بۇ نامرات يايمىچىنى كۆزگە ئىلماي، يايما ئۈستىدىنلا ئاتلاپ ئۆتۈدىغان بىئەدەپ بازارچىلارنىڭ ناھاللىق ئاياغلىرىنىڭ چەمىدىن چۈشكەن توپىمۇ تۇخۇم بىلەن گۈلە-قاقىلار ئارىسىنى تىندۇرۇپ تۇراتتى. ئۆڭۈپ كەتكەن ھاۋارەڭ خەسىدىن ئۇزۇن كۆڭلەك، كۆك خادانى ئىشتان كىيىپ، ئاندا-ساندا زەرى بار قىزىل ياغلىق چېگىۋالغان چوكان پەرىشان، ئويچان كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى تۇخۇمغىمۇ، قاقىمۇ، ئىشقىلىپ، نېمىگىدۇر تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغان، بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ، بىر پۇتىنى تىزىدىن قۇچاقلىۋالغان، چىرايلىق زاڭىقى تىزىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى.

— ئۇ بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈردى-دە، بىرەر مۆرنۇۋەتلىك خېرىدارنىڭ ئۆزىنى بۇ زېرىكىشلىك كاسات يايمىنىڭ ئاسارىتىـ

دىن قۇتۇلدۇرۇشنى كۈتكەندەك ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ئۆتكەن-كەچكەن بازارچىلارغا تىكتى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ رۇخسارىنى تولۇق كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

توۋا، ئىنسان نەسلىدىنمۇ مانا مۇشۇنداق پەرىشتىلەر تۆرىلىدىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى نېمىدېگەن چوڭ، نېمىدېگەن قارا، تاڭ شەبنىمىگە كۆمۈلگەن، ئەمدىلا ئېچىلاي دەپ تۇرغان قىزىلگۈل غۇنچىسىگە ئوخشايدىغان ئاغزىچۇ؟ باش باھار كۈنلىرىدە ئۆگزە گىرۋەكلىرىدە قېتىپ قالىدىغان مۇز نۆكچىسىگە ئوخشايدىغان بۇرنىمۇ بەكلا چىرايلىق، بىر تال قارا يىپتەك ئىنچىكە، ئەگىم قاشلىرى ئوت كۆيۈپ تۇرغان ئاتەشدان سۈپەت نۇرلۇق كۆزلىرىنى ۋە تال-تال كىرپىكلىرىنى ئۆز مۇھاپىزىتى ئاستىغا ئالغانىدى. سۈرتۈلگەنسېرى ئېرىپ، يېلىمدەك چاپلىشىپ تۇرۇدىغان چاڭ-توزانمۇ ئۇنىڭ قىزىل بىلەن ئاق رەڭ ئاجايىپ بىر ھېكمەت بىلەن سىڭىشىپ تۇرغان نۇرانە ئۆڭىنى خۇنۈكلەشتۈرەلمىگەن، خەسە كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تىك تۇرغان بىر جۈپ كۆكسى ئۇنىڭ زىلۋا بويىغا ئاجايىپ سۆلەت قوشۇپ، ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ تۇراتتى. بېلەك تومۇلۇقىدىكى ئىككى ئۆرۈم قارا چېچى قاقىرام توپا ئۈستىدە ھوشىدىن كەتكەن ئىككى قارا يىلاندەك تولغىنىپ ياتاتتى.

يالىڭاياغ پۇتتىن قاپارتقۇ ئۆرلەتكۈدەك قىزىپ كەتكەن قاقاس توپا، بېلىنىڭ ئاستى قاقاس توپا بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن گۈزەل بەدەن، قارا يامغۇردەك يېغىپ تۇرغان توزان ئاستىدىكى چىرايلىق قاش-كۆز، كور خېرىدارنىمۇ جەلپ قىلالمايدىغان كاسات يايما، بىچارىلەرچە تەلمۈرۈش... بىر-بىرىگە زادى ماس كەلمەيدىغان بۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرىگە قاراۋەرگەنسېرى كۆڭلۈمدە خۇددى ئېچىنىشلىق بىر ناھەقچىلىككە دۇچ كەلگەندەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. يەر ۋە ئاسمان ئارىسىدىكى جىمى نەرسە ئۆز مۇۋازىنىتىنى يوقاتقان، تېگىشلىك ئورنىدىن مەھرۇم بولغان ھالدا كۆز ئالدىمغا كەلدى.

مەن يايمىدىكى ھەممە نەرسىنى بىر يولىلا سېتىۋېلىش ئۈچۈن قولۇمنى ئىختىيارسىز تۆش يانچۇقۇمغا ئۇزاتتىم. لېكىن شۇ دەقىقىدە ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. 30 ياشلارغا ئۇلاشقان، تۇرخۇنغا تىقىپ تارتىۋالغاندەكلا قارا چىراي بىر ئەر كىشى ئېغاڭلىغان پېتى كېلىپ چوكاننىڭ ئالدىغا زوڭزايدى.

— بىر... ئىككى... ئۈچ...

ئۇ يايمىدىكى تۇخۇملارنى ۋە گۈلەقاق دۆۋىسىنى بىرنەچچە قېتىم ساناپ چىقتى ۋە سادىن ھۈركىگەن چۈجىدەك تۈگۈلۈپ، تىترەشكە باشلىغان چوكاننى يەپ كەتكۈدەك ئەلپاز بىلەن:

— بۇ... بۇ... تۇخۇم ئۆز پېتى تۇرۇپتىغۇ، نېمىشقا... نېمىشقا سېتىپ بولمىدىڭ، ھاراق ئىچىدىغانغا پۇل قېنى ئەمدى؟ — دېدى.

چوكان ئۆزىنى قانداقتۇر بىر زەربىدىن مۇھاپىزەت قىلماقچى بولغاندەك كەينىگە داجىدى ۋە:

— خاپا بولمىسلا، ساتاي دېسەم خېرىدار كەلمىدى، — دېدى قورقۇمسىراپ تۇرۇپ.

— خې... خېرىدار كەلمىسە ۋارقىرىمامسەن، چاقىرمامسەن؟

— ۋارقىراي دېسەم...

— ھە... ۋارقىراي دېسەڭ نېمە بولدى، ئىزا تارتىدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ ئۆزۈڭچە؟

— ماقۇل، ئەمدى ۋارقىراي.

سالاھىيىتى ماڭا تېپىشماق بولۇپ تۇيۇلغان بۇ مۇتەھەم چويۇن توپتەك يوغان مۇشتىنى تۈگۈپ چوكاننىڭ بۇرنىغا تەڭلەپ پوپۇزا قىلىپ قويغاندىن كېيىن، يەنە سەنتۈرۈلگەن پېتى ئادەملەر ئارىسىدا غايىپ بولدى.

چوكان بىلەن بولغان ئارىلىقىم پەقەت تۆت قەدەملا كېلىدۇ. نېمىشقىدۇ قاقاس تۇپراققا مىقلىنىپ قالغاندەك بۇ يەردىن قوزغالغۇم كەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن قاراپ-قاراپ قويىمەن. چوكان بولسا ئاغزىنى ئۇشلاپ، كۆكرەك قەپىسىنى يەل بىلەن تولدۇرىدۇ-يۇ، بۇ يەلنى يەنە ئېچىنىشلىق بىر ئۇھ تارتىش بىلەن يوق قىلىدۇ. يەنە ئاغزىنى ئۇشلايدۇ. كېلىۋاتقان كىملەرنىدۇ تاكى يىبىندىن ئۆتۈپ كەتكۈچە كۆزىتىپ، ئۇنىڭغا ئانىسىغا تەلمۈرگەن كىيىك بالىسىدەك تەلمۈرىدۇ. گاھ كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ، گاھ ئالاقزادىلىك ئىچىدە ھېلىقى مۇتەھەم كەتكەن تەرەپكە قاراپ قويىدۇ....

مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم، ھېلىقى مۇشتۇمزورنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ نېمە دەپ يوغانچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئۇققۇم كېلىدۇ. بىراق، يۈزۈمنىڭ قىزىشىۋاتقىنىنى، بۇ چوكاندىن ئەيمىنىپ، تارتىنىۋاتقىنىمنى تۇيۇپ قالىمەن. ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى بىراقلا سېتىۋېلىپ، خەيرىخاھلىقىمنى ئىزھار قىلىشقىمۇ ئەمدى جۈرئەت قىلالمايمەن، ئۆز-ئۆزۈمنى، يۇرت يات، ئادەملەر يات، يەنە كېلىپ سەن ئاللىقاچان ئۆيلەنگەن، خوتۇن-بالىلىق ئادەم، ئۇنىڭغا نېمە دەپ خەيرىخاھلىق قىلاتتىڭ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ باقىمەن.

لېكىن، ئۇنىڭ كۆز يېشى بىلەن يۇيۇلغان چىرايىغا يەنە بىر سەپسالغىنىمدا يۈرىكىمدە قوپۇرۇلغان ئاگاھ ئىستىھكامىم خۇددى ئاتوم بومبىسى تاشلانغاندەك گۇمران بولۇپ، كۆلى كۆككە ئۇچۇدۇ. بۇ ئىستىھكام خارابىسىدا يەنە دەسلەپكى تۇيغۇلىرىمدىن قوپۇرۇلغان بەھەيۋەت بىر مۇنار قەد كۆتۈرىدۇ.

شۇ ئەسنادا چوكان ئانچە-مۇنچە شالاڭلاشقا باشلىغان بازارچىلار ئارىسىدىن كىمنىدۇر كۆرگەن بولسا كېرەك، يەنە بىئارام بولۇشقا، ئىزتىراپ ئىچىدە تاتىرىشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي سامان تىقىقان تاغاردەك سېمىز، پاكىنەك، يۈزىگە سىياھدان سۈركىۋالغاندەك قارا، 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر خوتۇن چوكاننىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنى سوراق قىلغىلى تۇردى:

— سەن لامزەللە، ئەتىگەندىن كەچكىچە بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرغىنىڭ ئولتۇرغان. بازاردا بىر كويلۇق سودا قىلساڭمۇ كىمنىڭ دەردى. ئەمدى ھۇجراڭغا چىراغ ياققىنىڭنى كۆرەي، سەندەك دىۋانىنىڭ قىزىغا زۇلمەت قاراڭغۇسىدىن ئۆزگىسى بىكار!

بۇ خوتۇن ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالغان چوكاننىڭ ئالدىدا ئاياغلىرىنى كېرىپ، يەرگە تەتۈر كۆمۈلگەن ئاچىماق تۈۋرۈكتەك ئۆرە تۇراتتى. كۆسەيدەك قارا بارماقلىرى بەزىدە ئەس-ھوشىنى يوقىتاي دەپ قالغان چوكاننىڭ بۇرنىغىچە يېتىپ باراتتى. ياغ تەپچىرەپ تۇرغان ساڭگىلىماچ قوۋۇز گۆشلىرىنى تىترىتىپ، ئەزۋەلىكىنى ئەزۋەلىگەنىدى.

بۇ خوتۇننىڭ كونا تەلەڭگىنى تاراڭلات-

قاندەك ئاڭلىنىدىغان يېقىمسىز ئاۋازى سودا-سېتىقلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېتىۋاتقان بازارچىلارنى، ئۇيەر - بۇيەردە لاغايلاپ يۈرگەن بىكار تەلەپلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. چوكان ھۆل چىۋىقتەك تېگىنىۋاتقان ئاھانەتكە ئەمدى چىداپ تۇرالمىغان بولسا كېرەك، يۈزىنى توسۇۋالغان قوللىرىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇرۇپ:

— قېيىن ئانا، ئاغىزلىرىنى بۇزمىسىلا بولارمىكىن، — دېدى.

— ھە؟

ئۇ خوتۇن باشتا كۆزلىرىنى چۆچەكتەك ئېچىپ، بىر سېكۇنتقا قېتىپ قالدى، ئارقىدىنلا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ئېشەكتەك يۇمىلاپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە سۈرەن سالغىلى تۇردى:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ جالاپنىڭ ماڭا يانغىنىنى كۆرمەمدىغان، ئۆز كېلىنىمنىڭ ئىززاسىنى ئاڭلايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىمۇ ئەمدى، ۋايىيەي، ۋايجان...

باياھقى مۇتىھەم يەنە پەيدا بولدى، ئۇ ئانىسىنى يۆلەشتۇرۇۋېتىپ، ئەتراپتا شام تىككەندەك ئۆرە تۇرۇشقان كىشىلەر توپىغا قاراپ، مۇشتىنى كۆرسىتىپ دېۋەيلىدى. توپلىشىۋالغانلار قۇرغۇيىنىڭ قارىسىنى كۆرگەن قۇشقاچ توپىدەك قاچ - قاچ بولۇپ، تارقىلىپ كېتىشتى. ئۇ مۇتىھەم ئۆزىنىڭ بۇ كارامىتىدىن سۆيۈندىمۇ، تازا بىر كېرىلىۋالدى - دە، ھېلىغىچە داتلاۋاتقان ئانىسىدىن سورىدى:

— ئانا، كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتقان كىم ئۇ، قېنى، ماڭا بىر دەڭا؟

— كىم بولاتتى، ئەنە ئاۋۇ، — دومسىلاۋاتقان خوتۇن تېنىگە غايىپتىن كۈچ قېتىلغاندەك ئىتتىككىنە ئۆرە بولدى. قولىنى نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغان چوكانغا چىنەپ تۇرۇپ دېدى، — ئۇ ماڭا ياندى، ھۆركىرىدى، مېنى كۆزىگە ئىلمىدى....

— ھىم، سەن...سەن تېخى ئانامغا ھۆرت - پۆرت دېگۈدەك بولدۇڭمۇ؟! مانا ساڭا نوچىلىق، مانا ساڭا...

چوكان چىلبۆرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن بىچارە قوزىچاقتەك مەڭدەپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەيلا مەڭزىگە ئىككى شاپىلاق تەگدى، شاپىلاق تەگكەن يەر يول - يول قىزىرىپ چىقتى. چاۋغىيىدىن قان ساقىدى.

شاپىلاق چىرايلىق چوكاننىڭ مەڭزىگە تەگدىمۇ ياكى مېنىڭ مەڭزىمگە تەگدىمۇ، بىلمەيمەن، پۈتۈن ئۇزايىم لەرزىگە كېلىپ يۈرىكىم زىخ سانجىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. نېمىلەرنى ئويلىغىنىمنى ۋە نېمىلەرگە نىيەت قىلغىنىمنى ئۇقمايمەن، بىر چاغدا قارىسام، يىغلامسىراپ، بىچارىلەرچە يېلىنىۋاتقان چوكان بىلەن ئۇنىڭ ياۋۇز ئېرى ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپتىمەن.

— بۇ بىگۇناھ ئايالنى نېمىشقا خورلايسەن؟ ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا بولمامدۇ؟!

مۇتىھەم ئەرنىڭ قارا قولى ھاۋادا قېتىپلا قالدى. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي چېچىلىپ كەتكەن ئەقلىنى يەنە قولىغا ئالدى بولغاي، قان تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى، تاماكا خالتىسى ئېسىپ قويغاندەك ساڭگىلاپ چۈشكەن قاپاقلىرى ئاستىدىكى يۈز مۇسكۇللىرى لىكىلدىغىلى تۇردى.

— ھىم، مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىدىغانغا نېمە ھەددىڭ بار؟ — دېدى ئۇ ماڭا تازا بىر سەپسېلىپ، چوقامدىن تاپىنىمغىچە كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن شالىسـ

نى چىپچىپ، — قىنى دەپ باقە، مەن ئۇر-
سام ئۆز خوتۇنۇمنى ئۇردۇم، ساڭا نىمە
دەز كەتتى؟

— خوتۇنۇڭ بولسىمۇ، ئۇرۇشقا ھەق-
قىڭ يوق.

— ھىم، ئەمدى بىلدىم، سەن تىخى
خوتۇنۇمنى پايلاپ يۈرگەنىكەنسەن - دە،
دەپ باقە، سەن نىمە ئادەم؟

ئۇ بىردىنلا ياقامغا ئېسىلدى، ھەتتا
مىنى ساقچىغا ئاپىرىمەن دەپ ھەيۋە قىل-
غىلى تۇردى. خىلىدىن بىرى تېرەككە يۆ-
لىنىپ، ئىنجىقلاپ ئولتۇرغان ئانىسىمۇ
ئاغزىنى قويۇۋەتتى. يامان نىيەتتىن خالىي
ئىكەنلىكىمنى، پەقەت بىگۇناھ چوكاننىڭ
ناھەق خورلىنىشىغا چىداپ تۇرالمىغانلىقىم-
نى تەكرار - تەكرار چۈشەندۈرۈپمۇ ئۇلارغا
ھەرەز ئۇقتۇرالمىدىم.

ھېلىمۇ ياخشى، ئاغزىنى سۈرتكەن
پېتى يېتىپ كەلگەن شوپۇرۇم بۇ كۆڭۈل-
سىز ھالنى كۆرۈپ، قەدىمىنى ئىتتىكلەت-
تى، ئارىغا چۈشۈپ ئاران دىگەندە مىنى
ئاجرىتىۋالدى. بىشەم ئەركەك تېخىمۇ
ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى. ئۇ ماڭا كۆر-
سىتىپ تۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ مەڭزىگە يەنە
ئىككى شاپىلاق سالدى ۋە:

— مانا قاراپ تۇر، مەن ئۇنى مانا
مۇشۇنداق ئەدەپلەيمەن، مانا مۇشۇنداق
خورلايمەن، نوچا بولساڭ بىر نىمە دەپ
باقە قىنى، — دىدى - دە، چوكاننىڭ ساغ-
رىسىغا كۈچەپ بىرنى تېپىۋىدى، ئۇنىڭ-
سىزمۇ ئاران ئۆرە تۇرغان چوكان ئىككى
قەدەم نېرىسىغا قاڭقىپ بېرىپ، تىك مول-
لاق چۈشتى. يايمىندىكى ھەممە نەرسە

بىتچىت بولدى.

— سەن...

— يەنە ئىچ ئاغرىتىپ باقە قىنى.

ئۇ چوكاننى تەپتى، دەسسىدى، ئۇر-
دىدىن سىلكىپ تۇرغۇزۇپ، ئالدىغا سىلىپ
ھەيدەپ ماڭدى.

ئاھ، جاھاندا بۇنداق تاش يۈرەك
ئادەملەرمۇ بولىدىكەن - ھە؟ ئېسىت، شور پې-
شانە چوكان، كور تەقدىر سىنى كىملەر-
گە قارام قىلدى - ھە؟ ئېسىت گۈزەل قا-
مىتىڭ، ئېسىت، ياش تولغان شەھلا كۆز-
لىرىڭ، ئېسىت خورلانغان ئۆمرۈڭ!

چوكان ئېرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ 20
قەدەمچە ئۇزىغاندىن كېيىن، تەسەۋۋۇر
قىلغۇسىز جاسارەت بىلەن كەينىگە بۇرۇل-
دى - دە، ماڭا لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ،
يولىنى يەنە داۋام قىلدى، ئۇ مۇشۇ بىر
قارىشى ئۈچۈن يەنە بىر تېپىك يېدى.

مەن شۇ كۈنى ھېچنەرسە يىمىدىم
ۋە ئىچمىدىم، ماشىنىغا ئولتۇرۇپلا كۆزلى-
رىمگە بارغانچە سەت كۆرۈنۈۋاتقان بۇ با-
زاردىن ئايرىلدىم، ئۆزۈمنىڭ قولىدىن ھېچ-
قانچە ئىش كەلمەيدىغان، ھالىي چاغلىق
بىر بىچارە ئىكەنلىكىمنىمۇ تۇنجى قېتىم
ھېس قىلدىم.

بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەگە شاھىد بولغى-
نىمدىن بىرى خىلى ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەت-
تى. كۆز ياشلىرىغا كۆمۈلگەن ئاشۇ بىچا-
رە، غەمكىن، چىرايلىق چوكاننىڭ سىيما-
سى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھېلىقى ئاخىرقى قار-
شى زادىلا ئېسىمدىن چىقمىدى. ئۇنىڭ قا-
رىشىغا نىمە مەنە يوشۇرۇنغانلىقىمۇ جاۋابسىز
تېپىشماق بولۇپ قېلىۋەردى.

راخمانجان روسۇل

# ھاكىمنىڭ كېسىلى

(ھېكايە)

مۇقەددىر ھاكىم بىر يەرگە بارىدىغان-
لىقىدىن خەۋەرلەنـدۈرۈپ قويمىغاچقا، بىر
تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە ئىشلار
ئۆلى كۆتۈپ قالغانىدى: قوللىرىدا تەستىق-
لىتىدىغان ھۆججەت - ماتېرىياللارنى،
ئەرزلەرنى كۆتۈرۈۋالغان كىشىلەردىن
بىرمۇنچىسى ھاكىم ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا
تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىردەم كارىد-
دور دېرىزىسىدىن سىرتقا تىكىلسە، بىر-
دەم ھەرقايسى بۆلۈم - ئىشخانىلارنىڭ
ئىشىكلىرىگە تەلمۈرەتتى. ھەممە بۆلۈم -
ئىشخانىلاردىن سۈرۈشتە قىلىپ، ھاكىمنىڭ
ناھىيە ئىچىدە يوقلۇقى بايقالدى. كىچىك
ماشىنا شوپۇرلىرىنى چاقىرىپ سۈرۈشتۈرۈش
كىمنىڭ ئەقلىگە كەلدىكىن، ئۇزۇن ئۆت-
مەيلا ئاخشام سائەت 10 ئەتراپىدا بىر
جىپ ماشىنىنىڭ دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك
چىقىپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. دېمەك، ھا-
كىم بىرەر يېزا (بازار)غا خىزمەت تەكشۈ-
رۈش ئۈچۈن كېتىپتۇ - دە!

— ھەرقايسى يېزا (بازار) لارغا تېلېفون
بېرىپ سۈرۈشتۈرۈڭ، — دېدى كاتىپقا
ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى.

كاتىپ شۇ ھامان ناھىيە تەۋەلىكىدىكى
11 يېزا، ئىككى بازار، بىر مەيدانغا تېلېف-
ون بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەرلەردىن
ھاكىمنىڭ كەلمىگەنلىكى توغرىسىدا جاۋاب
كەلدى، ھاجەتمەنلەر بارغانچە كۆپەيدى.

— سىز ھاكىمنىڭ ئۆيىدىن ئۇقۇپ
باقسىڭىز، — دېدى ئىشخانا مۇدىرى ئاخى-
رى كاتىپقا.

كاتىپ ۋەلسىپىتىنى مىنگىنىچە ھاكىم-
نىڭ ئۆيىگە چاپتى، ھاكىمنىڭ ئۆيى
ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىدىكى چوڭ ئۆس-
تەڭ بويىدا بولۇپ، خۇددى كىچىك داچىغا
ئوخشايتتى، كاتىپ ھاكىمنىڭ ھويلىسىغا
كىرگەندە ھاكىمنىڭ كەنجى قىزى رازىيە
ھويلىدا قورچاق ئويناۋاتاتتى.

— خېنىم قىزچاق، ھاكىم ئۆيدە بار-
مۇ؟ — كاتىپ چېپىلداپ ئېقىۋاتقان تەرى-
نى سۈرتتى.

— ئاغرىپ قالدى، ئۆيدە ياتىدۇ، —
دېدى قىزچاق ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇپ.

— نېمە؟ — كاتىپ بىر قەدەم ئالدى-
غا چامدىدى، — ھازىر ئۆيدىمۇ ياكى...
ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ ئۆيگە
ئېتىلدى. كاتىپ دالانغا كىرگەندە، مېھمانخانى-
نىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، جەننەتخان لۆڭگە
بىلەن ھاكىمنىڭ يۈز - كۆزىنى سۈرتۈۋا-
تاتتى، كاتىپنى كۆرگەن جەننەتخان بىرئاز
مەڭدەپ قالدى - يۇ، شۇ ھامان ئېسىنى يە-
غىپ، بىر داسنى پۇتى بىلەن كارىۋات ئاستىغا
ئىتتىرىۋەتكەندىن كېيىن، مېھمانخانىنىڭ بو-
سۇغىسىدىن پۇتنى ئېلىپ بولغان كاتىپنى

دالانغا ياندۇردى، مېھمانخانا ئۆيدىن چىققان بىر خىل قاڭسىق پۇراق كاتىپنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى.

— ئاخشامدىن بۇيان ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ بەكمۇ ھادىر سىكۇل قىلىۋەتتى، — دېدى جەننەتخان قايغۇرغان قىياپەتتە، — ئۇنىڭ كېسىلى جىمجىتلىقنى خالىغاچقا، دوختۇرلار ھېچقانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشمىسۇن دېگەنىدى...

— دوختۇرغا...

— دوختۇرنى چاقىرتتۇق، — جەننەتخان كاتىپنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — دورا ئىچتى، دوختۇرلار ئارام ئالسۇن دېگەچكە ...

ھاكىمنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قەي قىلىشى جەننەتخاننى توختاشقا مەجبۇر قىلدى، كاتىپ مېھمانخانا ئۆيگە مېڭىۋىدى، جەننەتخاننىڭ جىم دېگەن ئىشارىتى بىلەن تۇرۇپ قالدى، ھاكىمغا ياردەملىشەلمىگەن كاتىپ تېپىرلاپ كەتتى.

جەننەتخان ھايال ئۆتمەي قايتىپ چىقتى.

— مەن دوختۇر چاقىرىپ كېلەي، — دېدى كاتىپ مېڭىشقا تەمشىلىپ.

— ياق! — دېدى جەننەتخان ئۇنى توختىتىپ، — دوختۇر ئەتىگەن كەلگەن، دورا ئۆيدە بار، دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قانچە كۈن ئارام ئالسىلا ساقىيىپ كېتىدىكەن، دورىدىنمۇ مۇھىمى خاتىرجەملىك بولغاچقا، سىزنىمۇ توسۇپ قويدۇم...

كاتىپ كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۆيدىن چىقتى، ئۇ، ناھىيىلىك يېمەك - ئىچمەك شىركىتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە خىيالىدىن «ھاكىمنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنىنى ئاڭلىسا ھەممەيلەن يوقلىغىلى كېلىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە ياكى كېيىن كەلگەندىن كۆرە ھازىرلا يوقلىۋەتكىنىم تۈزۈك، غولغۇنچىلىقتا كىمنىڭ نېمە ئېلىپ كەلگىنىنى كىم بىلىدۇ... دېگەنلەر كېچىپ، ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ماگىزىنغا كىردى، قەنت، ناۋات، پېچىنە، مۇراببا قاتارلىق نەرسىلەردىن كىچىك بىر قەغەز ساندۇقنى توشقۇزۇپ، ھاكىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى، بىراقلا 40 نەچچە يۈەن خەجلىگەن بولسىمۇ، 40 نەچچە تىيىنچىلىك تۇيۇلمىدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ ھويلىغا چىقتى جەننەتخان كاتىپنى دېرىزىدىن كۆرۈپ.

— ھېچگەپ يوق، — دېدى كاتىپ قەغەز ساندۇقنى جەننەتخانغا تەڭلەپ، — ھاكىمنى يوقلىۋېتىپ ئاندىن باشقىلارنى خەۋەرلەندۈرەي دەپ... ئاز بولسىمۇ، مېنىڭ كۆڭلۈم...

— ھەي، بۇنچىۋالا جۇۋاش لازىم ئەمەسىدى، — دېدى جەننەتخان تۈزۈت قىلىپ.

— شۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ھاكىمنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويارلا، — كاتىپ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ماڭدى.

— ئەلۋەتتە خەۋەرلەندۈرىمەن، — دېدى جەننەتخان، — بىرەر پىيالە چاي قۇيسام بولاتتى.

— بولدى، رەھمەت، ھاكىمنىڭ كېسىلى ياخشى بولۇپ قالسىلا چاينىمۇ ئىچىۋېلىشارمىز — كاتىپ چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتە - ئۆتمەي ناھىيە بازىرى تەۋرەپ كەتتى، خېلى كۆپ كىشىلەر ھاكىمنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ، يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ تېپىرلاپ كېتىشتى، كەلگەنلەر خۇددى جەننەتخاننىڭ «ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك كېرەك» دېگىنىنى ئاڭلىغاندەك كۆز ئىشارىسى قىلىشىپ پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى، ھاكىم ئىشخانىسى ئالدىدا كۈتۈۋاتقانلارمۇ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇيرۇقسىزلا غايىپ بولۇشتى، ھەرقايسى ئىشخانا، بۆلۈملەردىكىلەرمۇ بىردىن - ئىككىدىن چىقىپ كېتىشتى، ئەتىگەن ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمىگەن

ئىلھىيە ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ،
بىردەمدىلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى.

ھاكىمنى ئىككىنچى بولۇپ يوقلىغان
ئادەم يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رازىق بولۇپ، ھازىر-
لا سۇدىن سۇزۇۋالغان ئادەمدەك پۇتۇن
ئەزايىدىن جۇپاڭشىپ سۇ ئاقاتتى. ئۇ
پۇشقاقلىرىنى تۇرۇۋالغان بولۇپ، خۇددى
كاكۇل لاي ئەتكەن ئادەمدەك تىزغىچە
پاتقاققا مىلەنگەنىدى، رازىق دالانغا كىر-
گەندە جەننەتخان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ،
ئالدىن ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىنى، ئاندىن
پۇتىغا قاراپ ئۈلگۈردى، ئەقىللىگە ئىشارەت،
نادانغا جۇۋالدۇرۇز. رازىق ئەقىللىق ئادەم
بولغاچقا، پۇتىغا قاراپ ئارقىغا بىر - قەدەم
داجىدى - يۇ، ھاكىم ياتقان ئۆيگە قاراپ
ھەسرەت چەككەن قىياپەتتە دېدى:

— كەچۈرسىلە، تالا بەك پاتقاق... —
ئۇ بىر قولى بىلەن تۇرۇۋلۇپ كەتكەن
گەردىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ، بىر قولىدىكى
ئېغىر سومكىنى جەننەتخانغا تەڭلەپ سۆزى-
نى داۋاملاشتۇردى، — ھاكىمنىڭ كېسەل
بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھېچنەرسىگە
قارىمايلا مۇشۇ يەرگە چېپىشىم، ئەھۋالى
قانداقراق؟

— ھازىر بىرئاز ئارام ئالدى، خېلى
ياخشى، دوختۇرلار ھېچقانداق ئادەم بىلەن
كۆرۈشمىسۇن، دەپ تاپىلىغىنى ئۈچۈن... —
جەننەتخان يەنە بىر خىل ئىما بىلەن
تىنىچ! دېگەن ئىشارىنى قىلدى.

— ھاكىم ساقىيىپ قالىدىغانلا ئىش بولسا...

ھويلىدىكى ئاياغ تىۋىشى رازىقنىڭ
سۆزىنى بۆلۈپ قويدى. ئۇ قاراپلا بىر قان-
چە ئىدارە باشلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈ-
چىلىرىنى كۆردى. جەننەتخان ئۇلارنىمۇ
دالاننىڭ ئىشىكى ئالدىدا قارشى ئالدى.
يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدا-
رىسىنىڭ باشلىقى تېخىچە ھەسرەيتتى، ئۇ-
نىڭ كۆڭلىدىكى سامان تىققان تاغاردەك پوم-
پايغان قورسىقىغا چاپلىشىپ كەتكەچكە، ئاي-
كۈنى يېقىنلاپ قالغان ئايالىنىڭ-
كىدەك ئۇخشاپ قالغانىدى. موكىدەك بې-
شىغا كېلەڭسىز ئورنىتىلغان سالپاڭ قۇلىقى-
دىن تېخىچە چىپىلداپ سۇ ئاقاتتى. رازىق
سومكىنى بىكارلاشنى كۈتمەيلا ئۇلار بىلەن
باش لىڭشىتىپ سالاملاشقاندىن كېيىن ئىچ-
ىدە چىقىپ كەتتى. جەننەتخان ئۇلارغى-
مۇ دوختۇرنىڭ تاپىلاقلىرىنى ئېيتىۋاتقى-
نىدا، ئۆز ھاكىمىدىن بىر ئېغىز ھال-ئەھۋال
سورىيالمىغان كېسەل يوقلىغۇچىلار ھە-
رەتلەنگىنىچە ئىسىم - پامىلىسى بىلەن سوۋغات-
لىرىنى قالدۇرۇپ، كۆزلىرى كەينىدە چىقىپ
كېتىشتى، جەننەتخان ئۇلارنى پېشايۋان
ئاستىدا تۇرۇپ ئۇزاتتى. ئۇ، سومكىلارنى بى-
كارلاۋاتقاندا يەنە ئاياغ تىۋىشى ۋە كالتە
يۆتەل ئاڭلاندى، جەننەتخان ئىشىنى جايى-
دىلا قويۇپ، پېشايۋانغا چىقتى، بۇ قېتىم
كەلگەنلەر ئەتىگەن ھاكىم ئىشخانىسى ئالدى-
دا دۈۋىلىشىپ تۇرغانلار بولغىنى ئۈچۈن،
جەننەتخان بۇلارنى تونۇمايتتى، بۇلارنى
قوبۇل قىلىشقا بىر قانچە مىنۇتلا كەتتى.
ئۇلار گەرچە ئىسىم - پامىلىسىنى قايتا - قايتا
ئىزاھلىغان بولسىمۇ، جەننەتخاننىڭ ئارىلاش-
تۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەندەك داۋاملىق
ئارقىسىغا قارايتتى.

جەننەتخان ئەمدى مېھمانلارنى پې-
شايۋاندىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپلا كۈتتى،
گەرچە سائەت چۈشتىن كېيىنكى 6 بولغان
بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلىدىغاندەك
ئەمەس ئىدى. يامغۇر قېرىشقاندەك تېخىچە
شارقىراپ يېغىۋاتاتتى...

* *

تاڭ ئېتىش بىلەن كېسەل يوقلايدى-
غانلار يەنە كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار تېخى
ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا ئىككىنچى تۈر-
كۈمدىكىلەر كىرىپ ئۇلارنى قويۇشقا مەجبۇر

قىلاتتى. بۈگۈن ئۈينىڭ ئىچىنى ئەترە پۇرىقى قاپلىغانىدى. ھاكىمنىڭ بۈگۈنكى «تاۋى» خېلىلا يېشىلىپ قالغاچقا، كەلگەنلەر بىلەن ئانچە-مۇنچە ھال-مۇڭ بولالىدى؛ بۈگۈن كەلگەنلەرنىڭ تولىسى ھەر قايسى يېزا-بازارلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئايرىم كەنت باشلىقلىرى بولۇپ تۈنۈگۈنلا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن خىجالەتچىلىكتە ئۆزرە ئېيتىشاتتى، ھاكىمنىڭ ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشاتتى،

كەچ سائەت 7 دىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى، ئىككى كۈندىن بۇيان پايپېتەك بولۇپ «مېھمان» كۈتكەن جەننەتخان ئەمدى ئۇھ دېدى.

— ئالدىرىما ئانىسى!— دېدى ھاكىم سوغا-سالاملارنى تۈرى بىلەن رەتلەۋاتقان جەننەتخاننىڭ گەجگىسىدىن قۇچاقلاپ، — كېلىدىغانلاردىن يەنە كەم دېگەنندە ئەللىك، ئاتمىشى بار، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۈگۈن كەچ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئەتە كەچتە بىرائىلا يۇغۇشتۇرساڭمۇ كېچىكمەيسەن.



— بۇ چاغ بولدى، كېلىدىغانلار ئەمدى ئەتە كېلەر، چامدىغۇچىلىكىم قالمىدى،— دېدى جەننەتخان ناز قىلىپ،— قالغان نەرسىلەرگۇ تۇرىۋېرەتتى، گۆشلەر پۇراپ قالامدىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، قاساپقا ئادەم ئەۋەتتىم، ئاۋۇلكام كەلگىچە قەنت-ناۋاتلارنى ئاشخانا ئۆيگە ئەكىرىۋېتەي.

— بولدى، ئاۋارە بولما، بۇ نەرسىلەرمۇ بىر يولى تۈگىسۇن،— دېدى ھاكىم كۈلۈپ تۇرۇپ،— مەنمۇ بوتكىچى قاۋۇلجانغا ئادەم ئەۋەتتىم، ئۇنىڭمۇ كېلەر ۋاقتى بولۇپ قالدى.

— كەچرەك كەلسە بولاتتى،— دېدى جەننەتخان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— ھەي، ئۇلار بىلەن بىرەر پىيالىدىن چاي-پاي ئىچىپ بولغىچە ئەلمۇ جىمىقىدۇ.

— قالتىس ئەقىللىق جۇمۇ، سىلە، باشقىلار تاش سانىغىچە سىلە قۇم سانايلا،— جەننەتخان كىچىك باللاردەك ھاكىمنىڭ بوينىغا گىرە سالدى، ئۇنىڭ شىپەك دۇخاۋا كۆڭلەكنى تېشىپ چىققۇدەك كۆتۈرۈلگەن كۆكسى ھاكىمنىڭ يۇڭلۇق مەيدىسى بىلەن تۈزلىنىپ كەتتى.

— بۇ ئەقىل سېنىڭ ئەقلىڭ،— دېدى ھاكىم جەننەتخاننى تېخىمۇ قاتتىق قۇچاقلاپ.

— ھا، ھا، ھا!

ئىككىيلەن تەڭلا كۈلۈشتى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى يېڭى توي قىلغان قىز-يىگىتلەرنى ئەسلىتەتتى، دەرۋازا ھالقىسىنىڭ شاراقلىشى ئۇلارنىڭ چاقچىقىغا ھالاقىت بەردى، جەننەتخان نارازى بولغان ھالدا ھاكىمنىڭ مەڭزىنى يەڭگىل چىمداپ قويغاندىن كېيىن قېرىنىڭنى تۈيمايدىغان دەپ چاقچاق قىلدى-دە، ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

— كەلسىلە، ئاۋۇلكا!— دېدى ھاكىممۇ ھويلىغا چىقىپ،— كەل ئۇكام قاۋۇلجان، قېنى ئۆيگە!

ئۇلار خېلىغىچە پاراڭلاشتى، چايمۇ ئىككى قېتىم دەملەندى، ئاۋۇلكامنىڭ ئاشخانا ئۆيگە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇغىلى چىقىپ كەتكىنىدىن پايدىلىنىپ، ھاكىم بىلەن

قاۋۇلجانلار ئىككى رومكىدىن قىقىۋىلىشقىمۇ ئۈلگۈردى.

— قېنى، جەننەتخان، مەن ماڭاي، كەچتە سويىدىغان ئىككى قويىمۇ بار ئىدى،— دېدى ئاۋۇل قاساپ قايتا ئۆلتۈرمايلا.

— نىمانچە ئالدىرايدىغانسىز؟— دېدى هاكىم ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، ئاندىن جەننەتخانغا قاراپ دېدى،— بىر نەرسە ئەتكەن بولساڭمۇ يېشاركەن، مەوللاەنى چايغا زورلاڭ دەپ قۇرۇق چاي بىلەنلا...

—گۆشتىن ئارتۇق تاماق بولامدۇ، ئۆز ئادەم تۇرۇپ...— ئاۋۇل قاساپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى،— ئاشقان پىشىشىق گۆشلەرنىمۇ ئالغاچ كېتەي، بولمىسا ئەتىلا بۇزۇلىدۇ.

— بۇنى... قانداق بولار؟ پىشىشىق گۆشنى بالىلار يەۋېتەر بولمىسا...— هاكىم دۇدۇقلىدى.

— هەي، ئەتە پارچىلاپ شورپا قازىنىغا سېلىۋەتسەم، ئوخشاشلا پۇل بولىدۇ دېسىلە، بىر كۈن قونۇپ قالغان گۆش باقالىلارغا زىيان قىلىدۇ،— ئاۋۇل قاساپ تاققاتۇققۇ چىشلىرىنى چىقاردى،— خېرىدار دىگەن سۆزۈپ بەرگەننى يەيدۇ.

— ها، ها، ها.

— بۇنى ئوبدان دېدىلە، بالىلارمۇ يەپ بولالمايدۇ، گۆش دېگەننىمۇ يەۋەرسە تېتىمايدىكەن،— جەننەتخان كۆلكىدىن كېيىنن قوشۇپ قويدى.

جەننەتخان ئاۋۇل قاساپ بىلەن قاۋۇلجاننى باشلاپ دالانغا چىقىپ كەتكىلى خېلى بولۇپ قالغانىدى. مۇقەددىر هاكىم يالغۇزقېلىپ زېرىكتىمۇ، ئۇمۇ دالانغا چىقىپ، ئىككى قولىنى بېقىنىغاتىرىگىنىچە ئۆرە تۇردى.

— هاكىم دېگەن ئۇنداق چاكىنا بولمايدىغان، تۆشۈكنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي ئارامىلىرىنى ئالسىلا— جەننەتخان دەمدەك ئۇسما قويغان قاشلىرىنى لىكىلداتتى.

— ها، ها ها...!— ئۆزى ئىچىنى يەنە كۈلكە قاپلىدى.

— مۇشۇ خوتۇننىڭ ئاغزىدە...— هاكىم گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ كىرىپ كەتتى، ئۇ ئۆم - لۆم ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى، ئىككى كۈندىن بېرىكى ئىشلار خۇددى چۈشىدەك تۇيۇلاتتى. كىشىلەرنىڭ ئەخمەقلىقىغا كۈلگىسى كېلەتتى، ئۇ تېخىچە كەلمىگەنلەرنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، كەلمىگەنلەر خېلى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتە كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرەلمىدى، كەلمىگەنلەرنى ساناۋاتقاندا ئوتتۇز ئالتىنچىسىگە جۇرئەت تىزىلىشى بىلەن قاپىقى تۈرۈلدى، ئىككى مۇشتۇمى تۈگۈلدى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. خەپ توختاپتۇر،— دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ،— سەن تېخى تۈگۈنكى سويما، چۈچۈرىنى خام ساناۋاتسەن، تىرنۇگۈن دائىمى هەيئەتلىككە كىرىپلا بۈگۈن مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغۇدەك بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ سەن تامبال كىيمەي يۈرگەن چېغىڭدا مەن رايون باشلىقى ئىدىم. مەن ماڭارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ سېنى ئوقۇشقا ئەۋەتمىگەن بولسام، بۈگۈنكى كۈنۈڭ بولامتتى؟ ناھىيىنىڭ شۇجىسى بولغان ئادەممۇ كەلگەن تۇرسا، سەن سويما، بېشىڭنى تىقىپمۇ باقمايسىنا!...

جەننەتخاننىڭ تاقىلداپ كىرىپ كېلىشى هاكىمنىڭ خىيالىنى بۇزدى.

— چاقماق قەنت 312 بولاق، ناۋات 91 كىلوگىرام، هەر خىل كونسېرۋالار 113 شىشە، پېچىنە 47 كىلوگىرام، خام گۆش 73 كىلوگىرام، پىشىشىق گۆش 24 كىلوگىرام،— جەننەتخان بىرەر كەشپىيات ئەتكەنسىنى ئەگىلگەندەك تىزىملىكىنى مۇقەددىرغا ئەگىلدى،— ئەتە بىر كۈن ياتسىلا ئىككى توخماقتىن ئاشىدىغان ئوخشايدۇ.

— ياق، ئەتە خىزمەتكە بارىمەن،— دېدى هاكىم بايا تىنىقى ئاچچىقىدا،— ئەتە

دائىمىي ھەيئەتلەر يېغىلى بار. بارمىسام
ھېلىقى جۇرئەت دېگەن سېرىق تۇك تۇ-
خۇمدىن تۇك ئۈندۈرۈپ يۈرمىسۇن يەنە!
— ھەرقانـداق ئىش بولسا ئەتە بىر
كۈن چىدىسىلا، — جەننەتخان مۇقەددىرنىڭ
ئالدىغا كېلىپ ئاۋازىنى پەسەيتدۈرەك سۆزـ
نى داۋاملاشتۇردى، — ئىت ھۈرەر، كارۋان
يۈرەر دەپتىكەن. مەن ھاي دېسـەم ئۇنىـ
ماي، ئۇ، ئىگىسىنى ئالمىدىغان قۇشنى پۈرـ
رەككە چىقارغاندىكىن خوپ بولـدى، — ئۇ
ھاكىمنىڭ چىرايىغا تازا بىر سەپسالغاندىن
كېيىن سۆزىنى باشقا ياققا بۇرىدى، — يەرـ
لەر ھۆددىگە بېرىلىپ، بىر باش چامغۇر بىـ
كارغا كىرمەيدىغان بولۇپ كەتتى، چوڭ يول
بويلىرىدىكى تېرەكلەرنى كوللىۋېتىپ باشقۇـ
رىمىز دەپ ساقـلاپ قالـسا بولـۋېرىدىغان
گەپتى. ئۇمۇ تۈگىدى، ھـازىر كىـچىككىنە
نەپ ئالسىلا «پارا ئالدى» دېـگەن قالـپاق
تەييار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات كۆتـۈرگۈچىـ
لىك پارىمۇ قالمىدى.

— بولدى، بولدى، — ھاكىم جەننەتـ
خاننىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ئۇ ئىشلاردا مېـ
نىڭلا دېگىنىم ھېساب بولمايـدۇ، ھازىر دېـ
گەن بۇرۇنقىدەك بىر ئادەمنىڭلا ھېساب بوـ
لىدىغان ئىشلار قالمىـدى.

— شۇنداق بولسىمـۇ سـىلە دېـگەن
باش ھاكىم ـ دە! — جەننەتخان يېڭىلىدىغاندەك
ئەمەس ئىـدى، — «سەن ئېتىڭـنىڭ بارىـدا
دۆڭگە چاپ، ئويمانغا چاپ، سەن قوشۇڭـ
نىڭ بارىدا ئۆردەككە سال، توشقانغا سال...»
ھازىر دېگەن قانـداق ئامال بىلەن بولـمىـ
سۇن يۆلۈۋېلىش كېرەك، ھاكىملىق باقىۋەنـ
دە ئەمەس، بايلىق باقـۋەنـدە، ئۇ ھـامان
ئەسقاتىدۇ.

— بولدى قىل دەيمـەن! — مۇقەددىرـ
نىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلگەن بولسا كېرەك،
تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېـ
يىن سۆزىنى داۋاملاشتـۇردى، — مەن ئەتە
ئىشقا بارمىسام بولمايدۇ، كېلىدىغانلار كەلـ
سە سەن بولغاندىن كېيىن...

— ئۆتكەن قېتىم بىر ھەپتە يېتىپمۇ
بىر توخماققا يەتمىگەن، بۇ قېتىم خېلى ياـ
مان ئەمەس، ئەتە بىر كۈن يېتىپ بەرسىلە
ھېلىقى توڭلاتقۇ بىلەن ئىككى پارچەگىلەم...

— ھەي، ئۇ چاغ دېگەنـدە مۇئاۋىن
ئىدىم، ھازىر ئورنۇم ئوخشىمايدۇ، — مۇقەدـ
دىر قولىنى شىلتىپ، خوتۇنىـنىڭ سۆزىـنى
بۆلدى، — شۇنـچىلىـك ئىشـنىمـۇ پـەرق
ئېتەلمەيسـەن؟

— ۋاي ئەقىللىق، ئاپىلىرى قەيەرنى
ئېيتىسپتىكى، — جەننەتخان دومسايـدى، —
ھامۇتكاملارمۇ كەلمەيدۇيا؟

— ھوي، ئەقىلـىڭدىن ئېزىۋاتامسەن؟
ئالدىنقى كۈنى كېچىدە بېرىـپ بىر قويىـنى
يەپ تاڭ ئاتقۇچە ھادىرسىكۆل قىلىپ كەلـ
گەن تۇرساق....

— شۇنـداق بولـسىمۇ خەلق ـ ئالـەم
ئالدىدا كېلىپ كەتسـە بىزدە قالارمـىدى؟
بىر قوينى يېگەن بىلەن ئىككـى قويلـۇق
نەپ ئالىدۇ ـ دە!

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قوي، ھېلىـ
قى كاتىپ مېنىڭ مەستلىكتە قۇسقانلىقىمنى
ئۇقمىغاندۇ؟ — ھاكىم بىر خىل غەمـكىنلىك
بىلەن سورىدى.

— مەن ھوشيار كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىـ
غا چىقىپ بولغان تۇرسام، — جەننەتـخان
ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى نامايان قىلغاندەك
ھىجايدى، — ئۇقسا ئۇنچىۋالا نەرسە كۆتۈـ
رىپ بىرىنچى بولۇپ كېلەمتى؟...

— تاك! تاك! تاك!

ئىشىكنىڭ چېكىلىشى ئۇلارنىڭ پارـ
ڭىنى ئۈزۈپ قويدى.

— بۇ يېـرىم كـېـچىدە كەلـگىنى
كىمكىن؟!.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

**قۇربان ئىمىن**

## جانىجان ئانىجان

سەن ئەزىزلەرنىڭ ئەزىزى مېھرى دەريا، ئانىجان،
شۇنچە شەپقەتلىك، كۆيۈمچان قەلبى دەريا، جانىجان.

ئىككى ياخشىنىڭ بىرى سەن، بەختۇ مۇشكۇل ئالدىدا،
ئانىلىق بۇرچۇڭنى ئوبدان قىلغاچ ئادا، جانىجان.

راھەتىڭ پەرزەنت ئۈچۈنلا سەرپ قىلغىلىق دائىما،
پەھلىۋانسەن، قەھرىمانسەن ئەي دىلرەبا، ئانىجان.

تاغنى يۆتكەشتىن قىيىنراق بالا چوڭ قىلماق دېمەك،
ھېچ تېرىكمەيسەن ئۆيۈڭدە بولسا غەۋغا، جانىجان.

ھەم ئاناسەن، ھەم ئاتاسەن ھەمدە ئۇستازسەن ئۆزۈڭ،
شۇڭا چىقتى جەمئىيەتتە قانچە دانا، ئانىجان.

ھەم مۇشەققەتلىك، چىدامىلىق، تەڭدىشى يوق جەڭچىسەن،
بىغۇبار قەلبىڭ پەزىلەت كانى خويما، ئانىجان.

ئەل-ۋەتەننىڭ شۆھرىتى-شانى سېنىڭ بەختىڭ ئىرۇر،
مېھنىتىڭ-ئەجرىڭ ئۇلۇغدۇر ھەر دائىما، ئانىجان.

سېنى ئوخشاتقاي قۇياشقا ئەقلىنى تاپقان بالاڭ،
چۈنكى ئىسسىق يۈرىكىڭدە بەرگەچ زىيا، ئانىجان.

مېۋىزارلىق بېغىمىزسەن ھەم يۆلەنچۈك تېغىمىز،
سەن يېنىمەي ساقلاپ پېرەرسەن كەمپۈت، ئالما ... ئانىجان.

خىزمىتىڭنى قىلساق ئازدۇر ئۆمۈر بويى ئەي ئانا،
سەن تۇرۇپ مەككە نەھاجەت ئەي رەھناما، ئانىجان.

تەربىيەڭدىن بارچە مەمنۇن، شۇڭا ئېيتار ئاپىرىن،
سەنمۇ ئېيت قۇربان تەشەككۈر، تاجىم ئانا، جانىجان.

ئابدۇسەمەت خېلىل

# ئىككى شېئىر

## ئانا تۇپراق

ئەي قەدىردان ئانا تۇپرىقىم
ئالتۇن زەررە ئەي پەرى سىياق.
ھەربىر گىياھ، ھەربىر تېشىڭغا
مەندە چەكسىز سۆيگۈ - ئىشتىياق.

مەن تۇغۇلدۇم سېنىڭ باغرىڭدا،
تاغۇ تاشلار كىرىشتى تىلغا.
نۇرلىرىڭدا يۇدۇق تېنىمنى،
ئۇيۇل گەۋدەڭ ئورنىدى دىلغا.

چىمەنلىرىڭ پۇركەيدۇ سۆيگۈ،
مىسلى ئاتەش ھەربىر تىنىقىم.
كۆچكە تولدۇم ئىپار ھىدىڭدىن،
قۇياش يۇرتى ئىككى زىنىقىم.

شولا سۆيگەن ۋادىلىرىڭدا،
سەپەر چەكتىم ئىشقىمنى تاۋلاپ.
ھۆسنۈڭ ئۈچۈن ئاساي تىلتۇمار
تىلسىملارنىڭ باغرىنى داغلاپ.

بىر تال داننى چاچتىم مەن ساڭا،
بىرى ئۈچۈن چىقتى مىڭلاپ دان.
مۆجىزىدىن تۆرەلدى ناخشا،
ناۋالاردىن يايراپ كەتتى جان.

ھېكمەتلىرىڭ ئەقلىمگە گۈل تاج
مېھرىڭ ماڭا ئورناتتى قانات.
بەختىم مېنىڭ ئۇچرار ھەر كۈنى
ئوت تەپتىڭنى ھېس قىلسام ھەيھات!

ئەي قەدىردان ئانا تۇپرىقىم،
ساڭا بەردىم روھىم - قېنىمنى.
ھەر زەررەڭگە سىڭدۈرۈپ چىقتىم
كۆلۈپ تۇرغان شېرىن جېنىمنى.

قىلىمەن بۇ بۇرچۇمنى ئادا،
چانالسامۇ تۆكمەي يېشىمنى.
ئاھ - سېنى دەپ ئۆلسەم ياتارمەن،
كۆكرىكىڭگە قويۇپ بېشىمنى...

## يېشىل ياپراق

يېشىل ياپراق ھەر باھاردا سەن
تەبىئەتكە بېرىسەن زىننەت.
كۆرۈنىدۇ سەن بىلەن جاھان
گويا تىلسىم، گوياكى جەننەت.

غۇر - غۇر چىققان مەيىن شامالدا
شىلدىرلىشىپ ناخشا ئېيتىسەن.
كۆيۈك بىلەن سانسىز دىللارغا،
شۇنچە ھۇزۇر بەخش ئېتىسەن.

يېشىل ياپراق، ئەي يېشىل ياپراق،
باھار، يازنىڭ گۈزەللىكى سەن.
تۆكۈلسەڭمۇ شېخىڭدىن يەنە
ئانا يەرنى ماكان ئېتىسەن.

ئايبېك ئۆمەر

# مەن شۇنداق شائىر

1

ئۆزگىلەر ئىشلەتكەن سۆزنى ئىشلەتتىم،
توغرا دەپ تونىدىم بولماي تەنقىدچى.
باغنىلا ماختىدىم، تاغنى كۆرمىدىم،
مەن شۇنداق شائىر ھەم شۇنداق تەقلىدچى.

يازىمەن كۈنىگە بىر مۇنچە شېئىر،
ئوخشىتىپ بىرىگە يەنە بىرىنى.
ئاينى يار ئاتىدىم كىتابتىن كۆرۈپ،
بىلىندى ئۇ گويا سۆيگۈ دىلبىرى.

بەزىلەر شېئىرنى قەلب كۈيى دەر،
بىلىمەن ئۇلارمۇ ئـۆگەنگەن مەندەك:
ھەر كىمنىڭ مېھنىتى، ھەر كىمنىڭ ئەجرى
تېتىيدۇ ئۆزىگە گوياكى قەنتتەك.

پۇشكىننى دورىماي قەلەم ئالغانمۇ
يېڭىچە پىكىرنى قازدىم دېگەنلەر،
پىر تۇتماي ئۆزىچە شائىر بولغانمۇ؟
شېئىرىيەت ئىشقىدا كۆيۈپ يۈرگەنلەر.

مەن شۇنداق ئۆگەندىم شېئىر يېزىشنى،
يول ئىزدەپ ئۆزۈمگە ئوتلۇق تـۈيغۇدا.
بەزىدە شادلاندىم، بەزەن قـايغۇرۇپ
خورازدەك چىللىدىم ياتماي ئۇيقۇدا.

2

«تۆگمەس ناخشا» نى ئاڭلىغان كۈنۈم
كۆڭلۈمگە تۇتاشتى سۆيگۈ گـۈلخاندەك.
قالدۇرۇپ تەسىرات ـ ئىلھاملىرىمنى،
زورۇقۇپ ئاق بەتكە تىزدىم مارجاندەك.

سۆيگۈ دەپ ئاتىدىم تۈمەن ناخشىنى،
بۇلاقتا ئوخشاتتىم بۇلدۇقلايدىغان.
مەجنۇنغا ئايلاندىم، سۆيگۈ كۈيىنى
ھەر ئاخشام ياڭرىتىپ ئۇخلىمايدىغان.

ئىلھامنىڭ پەيزىگە چۆمۈلدى قەلبىم،
خاتىرە دەپتىرىم تولدى شېئىرغا.
«تۆگمەس قوشاق» دەپ قويدۇم نامىنى،
ئوقۇغىلار دېدىم ۋە ياش ھەم قېرىغا.

تۆگمەس ناخشىدىن ئىلھامغا تولۇپ،
شۇ ئىزدا كۈيلىدىم شېھرىن چاغلارنى.
تۈيۇلدى كېچىلەر بىر نـاخشا بولۇپ،
يار بىلەن كەزگەندە گۈزەل باغلارنى.

ھەربىر تال گۈللەردىن سۆيگۈ پۇرايدۇ،
سۆز ئاچار پىچىرلاپ سۆيگۈ ھەققىدە.
شېئىردەك قەلبىمگە ئىلھام قونىدۇ
قەلەمنى قولۇمغا ئالغان دەققە.

مەن ياخشى شېئىرنى ئىزدەيمەن شۇنداق،
قۇرلارغا تىزىمەن ئوتلۇق ئىلھامنى.
«تۆگمەس ناخشا» دەك شېئىر چىققان چاغ
خەلقىمدىن ئالىمەن ئۇلۇغ ئىنئامنى.

مەن شۇنداق شائىر ھەم شۇنداق تەقلىدچى،
زېھنىمنى پەقەتلا شېئىرغا بەرگەن.
پەرىدەك ھېسلارغا ئىگە مەن ھەرۋاق،
ئۇلارنى مەن نۇرغۇن كىتابتىن تەرگەن.

ئېھتىيات قىلىمەن، ئۆزگىلەر بىر كۈن
قالارمۇ مەندىكى بۇ سىرنى سېزىپ.

يوشۇردۇم، تىنمىدىم ھېچبىر ئىنسانغا،
ئالغاندا كىتابتىن گۆھەرلەر قېزىپ.

3

«ئىز» بىلەن غەزەلگە ئىشتىياق باغلاپ،
كارۋانلار يولىغا قارىدىم تۈزاق.
گاھىدا كولدۇرما ئۈنىنى ئاڭلاپ،
يۈلغۇنغا، بارخانغا ئاچتىم مەن قۇچاق.

خىياللار بىر كەڭلىك بولدى ئالدىمدا،
كۆردۈم مەن ئۈنىڭدىن دۇنيا سىرىنى.
ۋە سۆردۈم شۇ ھالدا ھاياجان بىلەن
قەلبىمنى ئۆۋلىغان سۆيگۈ پەيزىنى.

بىز دەپلا باشلىغان تۇنجى غەزىلىم
ئۆزۈمگە ئەجەپمۇ ياقتى ئوقۇسام.
مەست بولدۇم بەزىلەر غەزەلخان دېسە،
غەزەلخان ئاتالدىم قوشاق توقۇسام.

ئويلىسام غەزەلمۇ گۈزەل شېئىركەن،
ئۆكۈندۈم بۇرۇنراق نېچۈن بىلمىدىم؟
دولقۇندەك ئاھاڭدا ئۇرغۇلۇق كەلگەن
ۋەزىنلىك سۆزلەرنى نېچۈن تىزمىدىم؟

گۆھەر دەپ ھەممىنى تىزدىم مىسراغا،
زېرىكمەي كىتابنى يېنىشلاپ ئوقۇپ.
قاپىيە كەلتۈردۈم زورلاپ كۆپلىتقا،
كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئولتۇرۇپ.

دىلىمغا سالغانمۇ دېيمەن خۇدايىم،
يارىغار نېمىلا قىلسام ئۆزۈمگە.
ئوت بولۇپ تېگىدۇ بىر ياخشى يېرى
يازغان ھەر شېئىرىم بېرىپ يۈرەككە.

ئوقۇسام ئەگەردە ياخشى غەزەلنى،
ۋاي ئىست مەن يازغان بولسامچۇ دېيمەن.
تونۇي يا تونۇماي پەرۋايىم پەلەك،
شۇ تالانت ئەھلىگە ئۆمۈر تىلەيمەن.

ئاسانمۇ جاپاغا بەرداشلىق بەرمەك؟
ئاسانمۇ، چېچەكتىن جەۋھەرنى سۈزمەك.
ئىجادقا ئىشتىياق باغلاپ بىر ئۆمۈر،
ئاسانمۇ كۆكتىكى يۇلتۇزنى ئۈزمەك؟

مەن شۇنداق شائىر ھەم شۇنداق تەقلىدچى،
ئۆۋلايمەن پىكىردىن ھەتتا سۆزگىچە.
ئۆرلىدىم خىيالەن چولپاندەك كۆكتە،
پۈر كەتتى نامىممۇ دالا ـ تۈزگىچە.

4

پەلەمپەي شەكلىدە يېزىلغان شېئىر،
ئەقلىمنى لال قىلدى ئوقۇغان چاغدا.
«ئانا» دەپ يېزىپتۇ ئاتىدەك شائىر
ھۆرمەتتە ئوخشاتتىم ئۇنى ئاق تاغقا.

بۇرۇنقى يازغىنىم قالدى جايىدا،
شېئىرنى چاچمىغا ئۆزگەرتتىم تېزلا.
دۇففۇنلۇق قېقىمدەك تۆت چاسا شېئىر
ئۆتمۈشتەك پېلىندى ماڭا بىردىنلا.

دادا دەپ باشلىدىم تۇنجى شېئىرنى،
كەلتۈردۈم شەكلىنى «ئانا» غا يېقىن.
ئوقۇدۇم، سۆيۈندۈم ئۆزۈمدىن قەۋەت،
قەلبىمنىڭ كۆكىدە چېقىلدى چېقىن.

بەزىلەر سورايدۇ مەندىن چۈشەنمەي،
نېچۈن سەن ئۆزگەرتتىڭ شېئىر شەكلىنى؟
مەن دېيمەن گۈلزاردا باغۋەن تەر تۆكۈپ
يۈرەمدۇ ھەر گۈلنىڭ كۆرمەي پەيزىنى.

گاھىدا سوئالغا قالدىم كۆمۈلۈپ،
گاھىدا داڭلاندىم ئۇلار تىلىدا.

ئىرماشتىم شېئىردا ئۇلۇغلۇق ئىزدەپ،
ئابرويغا موھتاجلىق ئاشتى دىلىمدا.

چۆمۈلە كىچىك بىر ھاشارات بىراق،
ئۇنىڭدا كۈچ-قۇۋۋەت ئۇستۈن كارامەت.
مەنمۇ شۇ شەرەپكە مۇيەسسەر بولسام،
ئىپتىخار سېزىمەن ئۇرغۇپ جاسارەت.

مەن شۇنداق سەرسانمەن شېئىر ئۈچۈنلا،
ھاياتىم شېئىرغا ئايلانغان پۈتۈن.
قالمىسۇن يەردىلا ئۈمىدىم دەيمەن،
كىشىلەر كۆڭلىگە سېلىپ بىر تۈگۈن.

مەن شۇنداق شائىر ھەم شۇنداق تەقلىدچى،
يېڭىلىق كۆزلەيمەن ماڭغان يولۇمدا.
چىقارمەن سايرامدىن ياكى قايىنامدىن،
تەقدىرىم تاۋكادا ئەمەس قولۇمدا.

5

ھەي گۈڭگا شېئىرلار، گۈڭگا شېئىرلار،
ئىشقىۋاز كۆڭلۈمنى ئالدىڭلار ئۇتۇپ.
باش قاشلاپ ئولتۇردۇم سىلەرنى كۆرۈپ،
ئويلايمەن ئۆتسەم دەپ شەرەپلا قۇچۇپ.

كۆرگەندە بېرىلىپ «خائىن تاغلار» نى،
ئاھ «كۆككە يىقىلدىم» بىلىندى ئەجەپ،
قەلبىمدىن قەغەزگە چىقتى بىردىنلا،
«مەن ئايغا يىقىلدىم» قەلەمدە تەۋرەپ.

چۈشۈمنى يازىمەن ئويغىنىپ يەنە،
مەشئەلنى كۆتۈرۈپ قوغلاپ كۈنلەرنى.
«غەلىتە مىجەزدە،— دەيدۇ بەزىلەر،—
يوقاتماق مۇمكىنمۇ زورلاپ تۈنلەرنى.»

ئايلانسا قۇياشقا مۇبادا جىسمىم،
كېچىدە كەتمەيتتىم غەربكە پېتىپ.
كۆرەتتىم كۆزۈمدە قەبىھ رەزىللىك،
كىملەرنى ئازدۇرغان، كىملەرنى بېسىپ.

ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرۈمەن تۈندە،
يازىمەن شۇ ئىزدا سانسىز شېئىرنى.
يۈرىمەن رەستىلەر ئارا ئالدىراپ،
چۈشەنسۇن ئادەملەر مېنىڭ قەلبىمنى.

ھەي گۈڭگا شېئىرلار، گۈڭگا شېئىرلار،
سىلەرگە ئاشىقنى، دۈشمەننى كۆردۈم.
نېمىدەپ تەسەللىي بىرەي بىلمىدىم،
گاڭگىراپ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ يۈردۈم.

ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن سىلەرنى پۈختا،
يازىمەن يەنىلا مودا قوغلىشىپ.
بىر كۈنى چىقار دەپ كۈتۈمەن ھۆكۈم،
بۇ ھەقتە قالغاندۇ تارىخ ئويلىنىپ.

مەن شېئىر يازىمەن، شېئىر يازىمەن،
شېئىرمۇ تاۋاردەك بىلىندى ماڭا.
يېڭىلىق تۈگىمەس قانچە يازساممۇ،
ھەر كۈنى باقىمەن بىر يېڭى تاڭغا.

ۋەلېكىن يازغىنىم بولسىمۇ نۇرغۇن،
ۋەكىللىك بىرىنى كۆرسىتەلمىدىم.
قارىسام بىرىدىن بىرى ياخشىدەك
كۆرۈندى، گۈلزارغا ئوخشىتالمىدىم.

مەن شۇنداق شائىر ھەم شۇنداق تەقلىدچى،
ئۆرلەشنى كۆزلەيمەن يېڭى پەللىگە.
يېڭى كۈن تۇغۇلسا شېئىر ئۈچۈنلا،
يارىشار نۇر بولۇپ مېنىڭ قەلبىمگە.

6

ئۆزۈمگە خاس ئاۋاز بولمىغاچ نېسىپ،
قارىدىم شېئىرنىڭ رەڭدار ھۆسنىگە،

قالمىدى مەن كۆرۈپ ئۆرنەك ئالمىغان
شېئىرلار، رام قىلدى مېنى ئۆزىگە.

ئاختۇرسام، يازغاننى، تەرگەننى بەزەن،
قالماپتۇ ئۇنىڭدىن بارماقچە ئەسەر.
ياخشى دەپ ماختىغان بۇرادىرىممۇ
كۆرگەندە شېئىرىمنى قاچىدۇ بەدەر.

.............................

كېچىكىپ چۈشەندىم شېئىر دېگەننى،
ساپدىللىق مۇھىمكەن ئۇنىڭ كۈيىگە.
ئۆگىتىپ قويالماس ئۇنى بىر كىممۇ،
كۆنمەسكەن ھەركىمنىڭ پەقەت مەيلىگە.

يازسىمۇ شېئىرنى قەلەم تەۋرىتىپ،
يازغاننىڭ ھەممىسى شېئىر ئەمەسكەن.
ھەر ئادەم ئۆزىنى بىلگەن چاغدىلا
ھاياتنىڭ قەدرىگە ئاندىن يېتەركەن.

ھە، ئەمدى پۇشايمان ئۆرتەر قەلبىمنى،
ۋىجداننىڭ سوتىدا سوتلاپ ئۆزۈمنى؛
قىينالدىم، قىل بولدۇم ئەتىمشلىرىمدىن،
دوزاخنىڭ ئوتىدا كۆرۈپ ئۆزۈمنى.

مەن شۇنداق شائىر ھەم شۇنداق تەقلىدچى،
شېئىرغا ھالال تەر تۆكۈپ كۆرمىدىم.
كەينىمگە ھەر باقسام كۆڭلۈم بىئارام،
شۇ ئاچچىق تارىخنى ئويلاپ ئۆكسۈدۈم.

ئابلەت ئابدۇللا

## رەڭدار زەررىلەر

### يالغان ئېيتماس تەبىئەت پەقەت

يالغان ئېيتماس تەبىئەت پەقەت،
ئۆۋىتىدە كېلەر باھار، كۈز.
يالغان ئېيتار ئادەملەر پەقەت،
بىر - بىرىگە قاراپ يۈزمۇيۈز.

### شاخلار ئارا شوخ پىچىرلاشلار

ئۆرۈلمىدى تېخى بىر تىلغا
شاخلار ئارا شوخ پىچىرلاشلار.
يېشىلمىدى بۇ سىرلار تېخى،
قانداق تاپار ئىنىنى قۇشلار.

دېرىزەمنى ئاچقانىتىم سەھەر،
بىر قارىغوجا ناخشا سورىدى.
ناخشا ئېيتتىم،
بۇ ئەجەپ - ئەجەپ،
قارىغۇجىمۇ تەڭلا دورىدى.

### سىر

نېمە مۇنچە قارايسەن ئاڭا،
تونۇشۇڭمۇ، مۇڭدىشىڭمۇ ئۇ.
كۆيگەنىمدىك ياشلىق چېغىڭدا،
قالغانىمدى سىرلىق بىر تۇيغۇ.

ئېتىبارسىز مەغرۇر قەدەملەر
كۆزلىرىڭنى ئەيلەر پەرىشان.
تىكىلىدۇ ساڭا ئادەملەر،
نەچۈن بۇنى سەزمەيسەن جانان؟

يۈزلىرىڭدە يانىدۇ ئاپتاپ،
زوقلىنىدۇ ساڭا ھەر كىشى.

قېنى جاھىل غۇرۇرۇڭ، جانان،
ئەس-يادىڭدا پەقەت شۇ كىشى.

ئالدىڭدا ئۇ، سەن ياندىن ئاستا
تىكىلسەن ئاڭا ئىنتىزار.
ياشلىقتىكى تۇنجى سۆيۈشنىڭ
ئۇنتۇلمايدۇ لەززىتى زىنھار.

**پۇشايمان**

ھەر ئاخشىمى ئويغاق جۇپ كۆزلەر،
تۆكۈلىدۇ تارام - تارام ياش.
چۈشلىرىڭدە ئۈمىدىڭ سۆزلەر،
كۈلۈپ كېتەر ئاپتاپ ۋە قۇياش.

يول قويمايدۇ غۇرۇرۇڭ سېنىڭ
پۇشايماندا ئۆرتەنسەڭمۇ ھەم.
غەمكىن باقار يىگىت خىيالچان،
قاچان تۈگەر بۇ دەردى - ئەلەم!

رەنجىتمەڭلار ئۇنى بىھۇدە

رەنجىتمەڭلار ئۇنى بىھۇدە،
ئۆز دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ.

بالا ئۇچۇن قەلبى سەكپارە
يۈرىكىنى ھەسرەت تىلىدۇ.

ئايرىلدى ئۇ تۇنجى سۆيۈشتىن،
لەززەت بەرمەس ئەمدى تۈن - كېچە.
سۇ ئىچمىدى كۆڭلى تۇرمۇشتىن،
تاكى بۇدرۇق پەرزەنت تاپقىچە.

بالا ئۈچۈن ئەمدى يۈرىكى
ئۆزگىلەرگە قويماس مۇھەببەت.
چۈشەنمىگەن قەلبلەر ئۇنى
رەنجىتمەڭلار ئويغىتىپ نەپرەت.

مەيلى ئەمدى ئۆز بالىسىنىڭ
تەقدىرىگە بولسۇن ئۇ پاناھ.
ئەلچى بولۇپ ئۆيگە كىرگەننى،
خۇشال قىلىپ قايتۇردۇڭ ئانا.

خىزمەت، خىيال ھەمراھدۇر ئاڭا،
تۇرمۇشىدا بالا ئاۋۇنچۇق.
تەقدىرىگە كۆندۈرەر دۇنيا،
دۇنياغا ئۇ ئۆزى ئاۋۇنچۇق.

**ئابلىجان ھېيىت**

## كۆڭلۈمدىكى سۈرەتلەر

### ئانام سۈرەتلىرى

بوغۇزۇمغا تىقىلىپ تىنىق بورىنى،
چېقىندەك چېقىلىپ لەرزىگە كەلسەم.
ئايرىلىش شەمشىرى تىلىپ باغرىمنى،
كىرپىكىم تىغىغا ئىلىنسا شەبنەم.

بۇ تونۇش تەبەسسۇم، تونۇش دىلكەشلەر
تۈن-تىنسىز تۇرۇشار، دىلدا مۇڭ، قاياش.
بىر مېنىڭ جانىجان ئانام كۆزىدىن
ساقىغان يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ چۈشەر ياش!..

ئىسىمدە...
جان ئانا ئېسىمدە مېنىڭ،
تۈنجى رەت ئەگىنگەن كۆزۈڭدىكى ياش.
بالىلىق ھىدىمىنى قانماي سۈمۈرۈپ،
ئىزلىرىم ئۈستىگە قويغانلىرىڭ باش.

شادلىقىم بەختىڭدۇر يۈتمەس ھەر قاچان،
مۈڭلانغان چاغلىرىم ساڭا قىيامەت.
باش پاناھ بولغۇدەك بولسامۇ بۈدەم،
نە ئۈچۈن كۆز يېشىڭ قۇرۇماس ھەسرەت؟!

كۆز يېشىڭ ياكى تىل ـ تۇمارمۇ ماڭا،
ھاياتىڭ قارىچۇقى، شادلىقى ئانا!
قوللىرىڭ دۇئادا تاڭلار ئاتىدۇ،
كۆزۈڭدىن دومىلاپ يۈرىكىڭ مانا.

بۈگۈنمۇ تاڭ ئاتتى، دۇئادا قولۇڭ،
تۈتسىمۇ يۆتەللەر، ئۆپكەڭ قىقىلىپ.
مەن ساڭا قانچىلىك يۈرەك كۆيدۈردۈم،
ئېھ ئانا، سەن ماڭا رازىلىق بېرىپ؟!

مەن بارسام ئالدىڭغا بولۇپ ئىنتىزار،
مېھرىڭدىن مەغرۇرلۇق تونىنى كىيىپ.
(ئۇ پەقەت سەن ئۈچۈن ۋە سەندىن كەلگەن،
مەيلى مەن شاھ بولاي مەيدەمنى كېرىپ)

سەن نېچۈن ئەيمىنىپ قارايسەن ماڭا،
بەزىدە تارتىنىپ، بەزى قورۇنۇپ.
مەن سېنىڭ بالاڭمۇ ئېخ جېنىم ئانا!
بىر چاغلار كۆكسۈڭنى يۈرگەن ئاختۇرۇپ.

قۇياشنىڭ تەپتىدەك مېھرىڭ بىر ئاتەش
باغاشلار قەلبىمنى يوق" ئۇندا تىنىش.
ۋەلېكىن ئەركىلەپ كۈلسەم ئالدىڭدا،
نە ئۈچۈن قەلبىڭنى تىلار تارتىنىش؟!

جۇدالىق يۈز ئاچسا يۈتۈپ بىر قىسمەت،
سەن ئۈنسىز قورۇلساڭ ئۇنىڭ ئوتىدا.
مەن كەتسەم يىراققا ئۈمىدنى سۆيۈپ،
سەن مېنى ئۇزاتساڭ كۆتۈرۈپ نىدا؛

بىلمەيمەن،
مەن سېنى ئويلاپمىدىمكىن،
سەن كۆيسەڭ ھىجرانىڭ دوزاخ ئوتىدا.
نە دوزاخ،
كۆيسىمۇ ئۇندا كۆيەر روھ،
روھ بىلەن تېنىڭ تەڭ كۆيگەن چېغىدا.

ئاھ، زىبا قەددىڭنى يا قىپتۇ كۆيۈك،
كەلسەم مەن ئىنتىزار بولۇپ ۋەسلىڭگە.
مەن قانداق كۆيۈنسەم كېلەرسەن ئانا،
خوشلاشقان چاغدىكى گۈلدەك ئەسلىڭگە؟!

**تۇغۇلغان كۈنۈم**

پەسلەپ بارار شاش تىنىقلىرىم،
ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئىبتىلار پىنھان،
بۇرۇختۇملۇق كېسەر دىمىمنى،
دىل كۆكنى باسقانچە تۇمان.
شەكلىم گويا بۇغدا كۆلدەك،
قەلبىم ئارا ھۇركۈرەر بوران.

كۆز ئالدىمدا ھايات گۈلزارى،
كۆك قەرىدە ئۈمىد تولۇن ئاي،
قونار ئوتلۇق ئۈمىد ــ ئارمانلار،
دىل شاخلىرىم كۆتۈرەلمەي باي.
بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم
ئاھ، ئۆمرۈمنى سوراقلار تىنماي....

**ئۇ ــ مېنىڭ ئانام**

يۈرىكىم قېتىدا كۆيەر ھاياتلىق،
يالقۇنى جىسمىمغا نۇر،

زىيا،

ئىمان!

ئۇچقۇندار ئالدىمدا ۋىلىلداپ دۇنيا،
بىر ئۇلۇغ مۇھەببەت ھەر سالىيا چۇقان.

ئۇ چۇقان ئىلكىدە بىر ئاددىي سىيما،
مېھرىدىن كۈن كۈيگەن ئانام جۇلاسى.
ئۇ ئاددىي،
ئۇ گۈزەل،
ئۇ پاك، بىغۇبار.
ئەت توپا ھەددىدا ئىنسان خۇداسى.
دۇنيادا كىر قونماس لەيلى گۈل بولماس،
تۇرسا گەر قۇياشمۇ دەقىق ئورنىدا.
قايسىبىر ئىقلىمدا ئەيىب تۇغۇلماس،
قەلبى داغ تولۇن ئاي ھىجران قوينىدا.

ۋە لېكىن ئەيىبسىز نۇر بەرگەن قارىچۇق،
چېھرىدە چاڭ - توزان ئۇچۇپ يۈرسىمۇ.
ئۇ مەجرۇھ بولسىمۇ،
ھەققى - نەرقىغە
يېتەلمەس تەڭرىنىڭ پەرىشتەسىمۇ.

ئۇ جۇلدۇر كىيىملىك بولسىمۇ رەڭسىز،
پەس كۆرمە ئۇنى سەن،
مېنىڭ ئانام ئۇ!
كۈلپەتلىك قىسمىتى بولسىمۇ تەمسىز،
ئۇ مېنىڭ ھاياتىم،
ئوغۇز سۈتۈم ئۇ!

كەمىستمە نادان دەپ، ئاق كۆڭۈللۈكنى،
ئانا ئۇ،
قەلبىدە سۆيگۈسى تولۇق.
دۇنيادا كىم تەبىر بېرىپ يورۇتتى
شۇ ئانا زاتىنى چۈشىنىپ تولۇق.

مەيلى ئۇنە بولسۇن ئالەم كۆزىدە،
ئۇ مېنىڭ ئانام ئۇ، مېنىڭ ئانام ئۇ!
ئاھ، ئانا نامىنى بەرسە ئالەمگە،
بىلمەيمەن،
كۆتۈرۈپ تۇرالامدۇ ئۇ؟!

شۇڭىمۇ مەن ئۇچۇن ھەممىدىن ئەزىز
ئاھ، ئانا ۋەتىنىم — جانىجان ئانام.
چۇقانلار سالىمەن مەڭگۈ ۋەتەن دەپ،
گۈزەل تاڭ نۇرىدەك ئۈچمەس كۈي، ناخشام.

روزى نىياز

## ئۈچ شېئىر

### يۇرتنى كېزىش

لاۋۇلدىدى سېغىنىشىم، يۇرتۇمنى كەزدىم،
سۆيگۈ - دېڭىز، مەن ئۆزۈمنى بىر بېلىق سەزدىم.
تاڭ يۈزىدەك چاقناپ كەتتى يۈرگەن يوللىرىم،
بەندىلىكنىڭ بەنتلىرىدىن يىرگەندىم، بەزدىم.
ئېرىپ كەتتى كۆز ئالدىمدا ساماۋى چۈشلەر،
جەننەتلەرنىڭ تەرىپىدىن دېدىقتىم، تەزدىم.

## تۆھپكار

ئىنسان بولۇپ ياشىدىڭ ئىنسان بولۇپ تۆرىلىپ،
چوققىلاردەك پارلىدىڭ چوققىلارغا ئۆرىلىپ.
ئىزلىرىڭدا ياندۇ سۆزۈك ئاسمان كۆزلىرى،
سايىلەردىن بەلگە يوق ئالسىمۇ گەر سۆرىلىپ.
بالقىماس بۇ ھاياتتا بالقىپ ئۆتتۈڭ، قالدۇ —
سەن ئايلانغان يەرلەردە نۇردىن تاملار چۆرىلىپ.

## قەلبىمدە ياندۇ مىڭ پارچە قۇياش

ھاياتتا دوستلارسىز تەشنامەن ئەبەد،
دەرياسىز تەشنالىق قانغان نەدە بار؟!
بۇ جۇشقۇن يۈرەكتە ئىشقىي - مۇھەببەت
جورىسىز، دوستلارسىز يانغان نەدە بار؟!

سىرداشسىز سىرلارنىڭ نىمە قىزىقى،
نىمىگە ھىسابتۇر دىلكەشسىز ياشاش؟!
دوستلىرىم بىر زەررە مىھرىڭلار چۈشسە،
قەلبىمدە ياندۇ مىڭ پارچە قۇياش!

ئابلىكىم تۇردى

## بىر كۇپلىتلىق شېئىرلار

### بولۇر ۋەيرانە

ئۇلۇغۋار غايىلەر بولسۇن ھەر كىمدە،
بىلىملىك بولسۇن يا بىئەقىل، گاداي؟
مۇھەببەت بولمىسا نەپرەتلا بولۇپ،
ۋەيرانە بولىدۇ بۇ ئالەم ئايھاي!

### خىيالچان دىلبەر

رەسسىمىڭنى تارتىمەن پەقەت تېشىڭدىن،
رۇبائىي يازىمەن قىيىپ قېشىڭدىن.
كىملەرمۇ كۆيۈنۈپ خەۋەر ئالاركىن،
خىيالچان، دىلبىرىم، غەمكىن بېشىڭدىن؟

### كۆرەرسەن

(بىر مازاقچىغا)

سىياقىم مەغلۇپتۇر، روھىمدۇر غالىب،
جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ «گىرۋەك»تىن ھالقىپ؛
مەغرۇر، خۇش كەيپىمنى كۆرەرسەن تېخى
ئىجادىم ئەۋجىگە چىققاندا بالقىپ.

### چىدام

خوپ كۆرمىگەچ خەسىس بىرمۇ ئىشىمنى،
كۆرسەتمەيمەن ساڭا مەنمۇ چىشىمنى؛
ساڭا، ماڭا ھۆكۈمراندۇر رىقابەت،
پەقەت چىدام كۆرسىتىدۇ يىشىمنى.

### خىجالەتچىلىك

تىك يۇرسەم كىبىرىسى ئۆرلىدى، دەيسەن،
كۆزى ماي پىقىرنى كۆرمىدى، دەيسەن؛
مىسكىنىنىڭ باغرىغا ياقسام باغرىمنى،
بۇ شاللاق، چاكىنا ئۆلمىدى، دەيسەن!

### ئۆزۈڭدىن باشلا

خاسىيەتلىك ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا،
يامان خۇي، ئىللەتنى باش بولۇپ تاشلا؛
شۇندىلا ئەگىشۇر ساڭا خالايىق،
يامانلىق باشقىدۇر، ياخشىلىق باشقا.

### خەپ

(بىر ھاڭۋاقتىنىڭ زارى)

ئامىتىمنىڭ ھارۋىسىنى كىبلەر دەپ،
تۈننى تاڭغا ئۇلاپ كۈتتۈم ئىسەدەپ.
خەقنىڭ كەلدى مىنىڭ «ھارۋام» كەلمىدى،
خەقنىڭكىگە چىقماپتىمەن خەقتەك، خەپ!




پەرھات تۇرسۇن

# مۇزلىغان دېرىزە

(پوۋېست)*

ئامبۇردەك مۇستەھكەم تۇتقان قول ئۇنى بوتكا ئىچىگە تارتىپ ئېلىپ كىردى. رىزۋان يامغۇردا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. مۇنچاقتەك يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ سۈپسۈزۈك ئاق يۈزلىرىدە ئەتىرگۈل ئۈستىگە چۈشكەن تاڭ شەبنىمىدەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ تاتارغىنىچە ئادىلغا تىكىلدى. ئەزايى-بەدىنى سۈس تىترەپ تۇراتتى. ئۇ ئادىلنىڭ كۆزلىرىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدەيتتى.

— رىزۋان، سەن... سەن مەندىن... بەك قاتتىق رەنجىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئادىل دۇدۇقلاپ ۋە ئىتتىك باشقا ياققا قارىۋالدى.

رىزۋانىنىڭ تىترەۋاتقان لەۋلىرىدىن ئۈن چىقمىدى. ئۇ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنىنى ئىشىك تەرەپكە بۇرىدى.

— رىزۋان توختا، گېپىم بار.

---

* بېشى ئۆتكەن سانىدا.

رىزۋان كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ، ئادىلنىڭ خىرەلەشكەن گەۋدىسىگە قارىدى.

— جېنىم رىزۋان ... — ئادىل تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى رىزۋاننىڭ دولىسىغا قويدى. بۇغدىيىمكى مىدىرلاپ، گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

رىزۋان ئادىلنىڭ قولىنىڭ ئۆز دولىسىغا تەگكىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. شۇدەم پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سوغۇق بىر دولقۇن توگىلىتىۋەتكەندەك بولدى. ئۇۋۇچىنى كۆرگەن كېيىكنىڭكىدەك ۋەھىمىلىك كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ يامغۇرلۇق كوچىغا قارىدى. بوتكىنىڭ قاپقاقلىرى ئېتىلگەن بولۇپ، پەقەت كىچىك ئىشىكلا ئوچۇق ئىدى. بۇ ئىشىك ئۇنىڭغا گۆر ئاغزىدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى سىرتقا ئېتىشتىن تەستە توختىتىۋېلىپ، كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، يىغلامسىراپ شىۋىرلىدى.

— ئادىل ... ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ... قېينىما....

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا ئاغزىدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كەتكەن بۇ سۆزگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئويلايتتى: نېمىشقا ئۇنىڭغا، ئادىل تولا ھەددىدىن ئاشما، ماڭا يەنە چېقىلىدىغان بولساڭ سېنى كەچۈرمەيمەن، دېمەيمەن؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا يېلىنىمەن؟ مەن نېمىشقا ئۇ چاقىرسا قارىدىم. نېمىشقا ئۇ قولۇمدىن تارتسا قىلچىمۇ تارتىشماستىن ئۇنىڭ بوتكىسىغا كىرىمەن؟ ئەگەر ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمىسە، ۋارقىرىسام، باشقىلاردىن قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلسام، مېنى بۇ يەرگە سۆرەپ ئېلىپ كىرەلەمتتى. مەن زادى نېمە بولدۇم، نېمىشقا مانا مۇشۇنداق ۋىجدان، نومۇس بىلەن ئويىنىشىدىغان چاغلاردا بىردىنلا خۇدۇمنى يوقىتىپ، ئۆزۈمنى بىلەلمەي قالىمەن؟! ئاتا - ئانامغا ۋە ئۆيدىكىلەرگە قانداق يۈز كېلىمەن؟ بەلكىم شۇ تاپتا قېيىن ئانام، قېيىن ئاتام مېنى يامغۇردا قالدى دەپ يولۇمغا قاراپ تۇرۇشقاندۇ؟ ئۇلارنىڭ مېنى ئۆز قىزىدىنمۇ چارە كۆرۈپ قىلىۋاتقان كۆيۈمچانلىقلىرىغا مەن مانا مۇشۇنداق رەسۋالىشىشلار بىلەن جاۋاب بېرەمدىمەن؟ روزى ماڭا نېمە قىلدى؟ دەرھال قايتىشىم كېرەك ...

بىراق ئادىلنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭ سىقىپ ئۆزىگە تارتىۋاتاتتى. ئۇ قولىنى تارتىپ ئاجرىتالماي، ئادىلنىڭ كۆزلىرىگە يېلىنىش بىلەن تىكىلدى. بىراق بۇ كۆزلەردىن چىققان نۇر شۇ قەدەر مىسكىن، شۇ قەدەر ئوتلۇق ئىدىكى، رىزۋان گويا تولىمۇ ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى بىلەن چىققان زەئىپ ۋە ئوتلۇق ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك يۈرىكى ئۆرتىنىپ كەتتى. ئادىلنىڭ چىرايىدىكى چوڭقۇر ئىشەنچ، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرد - ھەسرەت ئىپادىسى رىزۋاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق قارشىلىقنى بەربات قىلىۋەتتى. رىزۋان ئۇنىڭ ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك سەل - پەل ئالدىغا سوزۇلۇپ تۇرغان تولۇق ۋە قىزغۇچ لەۋلىرىگە، ئادىل بولسا رىزۋاننىڭ زەھەر يەپ ئۆلگەن ئادەمدەك تۇس ئالغان خۇنۇك چىرايىغا تىكىلگىنىچە بىر ھازا ئۈن - تىنىسىز تۇرۇپ قېلىشتى. ئادىل يەنە بىر قولى بىلەن رىزۋاننىڭ قولىنى ئاستا سىيلايتتى. رىزۋان پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ باشقىچە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

— رىزۋان، مەن شوخراق بولغاچقا، بارلىق دەرد - ئەلەملىرىمنى مەنىسىز كۈلكىلىرىم بىلەن يوشۇرۇپ، چاندۇرماي كەلدىم، — دېدى ئادىل قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ

قويۇپ ناھايىتى تەستە، — مەن ساڭا ئۆلگۈدەك ئۆچ بولۇپ كەتتىم.

رىزۋان تىترەۋاتقان قوللىرىنى ئۇنىڭ قوللىرى ئارىسىدىن ئاستا ۋە قىيماسلىق بىلەن تارتىۋالدى. ھاياجانغا تەشنا ۋۇجۇدى ھاياجانلارنىڭ تېخىمۇ ئازابلىق بولۇشىنى خالايتتى. بىراق ئۇ بۇنىڭدىن قورقاتتى. ئۇ ئادىلنىڭ كېيىنكە ئۈندىمىدى. يۈرىكى مۇھەببەتنىڭ ئەڭ مۇقەددەس نۇرىغا چۆمگەن، مۇھەببەت ئازابىنى ھەممىدىن كۆپ تارتقان ئادەملەرلا نىگارى ئالدىدا ئاھ-پەرياد چېكەلمەيدۇ. ياشمۇ تۆكمەيدۇ، پەقەت يۈرىكىدە جىمجىت ۋە ئۈنسىز ئىڭرايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئاھ-پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلىشى ئازابنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىگە ئىسپات بولالمايدۇ. ئازاب ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، كىشى شۇ قەدەر ئۆزىنى تۇگەشتۈرۈۋېتىدۇكى، كۆز يېشى قىلىش، باشقىلارغا ئۆز ھەسرىتىنى، ئىچ باغرىنى تۆكۈپ بېرىشكىمۇ قۇدرىتى يەتمەيدۇ. ئادەمنىڭ قەلبى بىر دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئادەملەر داۋاملىق سىرتقى دۇنياغا نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ھېسسىيات، دائىم داۋراڭ قىلىپ يۈرۈيدىغان ئەدەپ-ئەخلاق، ۋىجدان، ئار-نومۇس توغرىسىدىكى پىكىرلەر، بار ئاۋازى بىلەن ئېيتىدىغان ناخشىلار پەقەت دېڭىز يۈزىدىكى كۆپۈكلەر بولۇپ، دېڭىز يۈزىگە چىقىۋېلىپ ئۆزىنى بازارغا سالىدۇ. باشقا بارلىق چىن ھېسسىياتلار، ھەقىقىي قەلب ناخشىلىرى مەرۋايىتقا ئوخشاش مەڭگۈ دېڭىز تەكتىگە كۆمۈلۈپ قالىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ھەر-قانداق كۈچلۈك دولقۇنلىرىمۇ ئۇنى دېڭىز يۈزىگە ئېلىپ چىقالمايدۇ. ئۇ، دېڭىزنىڭ ئەڭ تەكتىگە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقى ئۈچۈنلا قىممەتلىك...

رىزۋان ئۈن-تىنسىز قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئەڭ ئۇستا سەنئەتكار تەرىپىدىن ئاپىرىدە قىلىنغان مەريەم ئانىنىڭ ھەيكىلىگە ئوخشايتتى. مۇھەببەت شۇ تاپتا ئۇنى شۇنداق بۈيۈك، مۇقەددەس ۋە گۈزەل ھەيكەل قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ غۇنچىدەك قىپقىزىل ۋە ئوماق لەۋلىرىدىن «نېمىشقا» دېگەن سادا چىقمىدى، بىراق ئادىل ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بوۋاقنىڭ بىغۇبار كۆزلىرىدەك نۇرلىنىپ تۇرغان ئىنتىزارلىقتىن ئۇنى تامامەن چۈشىنىپ يېتەلىدى.

— رىزۋان، سەن نېمىشقىمۇ بۇنچە چىرايلىق بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغان بولغىيدىڭ؟ نېمىشقىمۇ نەچچە يىللاردىن بېرى سېنىڭ بۇنچە چىرايلىق ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ يەتمىگەن بولغىيدىم؟ سېنىڭ توييۇڭدىن كېيىنلا، ھېلىقى كۈنى سەن بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپلا سېنىڭ مۇنۇ كۆزلىرىڭدىن ئۆمرۈمدە ھېچقانداق ئادەمنىڭ كۆزىدىن كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ سىرلىق، ئاجايىپ مىسكىن ۋە ئادەمنىڭ خۇدىنى يوقىتىدىغان، ئادەمنىڭ جىسمىغا ئۆتۈپ كۆيدۈرۈۋېتىدىغان سېھىرلىك نۇرنى كۆرۈپ قالدىم، پەقەت... پەقەت شۇ چاغدىلا سېنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە گۈزەل ئىكەنلىكىڭنى كۆرۈپ يەتتىم. پەقەت ئاشۇ قېتىم ئۈنسىز مۆلدۈرلەپ قاراشلىرىڭنى كۆرگەندىن كېيىنلا سېنىڭ سىمايىڭ كۆز نۇرۇڭ ئار-قىلىق گويا زور بىر ئوتتەك يۈرىكىمگە بۆسۈپ كىرىپ، يۈرىكىمنى يارا قىلىۋەتتى. جېنىم رىزۋان، نېمىشقا بۇرۇنمۇ ماڭا ئاشۇنداق ھەسرەتلىك، يالقۇنلۇق كۆزلىرىڭ بىلەن قاراپ باقمىغان بولغىيدىڭ...

ئادىل تىترەك ئاۋازدا سۆزلەيتتى. قۇرۇپ قورۇلۇپ كەتكەن لەۋلىرى ھەر بىر جۈملە

سۆز ئاخىرلىشىشى بىلەن ئالدىغا ئومچىيىپ كېتەتتى. رىزۋان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە، خۇددىنى يوقاتقاندەك سۆزلەشلىرىگە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئازاب ئالامەتلىرىنى، قويۇق قاشلىرى بېسىپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى ھەسرەتنى تەلمبە ۋە دەرد-ئەلەم ئىلكىدە پۇچۇلانغان ھالدا تاماشا قىلاتتى.

— رىزۋان، سەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىڭدا خېلى خۇش چاقچاق قىز ئىدىڭ، لېكىن توي قىلغاندىن كېيىن بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۈلۈمسىرەپ باققىنىڭنى كۆرۈپ باقماپتىمەن، كۆزلىرىڭدىن ھامان ئاچچىق دەرد-ئەلەم ئۇچقۇنداپ تۇرىدۇ. بىراق چوڭقۇر ئازاب، مۇڭلۇق خىياللارغا پاتقان ئاشۇ تۇرقۇڭلا ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدىكەن. خىيالچان، مۇڭلۇق قىياپىتىڭلا مېنى ساڭا ئاشىق بولۇشقا ئۈندىدى. بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران، سەن ... سەن بەلكىم بۇنى چۈشەنمەسسەن. بىراق بۇنىڭغا ئىشەنگىن...

ئادىل مۇۋاپىقراق گەپ تاپالماي، گەدىنىگە يېيىلىپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى ئارىسىنى قاشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەك، ئۇنىڭ چىرايىغا ئەسلا ماس كەلمەيدىغاندەك، خۇددى يىراق ئۆتمۈشتىكى بىر چۈشتەك غايىپ بولغان شوخلۇقلار، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە لەپپىدە نۇر چېچىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ رىزۋانغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، باشقا ياققا قارىۋالدى.

رىزۋان ھىجران بىلەن ئاخىرلىشىدىغان چۈشتىن ئويغانغاندەك:

— ئادىل ... جېنىم ئادىل، — دەپ پىچىرلىدى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغىنىدىن جېنىم دەپ سالدى-دە، ئارقىدىنلا بۇنداق دەپ سالغىنى ئۈچۈن ساراسىمىگە چۈشتى. تىلى بىر ھازا ئاۋازسىز مىدىرلاپ كەتتى، ئاندىن تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، سۇس، ئەمما كۈچىنىپ شىۋىرلىدى:

— ئادىل، نېمىشقا ... بىر-بىرىمىزنى قىينايمىز. بىز جىق كېچىكتۇق. سەن مېنى ئازابلىما ... مېنى تىرىك ئۆلتۈرمە ... مەن ... چىدالمايمەن ... پەرىدە ... مەن — ئۇنىڭ گېلىنى بىراۋ بوغۇۋالغاندەك، ئېغىزى، لەۋلىرى تولغاپ ئۇيۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك گەپلىرى قولاشماي قالدى. بولۇپمۇ ئاغزىدىن پەرىدە دېگەن ئىسىم چىقىش بىلەنلا، گويا قانداقتۇر قىممەتلىك بىر نەرسىدىن قۇرۇق قېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك، ئۇنى ئادىلنىڭ يادىغا يەتكۈزۈپ قويسا، ئادىلنىڭ خىيالى ئۇنىڭغىمۇ بۆلۈنۈپ كېتىدىغاندەك، يۈرىكى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئېچىشىپ كەتتى. ئارقىشا ئۆرۈلۈپلا زەھەر ئىچىپ، ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغان ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپ بوتكىدىن چىقىپ كەتتى.

— رىزۋان! — ئادىل يۈگۈرۈپ چىقىپ توۋلىدى. يولدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. يامغۇر ياغماقتا ئىدى. ئۇ بوتكىسىنى ئېتىپ، رىزۋاننىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

قاراڭغۇلۇق بارغانسېرى قويۇقلاشماقتا، پۈتۈن قاراڭغۇلۇق رىزۋاننىڭ يۈرىكىگە ۋەھىمە بولۇپ يېيىلماقتا. ئادىل ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. رىزۋاننىڭ يۈرىكى تېخىمۇ دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشى بىردەمدىلا سۇغا چۈشكەندەك چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. ئادىل كۆڭلەك ئېلىشنى ئۇنۇتقانىدى. ئۇلار كۆڭلەكلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيانى ئۇنتۇشقانىدى.

رىزۋاننىڭ يۈرىكى ئەنسىزلىك ۋە تەقەززالىق بىلەن بىر قولنىڭ دولىسىغا تېگىشىنى، ئۆزىنى كۆچەپ تارتىشىنى كۈتەتتى. بىراق ئۆزىدىكى بۇ تەلپۈنۈشنى ۋەھىمە ئىلكىدە ئۆزى ئىنكار قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ئەمدى روزىدىن باشقا ھېچقانداق بىرەر يىگىتنىڭ روزىدا يوق تەرەپلىرىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولالمايمەن، روزىنىڭ مۇزدەك سوغۇق باغرىغا مەڭگۈ قۇل بولارمەنمۇ دەپ ئويلاپ، دەرد-ئەلەم ئىلكىدە ئۆرتەنگەنلىرىنى، روزى بىلەن باشقا ئەر كىشىلەرنى سېلىشتۇرۇپ، پۈتۈن ھاياتىنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان، ئۆزى كېچە-كۈندۈز تەلپۈنگەن نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى چىڭ ئىندەك قەدىرسىز ھېس قىلغانلىرىنى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنىڭ ئارمان، دەرد-ئەلەم بىلەنلا ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ چەككەن ئازابلىرى ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتتى. بىراق ئۇ بۇلاردىن بەھرىمەن بولۇشقا قىلچە جۈرئەت قىلالماي، ئۇنىڭغا كۆز قىرىدا قاراپمۇ قويماستىن، پەقەت يامغۇرنىڭ تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان ئاۋازى ئارىسىدا شىپىلدىغان ئاياغ تىۋىشىغا بارلىق سەزگۈسى بىلەن زەن سېلىپ جىمجىت كېتىۋاتاتتى.

رىزۋان ئۆزىنىڭ روزى بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەڭ چوڭقۇر ئازاب بىلەن كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى.

كىشىلەر كۆپىنچە ئۆزى مەڭگۈ يېتىش مۇمكىن بولمىغان غايىلىرىدىن قىلچە ئۈمىد بولمىغاچقا، ئۆزىنى ئازابلاشنى خالىمايلا، ئۇنىڭدىن ئاسانلا كېچىپ كېتىدۇ. شۇڭا كۆپىنچە كىشىلەر خۇشال-خۇرام كەيپىياتتا جىمجىت يۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز روھىنىڭ تەلپۈنۈشلىرىدىن كېچىپ، رېئاللىققا پۈتۈنلەي ئويغۇنلاشقان روھتىن بىرنى ياساپ چىقىدۇ. بىراق شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆز ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىنى، مۇمكىنچىلىك يوقلۇقىنى ھېس قىلغانسېرى پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ، ئاشۇ ئارزۇلىرى ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن تىركىشىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللار ئۆز ئارزۇسىنىڭ كېچىش مۇمكىن بولمىغان بىرلا نەرسىسىدىن يەنى ئۆزىنى تىنىمسىز قىيناپ، سىرتماققا ئوخشاش بوغۇپ تۇرغان ئاشۇ ۋىجداندىن كەچسىلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى سېزىپ يېتىدۇ-دە، پۈتكۈل ھاياتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، تۆگىشىپ كېتىدۇ.

رىزۋاننىڭ خىياللىرى چوڭقۇرلاشقانسېرى مېڭىسى قاتتىق ھاياجاندىن قىزىپ، گاراڭلىشىپ، خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى تاپالماي قالدى. يامغۇر سەل پەسەيگەندەك قىلدى.

. تىترەپ تۇرغان بىر قول رىزۋاننىڭ بېلىكىدىن تۇتتى-دە، ئۇنى مېڭىشتىن توختىتىپ قويدى. ئۇ چۆچۈپ ئەندىككىنىچە ئالدىغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى ۋە ۋۇجۇدى شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ كەتتى.

ئۇلار ھېلىقى جىگدىلىكنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانىدى. رىزۋاننىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن سېلىپ كەتتى. ئۇ بوشلا ئاھ، دەپ ئۆزىنى تاشلىدى. بۇ ئاھ، ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ھەسرەتلىك سۆيگۈ ناخشىسى ئىدى. ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرغان ئىككى تەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، تېپىرلاشلار ئىلكىدە جىگدىلىك ئىچىگە سۈرۈلۈپ كىرىپ كەتتى.

ــ جېنىم ئادىل، ئۇنداق قىلما... ئۆتۈنۈپ قالاي...ــ رىزۋان تىترەك ئاۋازدا يېلىنىپ جانسىز تىپىرلايتتى، ئۆتكەنكەندەك ئاڭسىز بىر سېزىم، غەلىتە بىر كۈچ ئۇنى ئورمان ئىچىگە سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئادىل سۆرىمەستىن، بەلكى ئادىلنى ئۆزى ئورمانلىق ئىچىگە تارتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى قايسىدۇر بىر جىگدىنىڭ غولىغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ، زۇۋانى تۇتۇلۇپ كەتكەندەك، ئۈنسىز تۇرۇپ قېلىشتى. شۇتاپتا ئۇلار ئۈچۈن سۆز دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەسىدى. ئېغىزدىن چىققان ھەرقانداق بىر تاۋۇش سۇلىك شىلدىرلىشى، شامالنىڭ ھۇۋۇلدىشى، ئاياغ تىۋىشى قاتارلىق جانسىزجىسىملارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ چىقارغان ئاۋازى بىلەن ئوخشاشلا بولۇپ، ئۆز مەنىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. ھېچقانداق بىر تاۋۇش شۇ تاپتا ئۇلار ئۈچۈن مەنا ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى.

ئادىل چۆچۈپ ئويغانغاندەك بىردىنلا رىزۋاننى چىڭ قۇچاقلىدى، لەۋلەر لەۋلەرگە چوغدەك يېقىلاتتى. ئادىلنىڭ لەۋلىرىدىن پۈتۈن ئەزايى بەدىنىگە تارقىلىۋاتقان كۆيدۈرگۈچ ئىلىقىم رىزۋاننى تىترىتىۋەتتى. ئۇ مەست ئادەمدەك پۈتۈنلەي ئەس-سېزىمىنى يوقاتقانىدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە تېخىمۇ كۈچلۈك سۆيۈشۈشتىن تارقالغان يالقۇنلۇق سېزىمدىن باشقا ھېچنەرسە تەسىر قىلمايتتى. پۈتۈن كائىنات، بارلىق غەم-غۇسسە، دەرد-ئەلەم، شادلىق، ئەنسىرەشلەرنى تامامەن ئۇنۇتقانىدى.

بىرئازدىن كېيىن ئادىل ئىككى قولى بىلەن رىزۋاننى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەھەللە چېتىگە يېقىندىن سالغان يالغۇز ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. بۇ ئىش كېيىن رىزۋاننىڭ زادىلا ئەقلىگە سىغمىدى، بىراق بۇ راست ئىدى. ئۇنى ئادىل راستىنلا كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەنىدى. ئۇباشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قىلچە قورقمىغىنىغا، تىركەشمەستىن ئادىلنىڭ بىلەكلىرى ئۈستىدە ياتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ راستىن بولغانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى.

رىزۋان ئېسىگە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىپ-يالىڭاچ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ بەدىنى ھەۋەس ئىلكىدە تىترەيتتى. كۆيەتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كېتىدىغاندەك چىرمىشىپ كەتتى...

ئىچىدىن تاقالغان ئىشىك قاتتىق بىر زەربىدىن جالاقلاپ ئېچىلىپ كەتتى.قولىدا توخماق تۇتقان بىركۆلەڭگە ئۆيگەبۆسۈپ كىردى. تۇيۇقسىز قانداقتۇر بىرقاتتىق نەرسەرىزۋاننىڭ مېڭىسىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلدى، ئۇ بېشىنى تۇتۇپ ئاچچىق بىر ئىڭرىدى-دە، بىردىنلا سېزىمىنى يوقاتتى.

ئادىل بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، كۆز ئالدىدا بىر قارا كۆلەڭگە قولىدا يوغان كالتەك تۇتۇپ، دەھشەت بىلەن دىۋەيلەپ تۇراتتى. ئادىل قاراڭغۇدا ئۇنى ئېنىق كۆرەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ رىزۋاننىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى تونۇدى-دە، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. گويا ئۇنىڭ جالاقلاپ تىترەۋاتقانلىقىنى، چىشلىرىنىڭ قاتتىق كىرىشىپ، ياڭاق سۆڭەكلىرىنىڭ بۆرتۈپ چىقىپ تۇرغانلىقىنى، يۈزلىرىنىڭ تاتىرىپ، قورۇلۇپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرىنىڭ كېڭىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرگەندەك بولدى. يۈرىكى قارتىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ

ئۆزىگە قارىتىپ ئۇرۇلغان كالتەكنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ، تىزىنى چىقىرىۋىدى، ھېلىقى كۆلەڭگە ئۇنىڭ تىزىغا ئۇرۇلۇپ ئىنجىقلاپ سالدى - دە، قولىدىن كالتەك چىقىپ كەتتى. ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ ئادىلغا جان جەھلى بىلەن ئېتىلدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى قولاشماي، ئادىلغا ھېچقانداق زەربە بېرەلمەي قېلىۋاتاتتى. ئادىل ئۇنىڭ ھەربىر مۇشتۇمىدىكى تىترەكنى ئوۋا ھېس قىلغاندەك بولاتتى. ئۆزىدە بۇ سېزىمنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇ پەقەتلا روزىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. روزى ئۇنىڭغا زەربە بېرەلمىگەنسېرى جان-جەھلى بىلەن ئېتىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دىقماق بەدىنى قورقۇنچ ۋە غەزەپ - نەپرەت بىلەن جالاقلاپ تىترەيتتى. غالجىرلىق كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالغاندەك پەيلىدىن قىلچىمۇ يانمايتتى. ئادىل ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ھەيرانلىق، ئېچ ئاغرىتىش ۋە نومۇس قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان ھېسسىيات قايىنىمى ئىلكىدە كۆزىتەتتى. روزىنىڭ ئۆزىگە ئۇرۇلغان مۇشتلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇۋالاتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر ھېسسىيات بىلەن گاڭگىراپ قالغان ۋاقىتتا روزىنىڭ مۇشتۇمى ئۇنىڭ بۇرنىغا گاچچىدە ئۇرۇلدى - دە، قان چىقتى. ئۇ ئاخىرى چىداپ تۇرالمىدى ۋە روزىنى قاتتىق بىر تەپتى. روزى سەنتۇرۇلۇپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى.

ئۇلار قاتتىق ئېلىشىپ كەتتى. ئادىلنىڭ كۈچلۈك مۇشتلىرى، تېپىكلىرى روزىنى بوغۇزلانغان شىردەك خىرقىرىتىۋەتتى، روزى بارغانسېرى جېنىدىن تويۇپ، ۋۇجۇدىدىكى قان شىددەت بىلەن قايناپ، تومۇرلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. غەزەپ - نەپرەت ئۇنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىلىرىدە غايەت زور ۋولقاندەك دەھشەتلىك زىلزىلە پەيدا قىلىپ پارتلايتتى. ئۇ، پۈتۈنلەي خۇدىنى يوقاتقانىدى. جان تالىشىۋاتقان ھايۋاندەك ئۆزىنى ئادىلغا قارىغۇلارچە ئۇراتتى. ئاشۇنداق چاغدا كىمنىڭمۇ كاللىسىدا «قاتىللىق» دېگەن دەھشەتلىك ئۇقۇم پەيدا بولسۇن، كىممۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك، ۋەھشىيلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتسۇن؟! ئۇنىڭ كاللىسىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، پەقەت يۈرىكىنى ۋەھشىيلەرچە كۆيدۈرۈۋاتقان رەشك ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىپىرلايتتى، غەزەپ - نەپرەتنىڭ يۈرىكىنى ئۆتكۈر خەنجەردەك دەھشەتلىك تىلىشلىرىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەستىن قەيەردىندۇر قولىغا چىققان بىر نەرسىنى، يالتىراپ تۇرغان پىچاقنىڭ سېپىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە ئالدىدىكى مۇدھىش نەرسىگە ئۇردى. ئۇ پەقەت مۇشۇ ئارقىلىقلا يۈرىكىنى خانىۋەيران قىلغان ئۆچتىن قۇتۇلالايتتى. ئۇ پەقەت چەكسىز قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۆز مېڭىسىگە تىقىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا زەھەردەك تارقىلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

2

ئادىل يۈرىكىگە سانچىلغان ئۆتكۈر پىچاقنى چاڭگاللاپ ئاچچىق ئىڭرىدى - دە، قېتىپ قالدى. ئاندىن كۆيگەن قىلدەك ئازابلىق تولغۇلۇپ، يەرگە گۈپپىدە چۈشتى.

رىزۋان ھوشىغا كېلىپ، ئاستا كۆزىنى ئاچتى. قاراڭغۇلۇق دەھشەتلىك چۈشتەك ئۆينىڭ بوشلۇقىدا ۋەھىمە بىلەن لەيلەپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئادىلنىڭ ئالدىغا



كەلدى ـ دە، پۈتۈن بەدىنى دەھشەتلىك سىلكىنىپ، ئاچچىق چىرقىراپ تاشلىدى. ئۇ بىرمىنۇت ئاۋۋاللا ئۆزىنى ئىللىق قۇچاق-لىرى بىلەن مەستخۇش قىلغان يالىقۇنلۇق ۋۇجۇدنىڭ سوغۇق جەسەتكە ئايلىنىپ قالغان-لىقىنى كۆردى. ئۇ يېنىدا تۇرغان روزىسىنى كۆرمىگەندەك قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ۋەھىمە بىلەن چەكچەيگىنىچە ئادىلنىڭ جەسىتىگە قاراپ تىكىلىپ قېلىشقان. ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ، قارىسراپ مۇزدەك كۆكىرىپ كەتكەن يۈزلىرى قورقۇنچلۇق پۈرلىشىپ، ياتلا بىر قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى. پۈتۈن بەدىنى قېتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ھالىتى قانغا بويىلىپ، تىلىنى ئۆلۈمدەھشىتىدە توغرا چىشلەپ، چەكچەيگىنىچە ياتقان ئادىلنىڭ جەسىتىدىن نەچچە ھەسسە قورقۇنچلۇق ۋە كۆلپەتلىك ئىدى.

بىردىنلا ھەيكەلگە جان كىرگەندەك رىزۋاننىڭ ئۆيۈپ كەتكەن بەدىنى جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئادىلنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا تىزلاندى. ئۇ خۇددىنى يوقاتقان ھالدا ئادىل-غا ئۆزىنى ئېتىپ، بىرھازا ياقىلىرىنى چاك ئېتىپ يىغلىدى. ئۇنى بۇ دۇنيادا ياشاشقا ئىنتىلدۇرۇدىغان بىردىنبىر نەرسە ئەمدى بەربات بولغانىدى. ئۆلۈمنىڭ دەھشەتلىك چاقمىقى چۈشۈپ ۋەيران قىلىۋەتكەن كاللىسىدا ئەمدى ھېچنەرسە قالمىغانىدى. پەقەت ھەربىر ھۈجەيرىلىرىگە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئورنىشىپ كەتكەن ئەڭ ئازابلىق كۆز ياش-لار، ئەڭ ھەسرەتلىك يىغىلار يامراپ چىقىپ، غايەت زور سەلدەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەتكىنىچە قاپساپ چىقماقتا ئىدى.

سىرتتا يامغۇر تېخىمۇ ئەدەشكە باشلىدى. چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما دەھشەت بىلەن گۈلدۈرلەپ كەتتى. ئۆي ئىچى چاقماق يورۇقىدا يالت-يۇلت قىلىپ ياناتتى. گۈلدۈرماما ئاۋازىدىن روزى چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى. ئادىلنىڭ دەھشەتلىك چەكچەيگەن كۆزلىرى چاقماق يورۇقىدا لاپپىدە كۆرۈندى. بۇ كۆرۈنۈش دەقىقە ئارىلىقىدا بولغان بولسىمۇ، بىراق روزىغا خېلىغىچە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ تېنى جۇغۇلداپ،

يۈرەكى قايتىدىن قارتىدە قىلىپ يېرىلىپ ياكى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك بولدى - دە، بىردىنلا ئەقلى - ھوشىنى يوقاتقاندەك، چەكچەيگەن كۆزلەر ھېلىلا چاچراپ چىقىپ، ئۈزىگە ئېتىلىدىغاندەكلا تۈيۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تاشتەك ئۇيۇشۇپ كەتكەن بەدىنى قايتىدىن ئۆلۈم دەھشىتىدە تىترەشكە باشلىدى. ماغدۇرسىزلىنىپ بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە زوڭىلا ئولتۇرۇپ قالدى. قاتتىق قورقۇپ، ئىختىيارسىز ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ئادەم ئۆلتۈرگەنىدى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە قىلارمەن دەپ ئويلىمىغان ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە مۇدھىش بىر ئىشنى قىلغانىدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە قانچىلىك تۇرۇشقىنىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئەزەلدىن ئاشۇنداق كېلىشىۋاتقاندەكمۇ، ئاشۇنداق تۇرۇشلى بىر كېچە بولغاندەكمۇ ۋە تېخى بىر دەقىقە ئۆتمىگەندەكمۇ قىلاتتى.

بىر ھازادىن كېيىن رىزۋان بېشىنى كۆتۈرۈپ روزىغا قارىدى. ئۇ روزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىردىنلا ئۆزىنى تاشلاپ تىزلاندى.

رىزۋاننىڭ كۆڭلىدە ھېچقانداق قورقۇنچ يوق ئىدى. ئۇ غالجىرلاشقان ئېرىنىڭ ئۆزىگە پىچاق تىقىۋېتىشىنىمۇ ياكى قاتتىق ئۇرۇشىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئۇ پەقەت يۈرىكىدىن لەۋلىرىگە سەلدەك يېپىرلىپ كېلىۋاتقان سۆزلىرىنى قانداق قىلسا ئىپادىلەپ بولالايدىغانلىقىنى خىيال قىلاتتى. يۈرەكنىڭ چەكسىز چوڭقۇرلۇقىدا ئۇزاقتىن بۇيان ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇپ ياتقان سۆزلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بولۇشنىڭ مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتمەكتە ئىدى. كۆز ئالدىدا قېيىن ئانا - قېيىن ئاتىلىرىنىڭ دەرىبان كۆزلىرى چوڭقۇر ئىشەنچ ۋە سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ تۇرغان ھالدا پەيدا بولاتتى. بۇلارنىڭ ئۆزىگە قانداق تىكىلىشلىرىنى، ئۆزىنى ئەيىبلەشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى.

— رىز...ۋان! — دېدى روزى يىغلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھېلىلا ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلغا خاس ۋەھشىيلىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆكسى بىلەن بىللە ئويناۋېتىپ، ئۆكسىنى سۇغا چۈشۈرۈۋەتكەن كىچىك بالىنىڭ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ھالدا دادىسىغا بولغان ئىشنى سۆزلەۋاتقاندەك چىقاتتى. قاپساپ كەلگەن يىغىدىن بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ قالاتتى، — جېنىم رىزۋان... بۇ نېمە ئىش؟! مەن سېنى شۇنچە ئەدەبلىك، شۇنچە ياۋاش، يۈزى تۆۋەن ئايال دەپ ئويلايتتىم... سېنىڭ...سېنىڭ... بۇنداق قىلغىنىڭغا ئىشەنگۈممۇ كەلمەيتتى...رىزۋان...سەن...سەن ئۇنداق قىز ئەمەستىڭ...مەن سېنى دۇنيادىكى ئەڭ ساپ دىل، ئەڭ پاك قىز دەپ ئويلايتتىم، بىلەمسەن، سېنى دادام، ئاناملارمۇ مەندىن بەكرەك... ياخشى كۆرەتتى...

—روزى... مەنمۇ ئۇلارنى ئۆز ئاتا-ئانامدەك ياخشى كۆرىمەن...مەن... ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيمەن... — دېدى رىزۋان بىرھازادىن كېيىن يىغلىمىسىراپ.

— تېخى...سېنى...مېنىڭ رىزۋانىم... مېنىڭ خوتۇنۇم يامغۇردا قالمىسۇن دەپ سەلدىن ئەنسىرەپ، ئالدىڭغا كۈنلۈك ئېلىپ كېتىمەن. رىزۋان ئېيتقىنا، مەن ساڭا نېمە

قىلغان؟ — روزى سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي تېخىمۇ يىغلاشقا باشلىدى.

— روزى! — دېدى رىزۋان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋە تەمكىن هالدا سۆزلەشكە باشلاپ. ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ سۆزلىگەندە تەمترەپ، دۇدۇقلاپ قالمايتتى. شۇ قەدەر سالماق ۋە تەسىرلىك سۆزلەيتتىكى، سۆزلىرى ئۇستا يازغۇچىۋە ناتىقلارنىڭكىدەك كىشىنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالىدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. ئۆزىنىڭ بۇنداق راۋان، بۇنداق كەسكىن سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى، — روزى، سىز ماڭا هېچنەرسە قىلمىدىڭىز، سىزدىن هېچقانداق ئاغرىنىشىم يوق. هەممە گۇناه ئۆزۈمدە... ياق! مەندىمۇ نېمە گۇناه بولسۇن؟! هەممە گۇناه تەقدىردە، چۈنكى سىز ئۆزىڭىز مانا مۇشۇنداق جىمغۇر، سوغۇق يارىلىپ قالغان ئەمەس. مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرەلمەسلىكىممۇ هەرگىز ئۆز ئىختىيارىم ئەمەس. مەن بىلىمەن، كىشىلەر ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاقلىيالىشىم مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا سىزنىڭ ئالدىڭىزدىمۇ ئۆزۈمنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇپ ئاۋارە بولمايمەن. سىزدە مېنىڭدەك قەلبتىن، مېنىڭكىدەك هېسسىياتتىن ئەسەر يوق. سىز بىلەن مەن باشقا-باشقا دۇنيا. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىزنىڭ مەن هېس قىلغاننى هېس قىلىپ مېنى چۈشىنىشىڭىز، مېنىڭ ئازابلىرىمغا هېسداشلىق قىلىشىڭىز مۇمكىنمۇ؟! مەنمۇ هېسداشلىق قىلىشىڭىزغا، چۈشىنىشىڭىزگىمۇ موهتاج ئەمەسمەن! بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراڭ، — ئۇ قولى بىلەن روزىنىڭ بېشىنى ئۆزىگە قاراتتى. بېشىنى چاڭگاللىۋالغان قوللىرىنى تارتىپ چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا هېچقانداق قايغۇ يوقتەكلا قىلاتتى، — روزى، سىز ئادەم ئۆلتۈردىڭىز. بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن يىغان چەكمەڭ، قورقۇپ كەتمەڭ، پەقەت مېنىڭ بىرلا تەكلىپىمگە قوشۇلسىڭىز هازىردىن باشلاپ بۇ قاتىللىق بىلەن ئالاقىسىزدەك هەممە ئادەم ئالدىدا بىمالال يۈرەلەيسىز. بۇنى بىر قېتىملىق قورقۇنچلۇق چۈش قاتارىدا بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۇنتۇپ كېتىسىز. ئادىلنى ئۆلتۈرگەن قاتىللىق گۇناهىڭىزنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي! نېمىشقا يىغلايسىز؟! بولدى قورقماڭ، ماڭا قاراڭ. گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟! مەن ئۆزۈم ئىنتىلىدىغان نەرسىگە ئېرىشىپ بولدۇم. ئەمدى يەنە نېمىگە تارتىشىمەن؟ مەن بىلەن هېچقانداق روهىي ئالاقىڭىز يوق، سىزگە تارتىشامدىم؟ سىز مېنىڭ قەلبىمدە هېچقانداق مۇقەددەس ئورۇنغا ئىگە بولالمىدىڭىز. شۇڭا سىزنىڭ بەزىدە هەۋەسلىرىمنى سوغۇقلا هالدا قاندۇرۇپ بواسىمۇ ماڭا قىلغان بۇ ياردىمىڭىز پەقەت بىردەملىكلا بولۇپ، يۈرىكىمنى پۇچۇلاۋاتقان باشقا بىر ئىنتىلىشنى ئازتولا ئۇنتۇلۇشقىلا ياردىمىڭىز بولغانىدى. بىراق بۇ ياردەم تولىمۇ قىسقا بولدى. مەن بۇنىڭ تولىمۇ مەنىسىز ئىكەنلىكىنى سەزگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئىنتىلىشلىرىم هەددىدىن ئاشقىلى تۇردى. سىزنىڭ ياردىمىڭىز پەقەت ئۇنىڭغا بولغان نىقابلا بولغانىدى. هەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ. مەڭگۇ ئۇنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ. مەن يۈرىكىمدە شىددەت بىلەن غەليان كۆتۈرۈۋاتقان ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئەڭ شېرىن سۆيگۈمنى — مېنىڭ هاياتىمنى، مېنىڭ بارلىق غايىلىرىمنى پەقەت سىز ئۈچۈنلا يۈرىكىمدىن ئىبارەت ئۆلۈم بىلەن تولغان بۇ دۇنياغا كۆمۈپ تاشلىدىم. مەن ئادەمگە ئەمەس، بىر قورچاققا ئايلىنىپ قالدىم. مەن

سىزنىڭ ۋە تەقدىرنىڭ ئەڭ بىچارە قورچىقىغا ئايلاندىم. مەن يەنە نېمىشقا ياشايمەن،
ياشاپ نېمە قىلىمەن؟! پەقەت ئويۇنچۇق بولۇش ئۈچۈنلىما؟! بۇ ئويۇنچۇقلۇق ھايات،
تامامەن تەقدىردىن ئىبارەت سىرتقى بىر كۈچنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن بولغان ئىكەن، بۇ
ھايات ئەلۋەتتە شۇ سىرتقى كۈچكىلا تەۋە ـ دە! قانداقمۇ ماڭا تەۋە بولسۇن. پەقەت
ئاشۇ كۈچ مېنىڭ ئاشۇ بويسۇنغۇچى، جانسىز بەدىنىم ئارقىلىق ياشاۋاتىدۇ. بۇ ياشاش
مېنىڭ ياشىشىم ئەمەس!

مانا بۈگۈن مەن قىلچىمۇ ئۆز ئىختىيارىم بولمىغان ھالدا ئۆز ھاياتىمغا ئۆزۈم ئىگە
بولدۇم. مەن بۇنداق بولۇشىدىن قورقاتتىم. بىراق مەن ئۆزۈمنىڭ ئەڭ مۇقەددەس سۆيـ
گۈم ئالدىدا ئىلاجىسىز قالدىم. ئۇ ئەڭ غالجىر بىر كۈچ بىلەن مېنى ئاشۇ رەسۋالارچە
ئىشقا باشلىدى. مەن ئۆز خاھىشىم ئالدىدا ئىلاجىسىز قالدىم. مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم
ھەقىقىي ھاياتىمنى ياشىۋالدىم. قەلبىمدە قىلچە ئارمىنىم يوق. چۈنكى مېنىڭ ئەڭ
مۇقەددەس غايىلىرىمنىڭ، بارلىق خاھىشلىرىمنىڭ ئىگىسى دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى.
ئۇنىڭسىز مەن نېمە دەپ يەنە قورچاقلىق ھاياتىمنى، ئۆزۈمگە تەۋە بولمىغان
ھاياتنى ياشاي؟! مەن ئۇنى ئۇنتالماي قىينىلىشلارغا قانداق چىداي؟! روزى!
ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆز خاھىشىمنىڭ ئىسيانلىرىدىن يۈرىكىم قاز
بولغان ھالدا ئەڭ پاجىئەلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، رېئاللىق بىلەن ئارزۇلىرىم
خاھىشىم ئارىسىدا جان تالىشىشنى ئەڭ ئۇزاق باشتىن كەچۈرۈشكە چىدىدىم، ئەمدى
قانداقمۇ بىردەملىك جان تالىشىشقا چىدىمايدىكەنمەن. ئۆلۈمدىن قاتتىق قورقاتتىم، ئەمدى
ئويلىسام ئۆلۈم دېگەنمۇ ئانچە دەھشەتلىك ئەمەس ئىكەن. ئەنە، ئادىلمۇ ئالدىمىزدا
ھەش ـ پەش دېگۈچە جان بەردىغۇ؟ ئەگەر مەن قاتىللىقىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلى-
نىپ قالسام، بىر پايى ئوقنىڭ جېنىمنى ئېلىپ، مېنى بارلىق ئازاپ، دەرد ـ ھەسرەت، ئار-
زۇ ـ ئارماندىن، ئەڭ مۇھىمى، مېنى قاتتىق قىينىغان يۈرىكىمنى مەندىن جۇدا قىلىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن! مېنىڭ ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئىنتىلىش دەردىدە تارتقان ئازابلىرىم قال-
مىدى. ئەمدى ئۆلۈشتىن ئىبارەت بىردەملىك نەرسىگە قانداقمۇ چىدىمايدىكەنمەن. چى-
شىمنى قاتتىق چىشلەيمەن ـ دە، كۆزۈمنى يۇمۇمەن، پەقەت بىر سېكۇنتلا ھەممىنى ھەل
قىلىدۇ. مەن ئۆكۈنمەيمەن! بىراق روزى، سىز ياشاڭ. سىز ئۈچۈن مەن ھازىر بېرىپ
ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىمەن، سىزدىن بۇنىڭ بەدىلىگە كۈتىدىغان بىردىنبىر ئۈمىدىم، سىز
بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنىپ سالماڭ! بولار مەڭگۈ سىر بولۇپ قالسۇن! مېنىڭ ھەقىقىي
ھاياتىم پەقەت ئۆز قەلبىمدىلا قالسۇن. مەن ھەممە ئازابقا بەرداشلىق بېرەلەيمەن،
بىراق باشقىلارنىڭ نومۇسلۇق سۆز ـ چۆچەكلەرگە قېلىشىنى مەڭگۈ راۋا كۆرمەيمەن.

ئاخىرقى هاياتىمنىڭ يىرگىنچ ۋە خورلۇقتا ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن سىز شۇنداق قىلىڭ! بەلكىم كىشىلەر مېنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلغانلىقىمغا ئىشەنمەي قالار! چۈنكى ھېچكىم مېنى بۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئويلىمايدۇ. مەن ئۆز ئابرويۇمنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇشىغا چىدىمايمەن، مەن ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىم ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا رازى! جېنىم روزى! مەن پەقەت كىشىلەر ئالدىدا رەسۋا بولمىسام-لا بولىدۇ! بۇنى پەقەت... پەقەت سىزلا بىلىپ قېلىڭ! پەقەت... مەنلا ئۆلەي... پەقەت ئۆز ئابرويۇمنىڭ تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن!... مېڭىڭ، سىز ئۆيگە كېتىڭ. ھېچنېمىنى ئۇقمىغان بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇڭ!...خەير!

روزى ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى. رىزۋان كىيىملىرىنى كىيىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، دەلدەڭشىگەن ھالدا گاھ تېيىلىپ، گاھ مۈدۈرۈپ سىرتقا چىقىپ، يامغۇر ئىچىدە شەھەرگە قاراپ مېڭىپ كەتتى...

خاتىمە

روزى بىر نەچچە كۈنگىچە خۇددى يوقىتىپلا يۈردى. ئادىلنىڭ چەكچىيىپ قارىغان كۆزلىرى، كۆز ئالدىدىن كەتمەي ئۇنى دائىم سۈر باساتتى. ئۇ دائىم قورۇنۇپ، كىشىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپلا يۈرەتتى.

ئۇ ئېچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوقەتكە بارغان ۋاقىتىدا رىزۋاننى سېغىنىپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان، بىراق پەقەت ۋۇجۇدىغا ئىللىقلىق بەرگەن يۇمشاق كۆكسىدىن باشقا ھېچنېمىنى تولۇق كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىگەنىدى. ئەمدى بولسا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا رىزۋان شۇ قەدەر ئوچۇق ۋە يارقىن گەۋدىلىنەتتىكى، گويا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك جىددىيلىشىپ كېتەتتى. رىزۋان دائىم گويا قانداق يىغلاش، قانداق ئازابلىنىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، بىراق قەلبىدە مىسلىسىز دەرد-ھەسرەت ئۇرغۇپ تۇرغاندەك، ئاشۇ دەرد-ھەسرەتلىرىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمىگەندەك، گويا زەھەرلىنىپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتىدەك سوغۇق ۋە سۈرلۈك قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كېلەتتى. ئۇ دەسلەپ: «ئۇ ۋاپاسىز بۇزۇقنى ئويلىماي!» دېگەنىدى. ئەمدى بولسا دۇنيادا رىزۋاندەك چىرايلىق قىز-لى تېپىش مۇمكىن ئەمەس دەپ ھەسرەت بىلەن دائىم رىزۋاننى ئويلاپ، ئۇنى ئۆزىگە ئۇچراشقان ھەممە قىزغا سېلىشتۇرۇپ باقاتتى. «ئاناڭنى، ئېپلاس، بۇزۇق، نېمانچە چىرايلىق بولغىيدىڭ!... چىرايلىق بولغاچقا ۋاپاڭ يوق» دەيتتى ئەلەم بىلەن شىۋىرلاپ، ئاندىن خىيالىغا بىردىنلا ئادىل كېلەتتى-دە، تېنى جۇغۇلداپ، شۈركىنىپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ قاتىللىقتىن ئىبارەت ئەڭ مۇدھىش ۋە قورقۇنچلۇق جىنايىتىنى تامامەن يوشۇرۇپ قېلىشقا ئىشەنچ قىلالمايتتى. دەككە-دۈككە ئىچىدە رىزۋاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى — يۈرىكىگە ساقايماس يارا بولۇپ ئويۇپ قالغان سۆزلىرىنى ئەسلەيتتى ۋە ئويلايتتى: قا-تىللىقنى — ئاشۇ كىشى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان زور جىنايەتنى ئۇنىڭ نېمىشقىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغۇسى كېلىپ قالغاندۇ؟! ئۇلار ئەيدىلا ئۆيگە كىرگەن، ئەمدىلا سۆيۈشۈۋاتقان

بولغىيدى، ئۇ ئۆزىنى ئاقلىيالىشى مۇمكىن بولغىيدى. پەقەت ئىززەت-ئابرويى ئۈچۈنلا
ئەنە شۇ قاتىل دېگەن جىنايەتنى ئۈستىگە ئالدى. مەن بولسام قاتىللىقنىڭ دەھشىتىدە
مۇشۇ چاققىچە خۇدۇمنى يوقىتىپ يۈرۈمەن.

ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى-ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كەچتە روزىنىڭ
ئانىسى ئۇنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىنى سېلىۋېتىپ يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئېيتتى؛

— بىچارە رىزۋان، ئەجەپ ئېسىل قىز ئىدى. سەن بالدۇرراق بارغان بولساڭمۇ ئۇ ھې-
لىقىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماستى. ئېسىت قىزىم، ئاھۇ-زارىڭ خۇداغا يېتىپ، پاكلىقىڭ
ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئۇلۇغلۇقۇڭ ئۈچۈن ئىلاھىم ئۆز پاناھىدا ساقلار...

— رىزۋاندەك پاك، ئاقكۆڭۈل، ئېسىل ئايالدىن يەنە بىرنى دۇنيادىن تېپىش
مۇمكىن ئەمەس.

روزى بۇ سۆزنىڭ ئۆز ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قال-
دى. ئۇزاقتىن بۇيان ئۇ دائىم رىزۋان توغرىلىق گەپ بولۇپ قالسىلا باشقىلار ئالدىدا
خۇدىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا رىزۋاننىڭ
تارتىنىش ئىچىدە نازلانغان ھالىتى پەيدا بولدى-دە، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

ئاھ، رىزۋان، سەن بىچارە قىز! يۈرىكىڭدىن ئىبارەت روھىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم
بولغان قەبرىدە جەھەننەمنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك ئازابلىرىنى تارتقانلىقىڭ ئۈچۈن سېنىڭ
پەريادلىرىڭ قەبرىنى تېشىپ چىقىپ، ھاياتىڭدا ياڭرىدى. سېنى سەرسان قىلىپ، ھەر
كويلارغا سالدى. ھاياتىڭدا ئەڭ زور روللارنى ئوينىيالىدى. سەن قەبرىنى بۆسۈپ چىققان
بۇ سادانى قەبرىنىڭ دەھشەتلىك چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش دەپ خاتا ئويلىدىڭ. بۇ قەبرى-
دىن تامامەن قۇتۇلۇشۇڭ مۇمكىن ئەمەس! ئېيتقىنا قېنى، سەن راستىنلا ئۆلۈشنى
خالامسەن؟!

روزى بۇلارنى ئويلاپ يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئۇنىڭ قەلبىدىكى رىزۋانغا
نىسبەتەن ئاستا-ئاستا پەيدا بولۇپ كەلگەن سىرلىق سېزىم بەلكىم ئاشۇ خىيالغا ئوخشاپ
كېتەر.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئايگۈل مۆيدىن

# ۋاپا

(ھېكايە)

غۇنچەمنىڭ تويى بولۇپ تاكى ئۈچ پەرزەنتلىك بولغانغا قەدەر كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. چۈنكى كىشىلەرنىڭ «غۇنچەم يولدىشى غاپپارغا قىز چۈشمىگەن» دېگەندەك گەپلىرى، تونۇش-بىلىش، قوشنا-قولۇملارنىڭ ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان ئىما-ئىشارەت قىلىشىپ، كۇسۇرلاشلىرى، ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلۈشلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى چىدىغۇسىز ئازابلايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ تالا-تۈزگە ئاز چىقىدىغان، چىقسىمۇ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەيدىغان بولۇپ، كەچۈرگۈسىز ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان كىشىدەك خۇدۈكسىرەيتتى. گايىدا ئۆزىنىڭ ناھەقتىن-ناھەق قارىلىنىپ كېلىۋاتقىنى ئۈچۈن ئىس-تۈتەكلەر ئىچىدە بۇرۇختۇم بولۇۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى-دە، «مەن نېمە قىلغىنىم ئۈچۈن كىشىلەر ئالدىدا كۆكسۈمنى كېرىپ، بېشىمنى تىك تۇتۇپ يۈرەلمەيمەن، نېمىشقا ھەق-ناھەقنى ئايرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن»، دەپ ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئاندىن پۇخادىن چىققىچە يىغلاپ، ئاچچىقىنى كۆزىدىن ئالاتتى.

«غۇنچەم غاپپارغا قىز چۈشمىگەن» دېگەن گەپنىڭ تارقىلىشىغا ئۇنىڭ قېيىن ئانىسى ئايزىمخان سەۋەبچى ئىدى.

ئايزىمخان ئاتمىشتىن ئۆتكەن، ئوتتۇرا بوي، بۇرنى پاناق، چالا ساۋات بولۇشىغا قارىماي تولا سۆزلەيدىغان، گەپتان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مىجەزى چۇس ھەم تولىمۇ گىررىي ئىدى. ئۇ ئوغلى غاپپارنىڭ غۇنچەم بىلەن توي قىلغانلىقىغا نارازى ئىدى. شۇڭا ئۇ دائىما كېلىنىنىڭ كەينىدىن سورۇن تاللىماي غەيۋەت قىلاتتى، ئانچىكىم بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ ھە دېگەندىلا قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىۋېلىپ بولۇشىغا ۋارقىراپ، ئىنگشىغان دەرەخنىڭ قېشىغا بارماڭ، تېگىسمەن دېگەن چوكاننىڭ دېگەن مانا مۇشۇ، كۆزى ئېچىلمىغان ئوغلۇمنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋېلىپ تېگىۋالدى، نىكاھلانغان تۇرۇقلۇق ئۆزىنى قىز دەۋالدى، بېشىدىن تۇما ئۆرۈپ، تىل-ئاغزىنى باغلىۋەتتى... دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇنى پۈتۈپ قالغۇچە ۋارقىراپ، ئالەمنى مالەم قىلاتتى.

غۇنچەم قېيىن ئانىسىدىن ھەربىر دەشنام ئىشتكەندە خورلۇق ھېس قىلىپ، خۇددى كېسەل تەگكەن توخۇدەك شۈكلەپ كېتەتتى، كېچىلىرى يوتقان ئىچىدە ئۈنسىز يىغلايتتى، بىراق ئۇ بۇ ئائىلىدە ئېرى ھەم ئۈچ بالىسىنى دەپلا تۇراتتى، چۈنكى غاپپار غۇنچەمنى ياخشى كۆرەتتى،

قەدىرلەيتتى. ئايى ئۇ قېيىن ئانىسىنىڭ قاقشىش، ھاقارەتلىرىگە چىدىماي ئاجرىشىپ كېتىش تەلىپىنى قويغاندا، غاپپار: سېنى مەن ئالغان، مەن قويۇۋېتىمەن دېمىسەم ئېمىشقا بۇنداق تاشلاشمىغان خىياللارنى قىلىسەن، يۈزۈڭنىڭ ئېچىلمىغان ـ ئېچىلغانلىقى ماڭا ئايان، جەننەتنىڭ ھۆرى ـ پەرىسى بولساڭمۇ ساڭا تەڭ قىلمايمەن، دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى.

غۇنچەم ۋاي دېگۈدەك چىرايلىقلاردىن بولمىسىمۇ، بوي ـ تۇرقى قاملاشقان، ئۆزى ئوڭلۇق، ئېغىر بېسىق، نومۇسچان، ئىشچان ئايال ئىدى، ئۇ، ياخشى ئات ئۆزگە قانچا تەگكۈزمەيتتۇ، دېگەندەك، سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، ھەممە ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك جاي ـ جايىدا قىلاتتى. ئەل تېخى ئىسسىق ئورنىدىن قوپمىغاندا بىرەر تونۇر ناننى پىشۇرۇپ بولاتتى ـ دە، چۈشلۈك تاماقنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىپ قويۇپ ئىشقا ماڭاتتى، كەچتە ئىشتىن كېلىپ بىرەر يېرىم دەم ئارام ئالماستىن كىر يۇياتتى ياكى بالىلىرىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىسىنى ئوڭشاش بىلەن بەنت بولاتتى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي قېيىن ئانىسى ئۇنى ھامان يامان كۆرەتتى.

غۇنچەم ئۈچىنچى بالىسىنى تۇغقاندىن كېيىن ئانچە ساق بولالمىدى، بۇ ئۆينىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى ئۇنى كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ قويدى، ھە دېگەندە پۇت ـ قولىنىڭ پېيى تارتىپ يىغىلىپ قالىدىغان، يەرگە دەسسىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. غاپپار ئايالىنى دوختۇرغا داۋالاتقاچ ئۆينىڭ جىمى ئىشلىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئايزىمخاننىڭ ئەرۋايى تېخىمۇ ئۆچتى، بىر كۈنى ئۇ غاپپارنى چاقىرىپ يۈزىدىن يۈزىگە:

— ھەي لامزەللە، يۇمشاقباش، مەن سېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان. قېنى دەپ باقە، قايسى ئەر كىشى ئوچاق يېنىدا ئۆمىلەپ يۈرۈيدۇ؛ بولمىسا بېشىڭغا رومال ئارتىپ چىق، ۋۇي خوتۇنغا دۇم چۈشكەن، نومۇسنى بىلمەيدىغان كۆڭلى قارا سارڭ، بېجىرىم قىزدىن ئالغان بولساڭ قانچىلىك قىلاتتىڭ، ھېيى كېتىپ، شېيى قالغان خوتۇننى ئەتىۋارلاپ كەتكىنىنى تېخى، ئۇ تۇغقان بالىنىچۇ، ئىتمۇ تۇغالايدۇ، مېنى ئانام دەيدىكەنسەن، ئۇنى ھازىرلا كۆزۈمدىن نېرى قىل! مەن ساڭا تۇخۇمنىڭ سېرىقىدەك پېتى بۇزۇلمىغان، يۈزى ئېچىلمىغان جانان چىنىدەك جاڭ ـ جاڭ جاراڭلاپ تۇرىدىغان قىزلاردىن ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ.

غاپپار ھەرقانداق چاغدا ئانىسىنى ھۆرمەت قىلاتتى، يول قوياتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ غەرەز ئۇقمايدىغان تەرسا مىجەزىنىمۇ، جاھىللىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى، ئانىسى ئۇنى ھەرقانچە تىللاپ كەتسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ھەرگىز جاۋابلاشمايتتى، ئانىنى ئۇلۇغ بىلگىنى ئۈچۈن، ئانا رازى — خۇدا رازى، دەپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قاپاق كۆتۈرۈپ قارىمايتتى، غاپپار ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىشكىمۇ ئامالسىز ئىدى، چۈنكى ئۇ بىرلا ئوغۇل بولغاچقا، ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە چىدىمايتتى ھەم كىشىلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن قورقاتتى.

ئايزىمخاننىڭ باياملقى گەپ ـ سۆزلىرى غاپپارنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا خېلىلا تەگدى. خۇددى ئىچ ـ باغرىنى خەنجەر بىلەن

قوچىۋەتكەندەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇ
ئەمدى تاقەت قىلالمىدى:
— ئاپا، كىر يۇيۇش، نان يېقىش،
تاماق ئېتىش... دېگەنلەرنى ئەر كىشى
قىلسا بولمايدىغان نەرى بار ئىكەن؟ —
دېدى ئۇ ئاپىسىغا قاراپ، — ئۇنى مۇشۇ
ئۆيدىكى تۆگىمەس ئىشلار كاردىن چىقى-
رىۋەتمىدىمۇ، ئۇ تۇغۇتىدىمۇ ئامانىي خۇدا
تۆت-بەش كۈن يېتىپ ئارام ئالالمىدىغۇ،
ئەمدى ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسا، بۇ
ئىشلارنى مەن قىلماي كىم قىلاتتى، ئۇنىڭ
ئاغرىقلىقىنى بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىسەن-
غۇ؟ بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن،
دەپ مەنمۇ ئولتۇرسام ئۈچ بالىنىڭ قورسى-
قى ئاچماسدۇ؟ مەن جاپا تارتتىم دەپ
زارلانمىسام سەن نېمانچە كوتۇلداۋېرىسەن،
مەن ساڭا دەپ قوياي ئاپا، مېنى خۇش
بولسۇن دېسەڭ ھەدېسىلا ئۇنىڭغا ئازار
بېرىۋەرمە.

ئايزىمخان ئوغلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭ-
لاپ ياقىسىنى تۇتقىنىچە ئاللىنېمىلەرنىدۇ
پىچىرلىدى، بىر ئازدىن كېيىن، مۇلايىم
قىياپەتتە:

— جېنىم بالام، مېنىڭ ساڭا ئىچىم
ئاغرىۋاتىدۇ، يېقىندىن بېرى ئورۇقلاپ
كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپ، قېرىپ كەتكەندەك
كۆرۈنۈۋاتىسەن، ئۆز دىمەتلىكلىرىڭنى
كۆرمىدىڭمۇ، ئۇلار ئۆزىنى تاشلىماي، ھېلى
تويغا بارىدىغان يىگىتتەك ياسىنىشىپ، كۆڭ-
لى خۇش بولىدىغان يەرلەردە ئويناپ-كۈ-
لۈپ يۈرۈيدۇ، سەنچۇ، خوتۇنىڭنىڭ بېقىنى-
دىن نېرى كېتەلمەي، بوسۇغا چۆگىلەپ
ئولتۇرۇشۇڭ مۇشۇ، سەن ئۆزۈڭنى ئايالىڭغا
بۇنچىۋالا تۇتقۇزۇۋەتمە، ھازىر خەقنىڭ
ئارىسىدا نېمە گەپ-سۆزلەرنىڭ بولۇۋات-
قانلىقىنى بىلەمسەن؟ غۇنچەمنىڭ پات-پات
قاسىم موللىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقان-
لىقىنى كىشىلەر كۆرۈپتىمىش، ئېسىڭدە
باردۇ، ھېلىقى مەدەنى ئىنقىلابتا قاسىم
موللىنى ئىسىتقۇ، سوۋۇتقۇ قىلدى دەپ،
كىگىز كىتابلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ سازايى
قىلمىغانمىدى، غۇنچەمدە چوقۇم بىر گەپ
بار، بولمىسا ئۇ يەرگە نېمىشقا تولا كىرىدۇ.
دۇ. دېمىگىچە، ئۇ، موللىغا پۇل خەجلەپ
تۇما پۈتتۈرۈپ، سېنىڭ بېشىڭدىن ئۆرۈ-
ۋەتكەن گەپ، شۇڭا سەن ئۇنىڭ سىزغان
سىزىقىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالدىڭ...

ئايزىمخان دائىم ئۆز مەقسىتىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز كېيىنى
باشقىلارنىڭ تىلى قىلىپ سۆزلەيتتى، يالغان-
نى ئورۇپلا تاپاتتى، بۈگۈنمۇ ئۇ قارىسىغى-
لا پالانى ئۇنداق دېدى، پوكۈنى مۇنداق
دېدى دەپ تۇرۇپ ئوغلىنى ئىشەندۈرمەك-
چى بولۇۋاتاتتى.

غاپپار بېشىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا
ئالغان ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى،
ئانىسىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ نېرۋىسىغا تېگ-
گىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قايناپ كەتتى:

— ئەمدى خەقنىڭ تاپمىغان شۇ گې-
پى قاپتىمىز، بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت. مەن
بۇنداق ئويدۇرما گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن.
قاسىم موللا خۇدانىڭ ئىخلاسمەن، تەقۋا-
دار ياخشى بەندىسى، ئۇنداق ئىشلارنى ھەرگىز
قىلمايدۇ، ئىنقىلابتا كىم قارىلانمىغان، كىم
ئەدەب يېمىگەن، خەق دېگەن نېمىنى
دېمەيدۇ، بەش ۋاق ناماز ئوقۇغان، قۇرئان-
كىتاب ئوقۇغانلىكى ئادەمنىڭ ھەننىۋاسىلا ئىس-
سىتقۇ-سوۋۇتقۇ قىلىدىغان جادۇگەرمىكەن،
غۇنچەمنىڭ قاسىم موللىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ
تۇرىدىغانلىقىدىن مېنىڭ خەۋىرىم بار،

ئۇنىڭ قىزى ئىززەت بىلەن غۇنچەم ساۋاقداش، يەنە كېلىپ ھازىر بىر ئىدارىدە ئىشلەيدۇ. سەن ھېلىقىدەك گەپلەرنى تاپقان پايلاقچىلارغا دەپ قوي، تىرناقتىن كىر ئىزدەيمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن!

ئايزىمخان بىر ھازا سۈكۈت ئىچىدە جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە سۆز باشلىدى:

— جېنىم بالام، سەن دېگەن يۈرىكىمنى يېرىپ چىققان، ئۆز بالام، مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ جاپا تارتىشىڭنى خالىمايمەن، مېنى ئانام دەيدىكەنسەن نەسىھەتلىرىمنى ئوبدان ئاڭلا. بۇندىن كېيىن ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالماي ئەرلىكىڭنى قىلىپ يۈر، خوتۇن كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى ئەر كىشى قىلسا يامان بولىدۇ، باشقىلار كۆرسە زاڭلىق قىلىدۇ، ئايالىڭنى داۋالىتىمەن دەپمىزۇ ئەسلى-ۋەسلىڭ تۈگىدى، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندىكەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۇ ئۆزى قىلسۇن، گايى بىر ئاياللار تومۇچى، مۇغەمبەر كېلىدۇ.

— يەنىلا شۇ گەپمۇ، مەن ئۆز بالاڭ، غۇنچەم ياتنىڭ بالىسى، شۇنداقمۇ؟ ئاپا، سەن ئۇنى نېمانچە قاتتىق ئالىدىغانسەن، ئويلاپ باقە: نۇسرەت تۇغقاندا ئاتمىش كۈنگىچە كارىۋاتتىن چۈشۈرمەي، سوغۇق سۇغا قول تەگكۈزمەي كۈنگە ئىككىدىن تۇخۇم ئىچكۈزگەنىڭ سىرتىدا پاخلان گۆشىدە شورپىداپ باققانلىرىڭ ئېسىڭدىمۇ، ھە دېگەندە تۇخۇم بىلەن بەللىرىنى تېڭىپ، كاللا-پاقالچاقنىڭ سۈيىدە ھوردىغانلىرىڭچۇ، ئەمما غۇنچەم شۇنداق قىلالىدىمۇ، ئارامسى خۇدا ئون كۈن يېتىپ باقتىمۇ، ئاپا، سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرد-دىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، بىراق غۇنچەمنىڭمۇ سېنىڭ ئاشۇ ياخشى كۆرگەن ئوغلۇڭنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭ كېرەك ئىدى.

— ھە...؟ سەن تېخى تەپتارتماستىن ئۆزۈڭنىڭ بىر قېرىندا ياتقان سىڭلىڭنى ئېغىزىڭغا ئېلىۋاتىسىنا، مۇشۇ گەپلى قىلىشقا تىلىڭ قانداق باردى؟ خىجىل بولماي خوتۇنى بىلەن سىڭلىسىنى ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتقىنىنى بۇنىڭ. مەن دېمىدىممۇ، بۇ كۆڭلى قارىنى ئوقۇتۇپ پىلىدەك يۇمشاق قىلىۋەتكەن گەپ. ئېست-ئېست... — ئۇ ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە چىقىپ كەتتى.

لېكىن غاپپارنىڭ ھەرقانچە ئاچچىقى كەلسىمۇ، بىچارە، گۇناھسىز ئايالىغا ئىچى ئاغرىيتتى.

غاپپارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىتىشى ئارقىسىدا غۇنچەمنىڭ كېسىلى ياخشى بولۇپ قالدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك ئۆي ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئالدى. غۇنچەم غاپپارنىڭ «كىشى ئۆچلىشىۋاتقان ئادەمگە ياخشىلىقنى توختىماي قىلىۋەرسە، ئاخىر شۇ كىشى تەسىرلەنمەي قالمايدۇ» دېگەن نەسىھىتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئادىتى بويىچە ھەر كۈنلۈكى قېيىن ئانىسىدىن: بۈگۈن مىجەزلىرى قانداقراق، كۆڭۈللىرى نېمە تارتىدۇ... دېگەنلەرنى سوراشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى، دەرۋەقە، ئالتۇن ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن يېڭىدۇ، دەپ غۇنچەم ئاخىر يەڭدى.

ئارىدىن يىللار ئۆتتى، ئايزىمخانغا قېرىلىق يەتكەنمۇ ياكى ئۆت ئوپېراتسىيەسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمىغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، بارا-بارا سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، ھەممە

نەرسە ئورنىدا بولىدىغان بولىدى. ئەمدى
غۇنچەمنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى،
بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىش، ئاش
ئېتىش، بالا بېقىش، ئۆي تازىلاش، قېيىن
ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشلارنىڭ
ھەممىسى غۇنچەمگە قاراشلىق ئىدى، غاپ-
پارنىڭ سىڭلىسى نۇسرەتنىڭ ئۆيى باشقا
يېزىدا بولۇپ، ئۇزاق ـ ئۇزاقتا بىرەر قېتىم
كېلەتتى، غۇنچەم ئاخىرى خىزمەتتىن
سوراپ، قېيىن ئانىسىغا قاراشقا مەجبۇر
بولدى. ئۇ، ئانىغا ۋاقتى ـ قارارىدا ئاغزىغا
تېتىغۇدەك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىشنىڭ
سىرتىدا چوڭ ـ كىچىك تەرىتىنى تۆكۈپ،
كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ،
ناھايىتى پاكىز باقتى.

ئايزىمخان غۇنچەمنى ئەمدى تىللى-
مايدىغان، ئەكسىچە يوقلاپ كىرگەن
قوشنا ـ قولۇملارغا ماختاپ بېرىدىغان بول-
دى. ئۇ غۇنچەمنى ھەربىر كۆرگىنىدە
يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك خىجىل بولۇپ
قوروناتتى. ئۇ بىر كۈنى غۇنچەمنى ئۆز
يېنىغا چاقىردى. غۇنچەم مۇلايىمغىنە
كۈلۈمسىرەپ ئالدىغا كەلدى، ئايزىمخان
ئوتتۇرا قولىغا سېلىقلىق چەشمە كۆزلۈك
كۈمۈش ئۈزۈكنى بوغۇم سۆڭەكلىرى
يوغىناپ ھۆررەكلىشىپ قالغان قوپال قولل-
رىدىن تەستە چىقىرىپ، غۇنچەمگە:

ــ قىزىم، قولىڭىزنى ئەكىلىڭ، بۇ
ئۈزۈكنى ئۆز قولۇم بىلەن سىزگە سېلىپ
قوياي، ــ دېدى.

ــ رەھمەت ئانا، ئۈزۈك ئۆزلىرىدە
تۇرسۇن، ــ دېدى غۇنچەم بۇ تاسادىپىلىق-
تىن ھەيران بولۇپ.

ــ ئالتۇن ئەمەسكەن دەپ يارىتمايۋاتامسىز، قىزىم، مەندە بارى مۇشۇكەن،
بۇ ئانامدىن ماڭا قالغان تەۋەررۈك ئىدى،
ئەمدى سىزدە تۇرسۇن.

ــ ياق ئانا، ھەرگىز ئۇنداق دېمىس-
لە، سىلى ئۇنى بەرمىسىلىمۇ مەن سىلىنى
باقىمەن، بىز بالا، سىلى ئانا، سىلىنى بې-
قىش بۇرچىمىز، ــ دېدى غۇنچەم ھاياجى-
نىنى باسالماي، شۇ تاپتا ئۇ يىغلىۋېتەيلا
دەپ قالغان ئىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن ھايا-
جانلانمىسۇن، نېمە ئۈچۈن يىغلىمىسۇن،
چۈنكى، ئۇنى قېيىن ئانىسى بىرەر قېتىممۇ
قىزىم دەپ چاقىرغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئىس-
مى غۇنچەك، پوچۇق تەخسە، ھېلىقى
قاشاڭ... ئىدى، بۈگۈن ئايزىمخان ئۇنى
تۇنجى قېتىم «قىزىم» دەپ چاقىرىۋاتىدۇ،
شۇڭا ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان
يەر تاپالماي جانلىرى يايراپ، ئۈستىدىن
بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلى-
غاندەك باشقىچىلا يەڭگىللەپ قالدى.

ــ بالىلىرىم، مەن ياشىنىپ قالدىم،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن كېسەل تارتتىم،
پىشقان قوغۇن پىلىكىدە تۇرماپتۇ دېگەن-
دەك، ۋاقىت ـ سائەت يېتىپ كېلىۋاتىدۇ،
جان خۇدانىڭ قولىدا، بۇنىڭغا ئەلۈكىملىلا
دېمەي ئامال يوق، قىزىم غۇنچەم، مەن
سىزدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى، خۇدا
سىزنى ئىككىلا ئالەم ئەزىز قىلسۇن، مەن-
دىن رەنجىگەن بولسىڭىزمۇ كەچۈرۈڭ، قى-
زىم، ــ ئۇ غۇنچەمنىڭ قوللىرىنى ئۇزۇن-
غىچە قويۇۋەتمەي تۇتۇپ ئولتۇردى، ئان-
دىن ھېلىقى ئۈزۈكنى غۇنچەمنىڭ
ئاپئاق قوللىرىغا سېلىپ قويدى، غۇنچەم
ئانىسىغا يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتتى، ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر خىل ئىسسىق
ئېقىم ئۆركەشلەيتتى، خۇددى ئۇنىڭ ئۇزۇن
يىللاردىن بۇيانقى كۆڭۈل داغلىرىنى يۇ-

يۇپ چىقىردۇەتمەكچى بولغاندەك، بۇلاقتەك
بىر جۈپ كۆزىدىن توختىماي ياش تۆكۈ-
لۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ غاپپارمۇ
كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى.

بىر يىلدىن كېيىن رەھىمسىز ئەجەل
ئايزىمخاننى ئېلىپ كەتتى، غۇنچەم چىن
كۆڭلىدىن قارىلىق تۇتتى، نەزىر-چىراغلى-
رىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈپ بەردى.

بىر كۈنى غۇنچەمنىڭ كونا قوشنىسى
زورىخان هال-ئەھۋال سوراپ كىرىپ
كەلدى، بۇ چاغدا غۇنچەم ئەرۋاھلارغا
ياغ پۇرۇتۇش ئۈچۈن پوشكال سېلىۋاتات-
تى، ئۇ خىيال بىلەن بىرەرسىنىڭ كىرگىنى-
نىمۇ تۇيماي قالدى.

— ئېزىپ تارتىپ بولسىمۇ بىرەر
پەيشەنبە يادىڭلاردىن چىقىپ قالمايدۇ
سىڭلىمنىڭ غۇنچەم، مەنمۇ بىلگەندەك
پوشكاللىنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالىمەن، —
دېدى زورىخان چاقچاق ئارىلاش.

— ۋاي زورىخاچا، ئوبدان كىرىپسىلا،
ياخشى ئادەم تاماق ئۈستىگە دېگەن گەپ
بار. پوشكالغا ئېغىز تېگىپ دۇئاغا قول كۆ-
تۈرۈپ بېرەلا، — دېدى غۇنچەم خۇش
خۇي قىياپەتتە ياش يۇقى كۆزلىرىنى ئەپ-
قېچىشقا تىرىشىپ.

— ماڭا قارىسىلا ئۇكام، كۆزلىرى
ياش تۇرۇدىيا، نېمىشقا يىغلايلا، — دېدى
زورىخان سىنچى كۆزلىرىنى غۇنچەمگە
تىكىپ، — ياش ئادەم تولا يىغلىسا يامان
بولىدۇ، نەچچە ۋاقتىن بىرى قېيىن ئانىلىرىنى
ئوبدان بېقىپ، دۇئاسىنى يەتكۈدەك ئېلى-
ۋاللا، ئەمدى سىلىگە نېمە ئارمان،
تازىمۇ قىزىقكەنلا ئۇكام، ئايزىمخان سى-
لىنى ياخشى كۆرگەن بولسا قانچىلىك قى-
لاتتىلىكىن، ئۇ خۇتۇنىڭ ھە دېگەندە
سىلىنى ئوغلۇمغا قىز چۈشمىگەن دەپ يا-
مان ئېلىپ، چاۋىلىرىنى چىتقا يايغانلى-
قىنى ئۇنتۇپ قالىلىمۇ، خۇدايىمغۇ بەكمۇ
ئۇلۇغكەن، ئۇ رەھمەتلىك ئاخىرقى ھې-
ساپتا يەنە سىلىنىڭ قوللىرىغا قالدى، — دې-
دى زورىخان ئىچىشقان يارىغا تۇز سەپ-
كەندەك گەپ تاتلاپ.

«قىز چۈشمىگەن» دېگەن گەپ غۇن-
چەمنىڭ بېشىغا توك كالتىكى تەگكەندەك
بىلىنىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى،
ئۇنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ، ئاستا-
ئاستا ئۆز ئەكسىگە كەلدى.

— زورىخاچا! ئەللەر ھەر نېمە دەيدۇ،
مېنىڭ ھالىمنى بىلمەيدۇ، دېگەندەك مەن
توغرۇلۇق نەچچە يىلدىن بېرى بولۇنغان
گەپ-سۆزلەردىن مېنىڭ خەۋرىم يوق ئە-
مەس، بىراق قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى بولمى-
غاچقا بۇنداق پىتنە-ئىغۋا، تۆھمەتلەرگە
پىسەنت قىلمىدىم، چۈنكى مېنىڭ ئەھۋا-
لىم ياراتقان ئاللا بىلەن مېنى ھەقلەپ
نىكاھلاپ ئالغان ئېرىم غاپپارغا ئايان.
مەن بۇ ئىشنى قېيىن ئانامدىنمۇ كۆرمەي-
مەن، ئۇنى باز-بازغا سېلىپ كۈشكۈرتكەن
ئادەم بار، — دېدى غۇنچەم نېپىزغىنا لەۋ-
لىرىنى يالاپ قويۇپ.

— نېمە دەيدىغانلا جېنىم ئۇكام،
بۇ زادى قانداق گەپتى، — دېدى زورىخان
بۇ سىرنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ، غۇنچەم داس-
تىخان راسلىدى-دە ئىككىيلەن چاي ئوت-
لىغاچ پاراڭغا چۈشتى.

— مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغان
يىللار، مېنىڭ ئون تۆتتىن ئونبەشكە ھال-
قىغان چاغلىرىم ئىدى، بىزنىڭ ئائىلە تەر-
كىبىمىز يۇقىرى بولغىنى ئۈچۈن دېكىتا-
تورا نىشانىسى ئىدۇق، يەنە كېلىپ ئائىلە

تەركىبى يۇقىرىلارنىڭ بويىغا يەتكەن قىز-
لىرىنى سوراشقا باشقىلار پېتىنالمايتتى،
قىزلارنى كىچىكلا تۇرغۇزۇپ ياتلىق قىلىش
بىزنىڭ يېزىمىزنىڭ ئادىتى بولۇپ، توي قى-
لىشتا قىز - يىگىت بىر - بىرىنى ياخشى كۆ-
رۈشۈپ پۈتۈشكەندىن كېيىن خەت ئالدى-
غان ئىشلار ئومۇملاشمىغانىدى، بۇنىڭدا
ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى بىرلىككە
كەلسىلا كۇپايە بولاتتى، دادام بىلەن ئاپام
مەندىن خۇپيانە هالدا يېزىمىزدىكى نۇجۇپ
-تازغا مېنى بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ، نۇجۇپ
كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان هەقىقىي
پرولېتار بولغىنى ئۈچۈن، ئىنقىلابنىڭ ئەڭ
ئىشەنچلىك تايانچى هېسابلىناتتى. ئۇ مەك-
تەپتە تۆزۈكرەك ئوقۇمىغان بولۇشىغا قارىماي،
باغدىن گەپ سورىسىڭىز تاغدىن جاۋاب بېرى-
دىغان، كاللىسىنىڭ سۈيى بار نەرسە بولۇپ،
كىشىنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك بەتبەشىرە
سەت تاز ئىدى، شۇڭلاشقا ئوتتۇزدىن ئاش-
قان بولسىمۇ تېخىچە ئۆيلەنمىگەنىدى. ئۇ-
نىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى دادۈيجاڭ بولغىنى ئۈ-
چۈن، نۇجۇپنى يېزىدىكى پومېشچىك، باي
دېھقان، بەش خىل ئۇنسۇر دېگەنلەرنى ئىشقا
سېلىشقا مەسئۇل قىلىپ قويغانىتى، ئۇ قارام
هەم تەلۋە بولغىنى ئۈچۈن، قول ئاستى-
دىكىلەرنى خالىغانچە ئۇرۇپ سوقاتتى، ئۇ
بېلىكىگە يوغان خەتلىك يەڭ بەلگىسىنى
تاقىۋېلىپ، جاهاندا سەن ئەمەس مەن دەپ
كۆرەڭلەيتتى، ئۇ، ئۆزىنىڭ سەتلىكىگە باق-
ماي يېزىدىكى چىرايلىق قىزلارغا كۆز
قىسىپ، قاش ئېتىپ، پوخورلۇق قىلاتتى.

بىچارە دادام بىلەن ئانام مېنىڭ
چوڭ بولۇپ كېتىپ ياتلىق بولالماي قېلى-
شىمدىن ئەنسىرىگەنمۇ ياكى قىزىمىزنى
نۇجۇپ تازغا بەرسەك تىل - هاقارەت،
دۇمبادىن جېنىمىز ئارام تاپارمىكىن دېگەن-
مۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلار مېنىڭ نالە - پەريات،
يىغا - زارىمغا قارىماي تويۇمنى قىلىشقا
ئالدىراشتى.

ئاخىر توي كۈنى بېكىتىلىپ، قازان
ئېسىلدى، نىكاهمۇ ئوقۇلدى. كەچ كىرىپ
قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەنلەر يېتىپ كېلىشى
بىلەن پاتپاراق باشلىنىپ كەتتى، مېھ-
مانلارغا ئاش تارتىلىشقا باشلاندى، ماڭا
يەڭگە بولغۇچى ئىككى ئايال تويلۇق كى-
يىملەرنى كەيگۈزۈشكە كىرىشتى، مەن قىلچە
قارشىلىقمۇ كۆرسەتمەي كىيىملەرنى ئۆزۈم
كىيدىم. ئۇلار مەندىن رازى بولۇشۇپ چى-
قىپ كېتىشتى، مەن قىز قولداشنى ئەرزى-
مەيدىغان بىر ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئەتراپ-
نى كۆزەتتىم. هويلىنىڭ ئىچىدە هېچكىم
كۆرۈنمىدى، مەن ئاستاغىنا ئارقا باغ تەرەپكە
ئۆتتۈپلا، باغنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ سىرت-
قا چىقتىم، باغنىڭ كەينى قوناقلىق ئىدى،
كەينىمدىن بىرەرسىنىڭ قوغلاپ كېلىپ تۇ-
تۇۋالماسلىقى ئۈچۈن، كۆز يەتمەس قو-
ناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېلان باغرى ئې-
رىقنى بويلاپ ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي
يۈگۈردۈم. جىددىيلەشكىنىمدىن قارا تەرگە
چۆمۈلدۈم، مەن قانچىلىك يول يۈرگىنىمنى
بىلمىدىم. ئاقىۋىتىمنىڭ قانداق بولۇشىنىمۇ
بىلمەيتتىم، جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قو-
يۇپ يۈگۈردۈم، بىر چاغدا هاۋا بۇزۇ-
لۇپ، بوراندىن شەپە كېلىشكە باشلىدى،
مەن نىشانسىزلا ئالدىغا قاراپ ماڭىۋەردىم.
هايال ئۆتمەي بوران ئەدەپ، مېنى شىد-
دەت بىلەن كەينىمدىن سۈرۈپ كەلدى،
هەيۋەت بىلەن هۇقۇيتۇپ كېلىۋاتقان دەه-
شەتلىك بوران، چاقماق تېزلىكىدە پۈت -
قولۇمنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كەتتى،



بوراننىڭ ئۇچۇرۇپ قەيەرلەرگە تاشلىشى ماڭا نامەلۇم بولغاچ ھايات قىلىشىمىمۇ كۆزۈم يەتمەيتتى، مەن ئىچىمدە: ئۇچۇپ تازغا خوتۇن بولغۇچە، بوراننىڭ زەربىسىدە تاشلارغا سوقۇلۇپ، قۇملارغا كۆمۈلۈپ ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى، دەيتتىم. شۇنداق قىلىپ، ھارغىنلىق ۋە بوراننىڭ زەربىسىدە ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپتىمەن.

سەھەر ۋاقتى، ئەتراپ تىمتاس، سەل تونۇلغان چېغىم. كۆزۈمنى ئاچتىم، ئۆزۈمنىڭ قەيەردە ياتقانلىقىمنى ئاڭقىرالمىدىم. ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن بوران مېنى يۇمشاق تېرىق مايسىلىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ، شۇڭا ئانا قارنىدا ياتقاندەك بەھۇزۇر يېتىپتىمەن. پەقەت پۇت - قوللىرىم جىرالغان، چاچلىرىم چۇۋۇلغاندىن باشقا ھېچ يېرىم زەخمىلەنمەپتۇ. ھەيران بولدۇم، ئۈستۈمدە بىر چاپان يېپىقلىق تۇرىدۇ، مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇيان - بۇيانغا كۆز يۈگۈرتتۈم. ئانچە يىراق بولمىغان ئېتىز قىرىدا ياشقىنە بىر يىگىت ماڭا چۈشىنىكسىز قاراپ تۇرىدۇ. يۈرىكىم قارت قىلىپ، ئىزىدىن قوزغىلىپ كەتكەنىدەك دۈپۈلدەشكە باشلىدى، ئىم، ئەمدى قولغا چۈشكەن ئوخشايمەن، دېدىم-دە، ئۈستۈمدىكى چاپاننى يەرگە تاشلىۋېتىپ، دەرھال قېچىشقا تەمشەلدىم، بىراق ھودۇقۇشىمدىن پۇت - قولۇم كالىۋالىشىپ، بىر قەدەممۇ ماڭالمىدىم، بايىقى ناتونۇش يىگىت ئاستا قەدەم تاشلاپ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى.

— سىز نەدىن كەلدىڭىز، قانداق بولۇپ بۇ يەردە يېتىپ قالدىڭىز؟ — دېدى ئۇ مېنىڭ ئۈستىبېشىمغا ئەجەبلەنگەن ھالدا قاراپ.

مەن زۇۋان سۈرمەي بىر دەم جىم تۇرغاندىن كېيىن:

— بۇ قەيەر؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، ئۇ ماڭا مۇلايىمغىنا جاۋاب بەردى.

خۇداغا شۈكرى، دېدىم مەن ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ، مەن ئۆز كۆڭلۈمنىڭ

تەۋەيىدىن ئاللىبۇرۇن چىقىپ كەتكەنىكەنمەن، ئۇ مېنىڭ كەيپىياتىمغا قاراپ بېقىپ قايتا گەپ سورىمىدى. پەقەت ئۇنىڭ ئۇقۇتقۇچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، كېچە مەكتەپتە دىجورنى بولۇپ، سەھەردە بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا سوغۇقتا توڭلۇپ ياتقانلىقىمنى كۆرۈپ چاپىنىنى سېلىپ يېپىپ قويغانلىقىنى، كىملىكىمنى پەرق ئېتەلمەي ئويغىنىشىمنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدىم ۋە ئۇنىڭ چاپىنىنى ئىككى قوللاپ سۇندۇم. ئۇ، مېنى چۈشەنگىسى كەلگەندەك كۆزلىرىمگە سوراق نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى، مەن ئۇنىڭغا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردىم، ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇندىدى. ئۇ مېنى، يۈرۈڭ، بىرئاز ئارام ئېلىڭ، دەپ ئېتىزلىقنىڭ چېتىدىكى كىچىككىنە كەپىگە باشلىدى. يىگىت مېنى كەپىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ھايال ئۆتمەي قىزىق بىر چەينەك چاي بىلەن ئىسسىق نان ئەكەلدى، ئىككىمىز بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتۇق، خۇدايىم قارىغۇنىڭ كۆزىدىن ئايرىسىمۇ ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ، دېگەندەك، مۇشۇنداق چاغدا بىر ئاقكۆڭۈل ئىنسانغا ئۇچراشتۇرغىنىغا مىڭ قەتلە شۈكرى قىلدىم. چايىنى ئىچىپ بولۇپ:

— رەھمەت سىزگە، ئەمدى كېتەي، — دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— قەيەرگە كەتمەكچىسىز، يىراقلاردا بىرەر ئۇرۇق تۇغقىنىڭىز بارمىدى؟ — سورىدى ئۇ.

— ئۈرۈمچىدە كىچىك ئاپامنىڭ قىزى بار، شۇ يەرگە بارايمىكىن دەيمەن.

— سىز بۇرۇن ئۈرۈمچىگە چىقىپ باققانمۇ؟

— ياق، — مەن بېشىمنى يېنىككىنە چايقىدىم.

ئۇ بىرئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن،

— ئەمىسە مەن سىزنى كەچنىڭ پويىزىغا سېلىپ قوياي. سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى-دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

مېنىڭ ئۇچامدىكى بىر قۇر تويكىيىمدىن باشقا يېنىمدا بىر تىيىنمۇ پۇل يوق ئىدى، كۆڭلۈمگە يەنە ئەندىشە چۈشتى، يىگىت چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ، مۇشۇ جايدىن قوزغالماي تۇرۇڭ جۇمۇ، دەپ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قارىسى يۈتكۈچە قاراپ قالدىم، يېزا يىگىتلىرىگە خاس ئاق كۆڭۈل، خۇش پېئىل بۇ يىگىت، نېمە ئۈچۈندۇر، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى، ئۇنىڭ بوي تۇرقى خېلى قامىلاشقان بولۇپ، گەپ-سۆزلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق ھەم سالماق ئىدى. قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن مەردانىلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

قاش قارايغان چاغدا بىز پويىز بېكىتىگە يېتىپ كەلدۇق، مەن بىرەرسىنىڭ تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، يۈزۈمنى ياغلىق بىلەن چۈمكىۋالدىم، ئۇ مېنى پويىزغا چىقىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، مەيدە يانچۇقىدىن بىر نەرسىنى ئالغاندەك قىلدى-دە، ئاز بولسىمۇ ماۋۇ يىگىرمە سوم پۇلنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، دەپ ماڭا پۇل تەڭلىدى، مەن ئىزا تارتىپ پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىدىم، خىجىللىقتا يۈزلىرىم ئوت بولۇپ ياندى.

— بولۇڭ چاپسان، پۇلنى ئېلىڭ،
باشقىلار بىزدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ، — دېدى
يىگىت قەتئىي ئەمما بوش ئاۋازدا.

مەن پۇلنى ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئال-
دىم، ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى ئوبدانلا تۇتۇ-
ۋاپتۇ، بىراق مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ سو-
رىۋالالمىغانىدىم. ئۇرۇمچىگە سالامەت يېتىپ
بارغانلىقىم ھەققىدە خەت يېزىشىمنى تا-
پىلاپ، قولۇمغا ئادرېس يېزىلغان بىر باغاق-
چىنى تۇتقۇزۇپ قويدى، ھايال ئۆتمەي
پويىزنىڭ مېڭىش سىگنالى بېرىلدى، يى-
گىت پويىزدىن چۈشۈپ دېرىزە يېنىغا كې-
لىشىگە پويىز ئاستا قوزغالدى.

— غۇنچەم، ماڭا ئۇنتۇپ قالماي خەت
يېزىڭ جۇمۇ، — دېدى ئۇ ئاستا كېتىۋات-
قان پويىزغا ئەگىشىپ ماڭغاچ. شۇ تاپتا
ئۇ گويا سۆيۈملۈك يارىنى ئۇزاق سەپەرگە
ئۇزىتىۋاتقان يىگىتتەك ماڭا ئاق يول تى-
لەپ قالدى، مەن پويىز دېرىزىسىدىن بې-
شىمنى چىقىرىپ، كۆزۈمدىن يىراقلاپ كېتى-
ۋاتقان يىگىتكە قاراپ، ئۇنىڭ قارىسى
يۈتكۈچە قول ئىشارىتى قىلدىم. ئاندىن كې-
يىن ئادرېس يېزىلغان خەتكە كۆز يۈگۈرت-
تۈم، ××× ناھىيە قىزىل يۇلتۇز
گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى
غاپپار، دەپ يېزىلغانىدى، ئۇنىڭ ئىسمى-
نى نېمە ئۈچۈندۇر سۆيۈنۈش بىلەن قايتا-
قايتا تەكرارلىدىم.

ئەتىسى چۈش بىلەن ئۇرۇمچىگە يې-
تىپ كېلىپ، بىر نەۋرە ئاچامنىڭ ئۆيىنى
تەستە تاپتىم، ئۇ مېنىڭ تويۇقسىزلا
كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، مەن
ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بېشىمغا كەلگەن
كۈنلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم، ئۇ
ماڭا ئىچ ئاغرىتتى، ئىككىمىز بىر ھازا كۆز
يېشى قىلىشتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن مەن
نەۋرە ئاچامنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ،
ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدىم.

مەن ئۇرۇمچىگە چىققاندىن كېيىن
ئۆزۈمنىڭ نەدىلىكىنى بىلىندۇرۇپ قوي-
ماسلىق ئۈچۈن ئۆيگە خەتمۇ يازالمىدىم.
بىراق تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىمدىن، ئە-
زىز ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىش ئازابى مېنى
ھامان قىيناۋاتتى، بىچارە دادام بىلەن
ئانام كېچىسى چۈشۈمدىن، كۈندۈزى خى-
يالىمدىن كەتمەيتتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ
تارتىۋاتقان جاپا - مۇشەققەت، خورلۇقلىرىنى
ئويلىسام ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغى-
نىپ، ئازابلىناتتىم. كېيىن ئۇقۇپ تازنىڭ
ھىمايىچىلىرى دادام بىلەن ئاپامنى قىزىنى
مەقسەتلىك قاچۇرۇۋەتتى، دېگەن بوھتان
بىلەن قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، ئېغىر تەن
جازاسى بەرگەنلىكىنى، دادام بىلەن ئاپام-
نىڭ خۇددى مەسلىھەتلىشىپ قويغاندەك
بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ۋاپات بولغانلىقىنى
ئاڭلىدىم. ئاھ! دۇنيانىڭ مېھنەت - مۇشەق-
قىتىنىلا كۆرۈپ، راھىتىنى كۆرمىگەن قەدىر-
دان دادام، ئاھ! بەختسىز قىزىڭنىڭ ئوتى-
دا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققان مېھرىبان ئا-
نام... مېنىڭ شۇ كۈنلەردە يىغلاپ - قاخ-
شاشتىن بۆلەك نېمە ئامالىم بار؟... غۇنچەم
كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ سۆزىنى داۋام
قىلدى، — تەقدىر دېگەن ئاجايىپ قىزىق
بولىدىكەن، بىر يىلدىن كېيىن نەۋرە ئا-
چامنىڭ ياردىمىدە ئىككى يىللىق كۇرسقا
ئوقۇشقا كىردىم. غاپپار بىلەن بىرگە ئو-
قۇپ قېلىشىمنى كىممۇ ئويلىغان.

بىز ئىككى يىل بىللە ئوقۇدۇق، بۇ
جەرياندا بىر - بىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر
چۈشىنىشتۇق، چىن دىلدىن ياخشى كۆرۈ-

شۇپ قالدۇق. توۋا دېگۇم كېلىدۇ، مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، بۇ سېھرىي كۈچىنىڭ قۇدرىتىگە ھېچنەرسە تەڭ كەلمەيدىكەن. ۋىجدانىمغا ئىقرار قىلسام، ھاياتىمدا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئۆزۈم خالاپ ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادىمىم غاپپار بولدى، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى. بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن توي قىلىشقا ۋەدىلەشتۇق.

غاپپار بىرلا ئوغۇل بولغىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ يۇرتۇمدا ئاتا-ئاناممۇ بولمىغىنى ئۈچۈن، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەر ئىككىلىمىز ئۇنىڭ يۇرتىغا بۆلۈندۇق، تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان شېرىن مىنۇتلار يېقىنلاپ، توي تەييارلىقى جىددىي كېتىپ باراتتى.

مېنى قارا باسقاندەك بىر ئىش بولدى، بىر كۈنى مەن بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرۈيدىغان قەمەر ئاتلىق بىر قىزغا بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى دەپ بېرىپتىمەن. كىم بىلسۇن، ئۇ بۇ گەپلەرنى ئېقىتماي-تېمىتماي غاپپارنىڭ ئاپىسىغا يەتكۈزۈپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان قېيىن ئانامنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، نىكاھلانغان نەرسىنى ئەپ بەرمەيمەن دەپ غاپپارغا بېسىم ئىشلەتتى. غاپپار ئەينەن ئەھۋالنى ھەرقانچە چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ ئاپىسى زادى ئىشەنمىدى.

ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھەممىدىن غالىب ئىكەن، غاپپار ماڭا ئىشەنگەنلىكى، مېنى چىن دىلىدىن سۆيگەنلىكى ئۈچۈن بىز بارلىق قارشىلىقلارنى يېڭىپ ئاخىرى توينى قىلدۇق.

زورىخان خۇددى مىڭ بىر كېچىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندەك، پۈتۈن دىققىتى بىلەن غۇنچەمنىڭ تەسىرلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان شەپىدىن ھەر ئىككىسىلا چۆچۈپ ئىشىككە قارىدى، بۇ چاغدا غاپپار ئىشىك تۈۋىدە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا غۇنچەمگە قاراپ تۇراتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



ئۆركەش ئىبراھىم

# خىيال ۋە تەبەسسۇم

(ھېكايە)

كونىلار «خۇدا ئادەملەرنى ئوخشاش ياراتقان» دېيىشىدۇ. بىراق، ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىلەرنى خەقتىن ئېلىپ ياشايدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى خەققە بېرىپ ياشايدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

مۆمىن نۇر بۇرۇن بۇ ھەقتە كۆپ ئويلانغان، ئەمما تېگىگە يېتەلمىگەنىدى. بۈگۈن يەنە يولدا كېلىۋېتىپ مۇشۇ سوئالغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر ئىش توغرىلىق ئويلىنىپ قالدى.

بىر يىلدىن بېرى مۆمىن نۇر خىزمەت قىلىۋاتقان ئىدارىدە ئائىلىلىكلەر بىناسى سېلىنىۋاتاتتى. بىنا ئاساسەن پۈتۈپ قالغان، يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئۆيلەر ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تەقسىم قىلىناتتى. شۇ ۋەجىدىن ئىدارىدە ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. يېڭى بىنادىن ئۆي ئېلىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ئىدارە باشلىقىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلسا، يەنە بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى باشلىققا يوشۇرۇنچە سوۋغا قىلىۋاتاتتى. مۆمىن نۇر بۇلارنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۆزى بولسا، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ سەممىي ئادەم ئىدى، باشقىلارغا خۇشامەت قىلىشنى بىلمەيتتى، خۇشامەت قىلاي دېسە ئۆمرىدە بىرەر كىشىگە خۇشامەت قىلىپ باقمىغاچقا، ئەپلەشتۈرۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەيتتى. ئەمما ئۇ بۇ قېتىم بەزى خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

— مۆمىن نۇر، دىتلىقراق بولۇڭ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماڭ، باشلىقنى رازى قىلمىسىڭىز ئۆي ئالىمەن دەپ خىيال قىلمىسىڭىز بولىدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلىشتى ئۇلار.

مۆمىن نۇرنىڭ چوڭ قىزى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى. ئوتتۇرانچى ئوغلى ئېزىزنى تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدا باشلانغۇچ مەكتەپكە بەرگەن، كەنجى ئوغلى ئاران ئۈچ ياشتا ئىدى. ئايالى مەريەم ئائىلە ئايالى بولۇپ، ئۈچ بالىنى قاتارغا قوشۇش ۋە ئۆي ئىشلىرى بىلەن 13 يىلنى ئۆيدە ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدى. بۇ جەرياندا ئۇۋاقىتلىق بولسىمۇ بىرەر ئورۇندا

خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. بۇ ئائىلىدە مۆمىن نۇر ئۆزى يالغۇزلا خىزمەت قىلاتتى. ئۇلار كۋادرات شەكلىدە سېلىنغان ئاددىيغىنە ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئولتۇراتتى، بالىلىرى چوڭ بولۇپ قالغاچقا، ئەر - خوتۇن ئىككىسى ھەممىشە مېھمانخانىغا يەرگە ئورۇن سېلىپ ياتاتتى. شۇڭا ئۇلار 3 ئېغىزلىق ئۆيگە تولىمۇ موھتاج ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش كۈنلىرى ئۆيىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن بىرمۇنچە كۆمۈر كېتەتتى، مۆمىن نۇرغا بولسا ئىدارىدىن ئاران 30 يۈەنلا ئىسسىنىش پۇلى بېرەتتى. شۇڭا ئۇ پارۋايلىق ئۆيىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. نېمە ئىلاج، ئۇنىڭغا مۇنداق ئامەت نېسىپ بولماي كەلدى. ئىدارە باشلىقى ئۇلارغا نەزەر سېلىپ قويمىدى. چۈنكى مۆمىن نۇرنىڭ پۇلى يوق ئىدى، باشلىقنى مېھمان قىلىشقا، ئۇنىڭغا سوۋغات بېرىشكە قۇدرىتى يەتمەيتتى.

خىزمەتداشلىرىم توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ھازىرقى ۋاقىتتا ھەممە ئىش ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە تاقىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئېھتىياجىمىز چۈشىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىراق، مۇناسىۋەتنى قۇرۇق گەپ بىلەن ياخشىلىغىلى بولمايدۇ - دە، ئۇنىڭغا پۇل كېرەك، يېتەرلىك پۇل بولمىسا، قايسىبىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ بولغىلى بولسۇن؟ مانا مەندەك پۇلى يوقلار ھەممە ئىشتا دائىم زىيان تارتىۋېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ.

مۆمىن نۇر مۇشۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن، ئۆمرىدە قىلىپ باقمىغان بىر ئىشقا تەۋەككۈل قىلماقچى، باشقىلارغا ئوخشاش ئىدارە باشلىقىغا خۇشامەت قىلىپ باقماقچى بولدى. قانداق خۇشامەت قىلىدۇ؟ باشلىقنىڭ قۇرۇق خۇشامەت بىلەن خۇشى يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باشلىقنى كەڭتاشا مېھمان قىلىشى، ئۇنىڭغا چوڭراق بىر نەرسە سوۋغا قىلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنىڭ يېڭى ئۆيگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۆمىن نۇرغۇ ئۇنچىۋالا پىخسىق ئەمەس. يېنىدا پۇل بولسا ھېچقاچان ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. بىراق، ھازىر ئۇنىڭدا پۇل يوق، باشلىقنى مېھمان قىلىش ئۇنىڭغا تەسكە چۈشىدۇ. بالىلىرى قۇرۇق نان غاجىلاپ ئولتۇرسا، باشلىقنى ئۇ نېمە بىلەن مېھمان قىلىدۇ؟ سوۋغا قىلاي دېسە ئۇنىڭدا ئارتۇق بىرەر نەرسە يوق. توغرا، ئۇنىڭ بىر پارچە گىلىمى بار، مېھمانخانا ئۆيىنى مېھمانخانىدەك قىلىپ تۇرغانمۇ شۇ گىلەم. بىراق، ئۇ گىلەم ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان، مۆمىن نۇر ئۇنى ئاتا - ئانىسىنى كۆرگەن كۆزىدە كۆرۈپ ئەتىۋارلايدۇ، ئۇنى قولدىن چىقىرىش تەس، بىر ۋاقىتلاردا ئۇ بالىلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچەكلىرى ئۈچۈن كۆپ تەڭلىك تارتقان، شۇ كۈنلەردە ئۇ ئاشۇ گىلەمنى سېتىۋېتىشنىمۇ ئويلىغان، بىراق خايال ئۆتمەي بۇ نىيىتىدىن يانغان. ئايالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈمىدىدە بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردىمۇ ئاشۇ گىلەمنى باشلىققا سوۋغا قىلىشنى ئويلىغان، بىراق ئايالى ئۇنىمىغان، ئاتا - ئانىدىن يادىكار قالغان نەرسىنى ھەتتا ئەۋلىياغىمۇ بېرىشكە بولمايدۇ، مۇشۇ ئارقىلىق ئاتا - ئانىنى ياد ئېتىپ تۇرغىلى بولىدۇ، دەپ تۇرۇۋالغان. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ شۇ بىر گىلەم بىلەن ئايالىنى ھۆكۈمەت دەپتىرىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن. مانا ئەمدى

يەنە شۇ گىلەمنى باشلىققا سوۋغا قىلىپ، ئۈچ ئېغىز ئۆيگە ئىگە بولۇشنى خىيال قىلىپ قالغانىدى، بىراق بىر قارارغا كېلەلمەيتتى، ئايالىمۇ ئۇنۇماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئۇ بىر تۇرۇپ بىر قارارغا كېلەتتى، بىر تۇرۇپ بۇ نىيىتىدىن ياناتتى...

مۆمىن نۇر بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندى، ئويلىنىۋېرىپ، نېرۋىسى كېرەكتىن چىقاي دېدى. ئۇ يۇقىرىقىدەك خىياللار بىلەن گويا نېرۋىسىنىڭ تورمۇزى تۇتمىغاندەك ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. مۇلايىم كۆزلىرىدىن بىر خىل غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئەسلىدە ئاپتوبۇسقا چۈشمەكچىدى، لېكىن بېكەتكە كەلگەندە سەزمەي ئۆتۈپ كەتتى-دە، كەينىگە يېنىشنى راۋا كۆرمىدى. ئالدىدىكى بېكەتتە چۈشەرمەن دەپ مېڭىۋەردى، بىراق ئالدىدىكى بېكەتتىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ھەر خىل باش-ئاخىرى يوق خىياللار كىرىۋالغاچقا، ئۆز ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا بەش بېكەت يولنى پىيادە بېسىپ، ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ھويلىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇشىغىلا، ھويلىدا داسقا كۆمۈر ئۇسۇۋاتقان 7 ياشلىق ئوغلى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، مۆمىن نۇر شۇچاغدىلا ئېسىگە كەلدى، بالا دادىسىنىڭ قوللىرىغا ئەركىلەپ ئېسىلدى. بالىنىڭ كۆزلىرى دادام بىر نەرسە ئەكەلدىمىكىن دېگەندەك ھېسسىيات بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. مۆمىن نۇر ئۆيىنىڭ قارىداپ كەتكەن تاملىرىغا بىر پەس تىكىلىپ تۇردى-دە، ئوغلىنى سۆيۈپ قويۇپ، داستىكى كۆمۈرنى ئېلىپ ئۆيگە كىردى. ئايالى ئۆيدە خەت كۆچۈرۈۋاتاتتى. مۆمىن نۇر ئايالىغا نەشرىياتمۇ-نەشرىيات چېپىپ يۈرۈپ ئازراق ئىش تېپىپ بەرگەنىدى. شۇتاپتا ئۇ مەلۇم بىر نەشرىياتنىڭ تەرجىمىلىنىپ بولغان بىر كىتابىنىڭ ئورگىنالىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاققا كۆچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ يول بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ يۈكىنى بىر ئاز بولسىمۇ يېنىكلەتمەكچى ئىدى.

مۆمىن نۇرنىڭ ئايالى مەريەم چىرايلىق، بوي-تۇرقى زىلۋا، ئىشچان، قىزغىن مۇئامىلىلىك ئايال ئىدى. ئۇ ھەر دائىم ئېرى ئىشتىن كېلىشتىن بۇرۇنلا تاماقنى تەق قىلىپ تۇراتتى. ئېرى ئالدىدا ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈشنىمۇ بىلەتتى، شۇڭا مۆمىن نۇر ھەتتا خىزمەت جەريانىدا بىرەر ئىشتىن خاپا بولۇپ قالغان كۈنلىرىدىمۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ خوتۇن-بالىلىرىنى كۆرسىلا، كۆڭلى ۋاللىدە ئېچىلىپ قالاتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى بىردىنبىر خۇشاللىقى ئايالى بىلەن بالىلىرى ئىدى. ئەمما بۈگۈن ئايالى مەريەم ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن ئېرىنىڭ قولىغا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى-دە، زۇۋان سۈرمەي، خەت كۆچۈرۈشنى داۋام قىلىۋەردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل خاپىلىق، نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى. مۆمىن نۇر نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئاستا كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۆينى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. ئاخىرى يەنىلا بۇنداق جىمجىتلىققا چىدىمىغان مەريەم ئېغىز ئاچتى:

— يەنە گۆش ياكى كۆكتات ئالماي كېلىۋېرىسىزغۇ؟ قۇرۇق نان بىلەن چاي ئىچىۋاتقىنىمىزغا بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالدى. بىزغۇ چىدىدۇق، بالىلارغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، قاراڭ، بالىلارنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ، كۆز چاناقلىرى كۆكىرىپ كېتىپتۇ.

مۆمىن نۇر شۇ گەپتىن كېيىنلا بايىقى ئىشنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ خىزمەتكە بېرىپلا بىر خىزمەتدىشىدىن پۇل سورىۋىدى، خىزمەتدىشى ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ پۇل بەرمىدى، مۆمىن نۇر خەقىنىڭ ئالدىدا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. يەنە باشقىلاردىن پۇل سوراشقا تىلى بارمىدى، ئىشتىن چۈشكەندە يول بويى يۇقىرىقىدەك باش-ئاخىرى يوق تەگسىز، چېگىش خىياللارغا بېرىلىپ كەتكەچكە، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپلا كەتكەندى. ئۇ بۇلارنى خوتۇنىغا چۈشەندۈرمەكچى بولدى-يۇ، گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، ئېغىزى گەپكە كەلمىدى، كۆڭلىنى بىر خىل پەرىشانلىق چۇلغىۋالدى.

مەريەم ئېرىنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ قويدى-دە، ئۇنى تەڭلىككە سېلىشنى خالىمىدى، ئۈن-تىنسىز ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىرلىگەن نان، بىر چەينەك چاي كۆتۈرۈپ چىقىپ شىرەگە قويدى. باللار داستىخان ئالدىغا يىغىلىپ، ئۈن-تىنسىز چاي ئىچىشكە باشلىدى. بىراق مۆمىن نۇرنىڭ تاماق يېگۈسى كەلمىدى. ئىشتىن چۈشۈشنىڭ ئالدىدا ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلغان، ئەمما يول بويى سۈرگەن خىياللار بىلەن ئۆيدىكى بۇ كۆڭۈلسىز ھالەتتىن پەيدا بولغان جىددىيلىك، غەزەپ، ئەلەم، ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى بوغۇپ قويغانىدى. ئۇ كۆڭلىدىكى بۇ ئاچچىق خىياللارنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، چايدىن بىر-ئىككى ئوتلاپ تويۇپلا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئۇ يالغۇزلۇقنى خالاپ قالغانىدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۇخلىماقچى بولدى، لېكىن ئۇخلىيالمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ-ئۇ باقتى، بىراق يەنىلا خىيالدىن قۇتۇلالمىدى. ياستۇققا جەينەكلەپ يېتىپ، بىر قانچە قېتىم تاماكا چەكتى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ تاڭ ئاتقۇزدى.

مۆمىن نۇر ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتمايلا ئۈن-تىنسىز ئىشقا ماڭدى. چۈنكى ئۇ يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمىگەنىدى.

ئىشخانىغا بارغاندىن كېيىن مۆمىن نۇرنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. خىزمەتداشلىرىنىڭ گەپلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى، نېمە قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا يەنە ئويلاندى، كاللىسىدا ئۆتكۈر زىددىيەت، كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتتى، زادى نېمە قىلىش كېرەك، دېگەن سوئال ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. ئۇ بىر كۈن دېگۈدەك ئەنە شۇنداق ئازابلىق خىياللارنى سۈرگەندىن كېيىن، كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا قەتئىي بىر قارارغا كەلدى: گىلەمنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا باشلىقنى مېھمان قىلماقچى بولدى. مۆمىن نۇر ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز قارارىنى ئايالىغا ئوچۇق ئېيتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرى كەسكىن ئىدى، كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ تۇراتتى.

مەريەم ئېرىدىكى بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئۇ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئويلاندى، ئاخىر ئېرىنىڭ قەلبىنى — نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى. شۇ تاپتا ئېرى ئۇنىڭغا: مەن نېمە ئۈچۈن باللىرىمنى باشقىلارغا ئوخشاش ئازادە، پاكىزە ئۆيگە ئىگە قىلالمىدىم، دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— سىز دېگەن ئەر كىشى، ئۆزىڭىز

ھېلىپ بىر ئىش قىلارسىز، — دېدى مەريەم لەۋلىرى تىترەپ ئاران تەسلىكتە، ئۇنىڭمۇ ئىچى سىرىلىپ كېتىۋاتاتتى.

مۆمىن نۇر بۇ كېچە يەنە ئۇخلىيالمىدى. تامدىكى گىلەمگە قارىسىلا ئاتا-ئانىسى كۆز ئالدىغا كېلەتتى. ئۇلار مۆمىن نۇرنى مىڭبىر جاپادا قاتارغا قوشۇپ قويۇپلا ئۇدۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇ ئاتا-ئانىسى ھايات چېغىدا ئۇلارغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىگەن، مانا ئەمدى ئاتا-ئانىسىدىن خاتىرە سۈپىتىدە قېپقالغان، ئۇلارنى ھەر دائىم يادىغا سېلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ بىردىنبىر گىلەممۇ بۇ ئۆيدىن ئۇچۇپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى-دە، بىر خىل ئاچچىق ئەلەم ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھەدەپ تاتىلاشقا باشلىدى...

ئۇ ئەمدى بالىلىرىنى ئويلىدى: بالىلىرى مەكتەپتىن كېلىپ ئۈچ ئېغىزلىق ئازادە، پاكىزە ئۆيگە كىرىدۇ-دە، كۆڭۈللىرى يايراپ كېتىدۇ، بالىلىرى خۇشاللىق بىلەن كىچىك ئۆيگە كىرىپ دەرس تەكرارلىشىدۇ، ئۆزى ئايرىم بىر ئۆيگە كىرىپ، خاتىرجەم كىتاب ئوقۇيدۇ، ئايالى بولسا گاز ئوچاقتا سەرەڭگە يېقىپلا تاماق تەييارلايدۇ، ئۆي ئىچىدە كول توزۇتۇپ يۈرمەيدۇ...

ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن قانداق ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى.

مۆمىن نۇر ناشتىدىن كېيىن گىلەمنىڭ ئالدىغا ئۈچ قېتىم بېرىپ، ئۈچ قېتىم ياندى. گىلەمنىڭ بىر ئۇچىنى تامدىن ئاجرىتىشقىلا، قولى نېمىشقىدۇر تىترەپ كېتەتتى-دە، يەنە قاداپ قوياتتى، ئۇ ئاخىرى چىشىنى چىشىغا چىشلەپ تۇرۇپ گىلەمنى تامدىن يۆلۈپ ئالدى-دە، ئۇنى ئەديالغا ئوراپ، بازارغا قاراپ يول ئالدى. مۆمىن نۇر گىلەمنى ئۆزى بازاردا يېيىپ ئولتۇرۇپ سېتىشتىن ئىزا تارتاتتى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنداق قىلسا كۆپ روھىي ئازاب چېكەتتى. شۇڭا ئۇ گىلەمنى مەخسۇس گىلەم سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرگىلا ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى بولدى. ئۇ ئۇدۇل گىلەم بازىرىغا باردى-دە، ئەڭ



باشتا ئولتۇرغان پاكار، كۆپتەك سېمىز بىر سودىگەرنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— بۇنى ئېلىپ قېلىپ پۇل بەرسىلە، — دېدى مۆمىن نۇر تىترەك ئاۋاز بىلەن.

سودىگەر مۆمىن نۇرنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى-دە، گىلەمنى ئېچىپ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

— ئۆزلىرى باھا قويۇپ بەرمەملا، — دېدى گىلەمنى مىجىقلاپ تۇرۇپ.

— مەن باھا قويۇپ، سودىلىشىپ ئولتۇرمايمەن، ئۆزلىرى بىلىپ ئاتىغانلىرىنى بەرسىلە، — دېدى مۆمىن نۇر كۆزلىرىنى گىلەمدىن چەتكە ئېلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەۋاتاتتى.

سودىگەر، بۇ گىلەم بىر يەردىن ئوغرىلاپ كېلىنگەن بولمىسۇن يەنە، دېگەندەك قىلىپ مۆمىن نۇرنىڭ چىرايىغا شۈبھە بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىغا 100 يۈەنلىك پۇلدىن ئىككىنى تۇتقۇزدى.

— رازى بولسىلا.

گىلەم ئەمەلىيەتتە 300 يۈەنگە يارايتتى، مۆمىن نۇر ئۆز ۋەدىسى بويىچە سودىلىشىپ ئولتۇرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ گىلەم ئالدىدا ئۆزىنى ئاران-ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا پۇلنى ئۈنتىنسىز تۆش يانچۇقىغا سالدى-دە، ئىدارىگە قاراپ تېز يۈرۈپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى، مۆمىن نۇر بىرەر زۆرۈرىيەت تۈپەيلى پۇلنى خەجلەپ تۈگىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ، دەرھال ئايالى بىلەن باشلىقنى كۈتۈۋېلىش توغرىلىق مەسلىھەتلەشتى، ئۇ ئەتىسى ئىدارىگە بېرىپ باشلىقنى خالى جايدا ئۇچرىتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، ئىشخانىسى ئالدىدىن نەچچە رەت ئۆتتى، بىراق ئۇچرىتالمىدى. ئۇ ئاخىرى، ئەتىگىچە ئۇچرىتىپ قالارمەن، بېرىپ تەييارلىقىمنى قىلىۋېرەي، دەپ ئويلىدى-دە، ئىشخانا مەسئۇلىغا مۇھىم بىر ئىشى چىقىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ بازارغا چاپتى. ئۇ ئالدى بىلەن قاسساپ بازىرىغا بېرىپ بىر ياتا گۆش سېتىۋالدى، ئۇنىڭ ياتلاپ گۆش سېتىۋېلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئاندىن پېچىنە، كۆكتات، مېۋە-چېۋە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۆيگە توشۇشقا باشلىدى. ئېسىل ھاراق، تاماكا دېگەنلەرمۇ شىكاپتىن ئورۇن ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە تاماق ئېتىش، قانچە خىل سەي قورۇش توغرىلىق ئايالى بىلەن مەسلىھەتلەشتى، شۇ كۈنى ئۇنىڭ كۆڭلى تىنىپ، تىنچ ئۇخلىدى.

مۆمىن نۇر ئەتىگەندە ئىدارىگە بارغاندا، يۇقىرىنىڭ ئىدارە باشلىقىنى خىزمەتتىن توختىتىش، ئۇنىڭ پارىخورلۇق قاتارلىق جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى جاكارلاندى. شۇنىڭ بىلەن مۆمىن نۇرنىڭ باشلىقنى مېھمان قىلىش ئارزۇسى يوققا چىقتى.

مۆمىن نۇرنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر ئۆكۈنۈش بىلەن خۇشاللىق ئارىلاشقان بىر خىل سېزىم پەيدا بولدى. ئۇ گىلەمنى ئالدىراپ قولدىن چىقىرىپ قويغىنىغا، تۈنۈگۈن بىر كۈن بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ يۈرگىنىگە ئۆكۈنسە، بۈگۈنكى بۇ ئۆزگىرىشتىن خۇشاللانماقتا ئىدى. بۇ خۇشاللىق بارا-بارا چىرايىغا تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل تەبەسسۇم پەيدا قىلدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

تۇرسۇنئاي ھەسەين

# ئۈچ ھېكايە

## ئىمپورت قىلىنغان سېغىز كەمپۈت

ئاسىيە، ئالىيە، زەرىپە، گۆھەرىيە، فەدىرىيە، ئامانگۈللەر جان دوستلار، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى باشقا-باشقا بىنادا بولسىمۇ لېكىن مەكتەپكە بىر-بىرىنى ساقلاپ بىللە بېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزىق ئادەتلىرى بار. قورسىقى تويغۇچە تاماق يېيىشمىسىمۇ، ئانىلىرى يانچۇقلىرىغا تاتلىق-تۇرۇملارنى توشقۇزۇپ قويسىمۇ، لېكىن يېمەك-ئىچمەك دۇكىنىدىن بىرەر ئىككى موچەنلىك نەرسىنى ئۆزلىرى پۇل خەجلەپ ئېلىپ تەڭ بۆلۈشۈپ يېيىشنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرۈشىدۇ. بۈگۈن ئۇلار چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئادەتتىكىدەك يېمەك-ئىچمەك دۇكىنىنىڭ ئۆزلىرىگە تونۇش كەمپۈتلەر سېتىلىدىغان يېرىگە كېلىشتى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر موچەن، ھەتتا بىرسىدە بىر يېرىم موچەن پۇل بار ئىكەن، ئۇلار ئالتە دانە سېغىز كەمپۈت ئېلىپ بىر تالدىن چاينىسىمۇ يەنە بىر نەچچە پۇڭ ئېشىپ قالدى، سېغىز كەمپۈتنى ئېغىزدا تازا چايناپ پۈدەپ شار چىقىرىشقىمۇ ياكى چايناپ-چايناپ تارىسلىدىتىپ ئېتىشقىمۇ بولىدۇ، بۇ سېغىز كەمپۈت ئۇلارنىڭ تازا بىر كۈن ھەتتا پاكىزە ئوراپ ساقلىسا بىر نەچچە كۈن چاينىشقا يېتىدۇ.

ئۇلار پۇكەينىڭ ئالدىغا كېلىشتى، ۋاي-ۋۇي، بۈگۈن پۇكەينىڭ بىكار يېرى قالماي رەڭگارەڭ كەمپۈتلەر بىلەن تولغانىدى. ھەرخىل سېغىز كەمپۈتلەر، شاكىلاتلارنىڭ رەڭلىك قەغەزلىرى كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلاتتى، پەقەت ئۇلار دائىم ئېلىپ يەيدىغان بىر دانىسى توققۇز پۇڭلۇق، قەغىزىنىڭ بىر يېقى ئاق، بىر يېقى قىزىل كەلگەن، بىر قىز بالىنىڭ سېغىز چايناپ شار چىقىرىپ تۇرغان سۈرىتى بار سېغىز كەمپۈت بولسا كۆرۈنمەيتتى.

ھەي، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاسىيە دېگەن قىز دۇكانچىدىن سورىدى:

— ئاكا، توققۇز پۇڭلۇق سېغىز كەمپۈت بارمۇ؟

— يوق.

— ئۇنداقتا... ئۇنداقتا... قانداقى بار؟

— جەنۇبىي چاۋشيەنىڭ سېغىز كەمپۈتى بار.

— جەنۇبىي چاۋشيەنىنىڭ! - ۋاي، ۋۇي،

سىغىز كەمپۈتنىمۇ چەتتىن ئەكىلەمدۇ؟
— ئەلۋەتتە.
— مىنىڭ ئاپام سوۋېتنىڭ ئەتىردىسىنى
گىشلىتىدۇ، — دېدى بوغماققىنە قىز ئالىيە.
— مىنىڭ دادام ياپونىيىنىڭ توڭلاتـ
قۇسىنى ئىزدەپ يۈرگىلى نەۋاق.
— ۋاي خۇدايىم، بۇ ئەتىر، يە توڭلاتقۇ
ئەمەس، سىغىز كەمپۈتقۇ.
ھەممىدىن ئالىيە ئەقىللىق چىقتى. ئۇ،
قىزلارنىڭ قېشىغا كېلىپ پىچىرلىدى:
— ئاپام چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرى
قىممەت بولىدۇ، دەيدىغان، بىزنىڭ بۇ پۇ-
لىمىزغا ئۇ كەمپۈتتىن نەچچىسى كېلەر؟
— ئالتىسى كېلەر.
— ياقلا، كەلمەيدۇ.
— سوراپ باقايلى.
ئۇلار تەڭلا دېگۈدەك سوراشتى:
— ئاكا، بۇ سىغىز كەمپۈتنىڭ بىر
دانىسى نەچچە پۇل؟
— ئالتە يىرىم موچەن.
— ھە!؟
ئۇلار ھەيران بولغانلىقتىن كۆزلىرى
چەكچىيىپ، ئېغىزلىرى لاتىن يېزىقىدىكى
ھەرپىدەك ئېچىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بارى-
يوق پۇلى پەقەت ئالتە يىرىم موچەن تۇر-
سا، ئالتە يىرىم موچەنگە بىر تال سىغىز
كەمپۈت كەلسە، ئەمدى ئۇنى قانداق ئۈ-
لۈشۈش كېرەك؟
— ئالامسىلەر - ئالمامسىلەر، — دېدى
مال ساتقۇچى زېرىككەندەك ئەسنەپ.
قىزلار ئالدىراپ قېلىشتى. ئالمىسا
قانداق بولىدىكىن. بىراق كەچكىچە ئېغىز-
لىرى بىكار تۇرسا زېرىكمەمدۇ؟ بۈگۈن
تېخى ھەر بىرىمىز بىر تالدىن سىغىز كەم-
پۈت چاينايمىز دەپ بەكمۇ خۇشال بولۇش-
قان ئەمەسمىدى.
— ئالايلى.
— باشقا ماگىزىنىدىن ئىزدەپ باقايلى.
— ياق، دەرسكە كېچىكىپ قالىمىز.
ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىـ
راپ قېلىشتى، ئاخىرى گۆھەردىيە مال ساتـ
قۇچى يىگىتتىن سورىدى:
— ئاكا، ئۇ كەمپۈت قانچىلىك چوڭ؟
— مانا، كۆرۈڭلار، — دېدى يىگىت
بىر تال شاكىلاتچىلىك نېپىز كەمپۈتنى
قىزلارغا كۆرسىتىپ، كەمپۈت پارقىراق،
ئېسىل قەغەزگە ئورالغانىدى. مال ساتقۇچى
كەمپۈتنى پۈكەي ئۈستىگە قويدى ۋە قىز-
لارنى قىزىقتۇرماقچى بولغاندەك قوشۇپ
قويدى:
— تەمى بەك تاتلىق، رەڭگى ئۆز-
گىرىدۇ. ئاخىرىغىچە تەمى كەتمەيدۇ.
قىزلار قىزىقىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىـ
گە ئالتە موچەنلىك سىغىز كەمپۈت توققۇز
پۈكلۈق كەمپۈتتىن خېلىلا يوغانىدى. ئالـ
تەيلەن بۆلۈشۈپ چاينىسا قانداق بولىدىـ
كىن، يېتەمدىكىن، يېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.
شۇنداق قىلىپ قىزلار يانچۇقلىرىدىكى
پۇللىرىنى چىقىرىشىپ، بۇ قىممەتلىك سىـ
غىز كەمپۈتنى سېتىۋېلىشتى ۋە ئادىللىق
بىلەن ئالتىگە بۆلۈپ ئېغىزلىرىغا سېلىشتى.
پاھ، نېمەدېگەن تاتلىق، ئۇلارنىڭ
كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقنىدى.
مانا بۇلارمۇ چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىـ
نى سېتىپ ئېلىشتى. ئەمدى بۇنى سىنىپـ
تىكى قىزلارغا كۆرسىتىپ، راسا ماختىنىدىـ
غان، تارسىلدىتىپ چايناپ، شار چىقىرىپ
تازا ئاتىدىغان بولۇشتى - دە.
قىزىق ئىش، نەچچە مىنۇتتىن كېـ
يىن ھەممىسى توختاپ، بىر - بىرىسىنىڭ

ئاغزىغا تىكىلىشتى.

— هەي، مېنىڭ سېغىز كەمپۇتۇم ئېغىزىمدا تۇگەپ كەتتى-غۇ.

— مېنىڭمۇ.

— مېنىڭمۇ.

— تاتلىقى تۇگەپ، چاينايدىغان يېرى بۇغدايچىلىكلا قالدى.

مېنىڭ ئۇنچىلىكمۇ قالمىدى.

— ھە، مېنىڭمۇ.

ئۇلار تىللىرىنىڭ قىپقىزىل ئۇچىنى بىر-بىرىگە كۆرسىتىشتى. راست، رەڭگى ئاقتىن قىزىلغا ئۆزگەرگەن سېغىز كەمپۇت ھەممىسىنىڭ تىلىنىڭ ئۇچىدا بۇغداي دانىسىدىنمۇ كىچىكرەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى ئەمدى پۇدەپ شار چىقىرىپ ئوينىغىلىمۇ، ياكى قاس چىقىرىپ ئاتقىلىمۇ بولمايتتى.

## دىۋانىنىڭ قاپىقى

ئازاتنىڭ ئۆيى مەكتەپنىڭ يېنىدا ئىدى. لېكىن ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمايتتى. مومىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ مەكتەپكە كىرىشكە ئىككى قاپاق پىششىقى بار ئىكەن. ئۇ، قاپاقلارنىڭ پاتراق پىششىنى، ئۆزىنىڭ مەكتەپكە پاتراق بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇ ھەر كېچىسى دەپتەر-قەلەملەرنى چۈشەپ چىقاتتى. ئەتىسى چۈشىدە خەت يازغان دەپتەر-قەلەملەر ئېسىگە كېلىپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كېتەتتى، ھەي، ئوگۇم بولۇپ قالسىچۇ، دەيتتى ئۇ خورسىنىپ.

بۈگۈن مومىسى ئۇنىڭغا ھويلىدا ئولتۇرۇپ چۆچەك ئېيتىپ بەردى. بىر پەستىن كېيىن مومايىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئاستاغىنە ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، غىپپىدە تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ نېرىسىدا بىر قېرى دىۋانىنىڭ ئۆيى بار ئىدى. قېرى دىۋانە ھەر كۈنى ئىشىك ئالدىدا ئۇزۇن ھاسىسىنى يېنىغا قويۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قاپاقمۇ بار بولۇپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ پارچە-پۇرات پۇللارنى تاشلاپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئىككىلا كۆزىدە ئاق بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيدۇ، دەيتتى موماي لېكىن ئازات مومىسىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيتتى. چۈنكى قېرى دىۋانە ئۇنى تونۇيتتى.

— ئازات بالامۇ سەن، — دېدى ئۇ ئازات يېنىغا كېلىشىگە.

— ھەئە، سەن مېنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟

— سەكرەپ مېڭىشىڭدىنلا بىلىۋالدىم.

— سېنىڭ كۆزۈڭ كۆرەمدۇ؟

— مېنىڭ كۆزۈم ياخشى بالىلارنىلا كۆرىدۇ، يامان بالىلارنى كۆرگۈسى كەلمەيدۇ.

— ھە، مۇنداق ئىكەن-دە، — دەپ ئويلىدى ئازات ۋە يانچۇقىدا ئانىسى بىڭگور ئېلىپ يېيىش ئۈچۈن بەرگەن بەش تىيىننى ئالدى-دە، بىردەم قىيالمىغاندەك تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندىن دىۋانىنىڭ ئالدىدىكى قاپىقىغا تاشلىدى.

دىۋانە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— پۇلۇڭنى نېمىشقا ئۆزۈڭ خەجلىمەي ماڭا بەردىڭ؟

— بۈگۈن بىڭگور يېگۈم يوق، — بالا دىۋانىنى ئىشەندۈرمەكچى بولغاندەك قوشۇپ قويدى، — بۈگۈن ھاۋا سوغۇق، بىڭگور يېسەم توڭلاپ كېتىمەن.

دىۋانە كۆلۈمسىرىدى، بالىنىڭ ھاۋا سوغۇق دەپ يالغان ئېيتقىنىنى يۈزىگە سالمىدى.

— بوۋا، بۈگۈن سەن ھېچقانچە پۇل تاپالماپسەن، — دېدى ئازات.

— ھەئە بالام، بۈگۈن بۇ يەردىن ئادەملەر ئانچە ئۆتمىدى ئەتىمالىم.

— سەن كىشىلەر كۆپ ئۆتىدىغان بازارغا بېرىپ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟

— باراي دېسەم ئۆتكەنكىدەك ماشىنىغا ئۇرۇلۇپ كېتەمدىمەنكىن دەپ قورقىمەن، — دېدى بوۋاي.

بالا بېشىنى قاشلاپ بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— ھەي بوۋا، بوۋا، مەن سېنى يېتىلەپ بازارغا ئاپىرىپ قوياي.

— كەچتە قانداق كېلىمەن؟

— مەن ئەكېلىپ قويىمەن.

بوۋاي بالىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى، ئۇ ئورنىدىن تۇردى. مىس تاۋىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇزۇن تايىقىنى كۆتۈردى، بالا تاياقنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى.

— بالام، يولنىڭ چېتىدە ماڭغىن.

— ماقۇل.

بالا دېگىنىدە تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى كىشىلەر ئۇلارنى يولدا كۆرىدىغان بولدى. ھاسا تاياقنىڭ ئۇچىنى بالا، بېشىنى دىۋانە تۇتقان ھالدا ئەتىگەن بازارغا بېرىپ كەچتە بىللە قايتىشاتتى.

بىر كۈنى بالا بوۋاينى يېتىلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. بالا بۇ چاققىچە ئۆنىڭ ئۆيىگە كىرىپ باقمىغانىدى. بۈگۈن بوۋاي ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، بالا ئۇنىڭ ۋەيرانە كەپىسىگە كىردى، بوۋاي بىر تۈگۈچنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە دانە قاپاقنى ئالدى. قاپاقلار سىلىق، پارقىراق بولۇپ، بەك چىرايلىق ئىدى، بالا ئۇنى كۆرۈپ زوقلاندى.

— بۇ قاپاقمۇ؟

— ھەئە، غوڭ قاپاق.

— بۇ قاپاقلار پىششقانمۇ؟

بوۋاي كۈلۈپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە پىششقان-دە.

— موماممۇ مېنى يەنە ئىككى قاپاق پىششقىدىن كېيىن مەكتەپكە بارىسەن دەيدۇ.

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە تامدى. بالا يۇمران قولى بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ قويدى.

— بوۋا، يىغلىمىغىنا، نېمىشقا يىغلايسەن؟

— مېنىڭ دۇنيالىقتا بىر تال ئاراق قىزىم بار ئىدى، سەنچىلىك چېغ... قىزىل چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەن، بۇ قاپاقلارنى شۇ قىزىم ئوينايتتى.

بالىنىڭ بۇرنى ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇنىڭمۇ بالىسى بولغان ئىكەندە، ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا بىللە ئوينايدىكەنمىز، — دەپ ئويلىدى ئۇ.

— بوۋا، بۇ قاپاقلارنى كىمگە بېرىسەن؟

— مەن ئۆلگەندە ساڭا قالدۇرۇپ كېتىمەن.

* *

قىش كەلدى، قارلار يېغىپ، ئېرىق ئۆستەڭلەردە مۇز توڭلىدى، بالا ئېرىقتىكى مۇزدا تېيىلىپ ئوينىدى، ئۇشتۇمتۇت مۇز-

نىڭ نېپىز يېرى ئويۇلۇپ كېتىپ، بالا سۇغا كىرىپ كەتتى. سۇ ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى، بالا مۇزنىڭ گىرۋەكلىرىگە ئېسىلدى. لېكىن چىقالمىدى. بالا قورقۇپ كېتىپ چىرقىراپ يىغلىۋەتتى. بوۋاي بالىنى ئۈنىدىن تونۇۋالدى، ئولتۇرغان يېرىدىن دەرمانسىز قوللىرىغا تايىنىپ تۇردى.

— بالام ئازات، نەدە سەن؟

— مانا مەن بۇ يەردە، سېنىڭ ئالدىڭدىكى ئېرىقتا، تايىقىڭنى ئۇزاتقىنا بوۋا.

بوۋاي بالىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ ئۇزۇن تاياقنى بالىنىڭ ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە ئۇزاتتى. بالا تاياققا تايىنىپ كاچكۇلدىن چىقىۋالدى.

ئازات زۇكامداپ يېتىپ قېلىپ، بىر نەچچە كۈنگىچە بوۋاينىڭ قېشىغا بارالمىدى، بىر كۈنى كىمدۇر بىرى ئىشىكنى چەكتى:

— ئازات دېگەن بالا مۇشۇ ئۆيدىمۇ؟

— ھەئە، — دېدى مومىسى ئىشىكنى ئېچىپ.

— دوقمۇشتىكى قېرى دىۋانە مۇنۇ قاپاقلارنى ئازاتقا بېرىپ قويغىن دېگەنتى.

ئازات يۈگۈرۈپ كېلىپ قاپاقلارنى ئالدى. قاپاقلار ئېغىر ئىدى، ئۇ سىلكىپ بېقىۋىدى، قاپاقلارنىڭ ئىچىدە تەڭگە پۇللار جىرىڭلىدى. بالا چۆچۈپ كەتتى.

— قاپاقلارنى بوۋاي ماڭا بەردىمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇ نېمىشقا پۇللىرىنىمۇ قوشۇپ ماڭا بەرگەندۇ؟

ھېلىقى كىشى ئازاتنىڭ مومىسىغا پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دېدى. بالا تەشۋىشلەندى، تۇيۇقسىز بىر نەرسە ئېسىگە كېلىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ئۇ ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟ ئۇ مەن ئۆلگەندە بۇ قاپاقلارنى ساڭا بېرىمەن دېگەنىدى.

ھېلىقى كىشى بېشىنى لىڭشىتتى.

بالا قاپاقلارنى جوزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى، كېيىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

## ياخشى بالا

بىر بالا بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يىل بەش ياشقا كىرىشىگە بەش كۈن، بەش سائەت بار ئىدى، ئۇ ناھايىتى شوخ ئىدى، ئۇنىڭ كىرمىگەن ئۆيى، چىقمىغان دۆڭى قالمايتتى. ئۇ ئۆيىدە ھېلى بۆشۈكتىكى سىڭلىسىنىڭ ئاغزىدىكى ئىمىزگىنى تارتىۋېلىپ يىغلاتسا، ھېلى ئاكىسىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى يىرتىپ پاخپاق ياساپ ئويناپ، ئاكىسىنى قاخشىتاتتى.

بۈگۈن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چېيىنى ئىچە-ئىچمەيلا ھەر كۈندىكى جېدىلىنى باشلىدى.

— كەمپۈت يەيمەن.

ئانىسى ئۇنىڭغا بىر مۇنچە كەمپۈتلەرنى بېرىپ، ئويناپ كىرىشكە چىقىرىۋەتتى. ئۇ كەمپۈتلەرنى بىردەمدىلا چايناپ يەپ بولۇپ، يەنە قايتىپ كىرىپ جېدەل قىلدى.

— پېچىنە يەيمەن.

ئانىسى ئۇنىڭغا پېچىنە تۇتقۇزۇپ، يەنە ئويناپ كېلىشكە چىقىرىۋەتتى. ئۇ پېچىنىسىنى كۆتۈرۈپ قورۇدىكى كىچىك بالىلارغا داملاتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا پېچىنىدىن

بىرنى بېرىشنى سوراپ يالۋۇردى. ئۇ، بەرمەي ئۇلارنى يىغلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاپىلىرى ئۇنى:

— جېدەلخور، نېرى بېرىپ ئوينا،— دەپ ئىشىك ئالدىدىن ھەيدىۋەتتى. ئۇ بالا يىغلاڭغۇ بالىلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدىن رەنجىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى يىغلاپ جېدەل قىلسا تېخى يەنە مېنى جېدەلخور دېيىشىدۇ، ھەتتا ئاناممۇ مېنى جېدەلخور دەيدۇ. نەدە مەن جېدەلخور بولاي، مەن دېگەن بىر ئوبدان بالا. باشقىلار جېدەلخور. مەن تېخى جىق ياخشى ئىشلارنى قىلالايمەن، دەپ ئويلىدى.

ئۇ كاتەكتە ياتقان توخۇلارنى تالادا ئوينىسۇن دەپ تاياق تىقىپ قوغلاپ چىقتى. توخۇلار ۋاقاقلاپ، قورۇنى بېشىغا كىيدى. توخۇلارنىڭ ئىگىسى موماي ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بالىنى ھويلىدىن قوغلىۋەتتى.

— ھەي جېدەلخور، ئەمدىلا تۇخۇم تۇغاي دېگەن توخۇنى نېمىشقا قوغلىۋەتتىڭ. سېنىڭ دەستىڭدىن توخۇلارغىمۇ ئارام يوقمۇ؟

بالا بېشىنى قاشلىدى. بۇ قىلغان ئىشىمۇ بولماپتۇ، جېدەلنى مەن ئەمەس، توخۇلار قىلغان تۇرسا.

ئۇ ئىشىك ئالدىدا ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرغان مۈشۈكنى كۆردى، ئۇ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىيلاپ قوياي دەپ قولىنى ئۇزاتتى. بىراق مۈشۈك يەنە ھەر كۈندىكىدەك قۇيرۇقۇمنى تۇتۇپ سۆرەمدىكىن، دەپ ئۇنىڭغا خىقىردى ۋە قولىنى تاتىلىۋالدى.

— يەنە مەن جېدەلخورما،— دەپ ۋارقىرىدى ئۇ مۈشۈككە،— سەن مېنى تاتىلىۋالدىڭ. ئەمما مەن يىغلاپ غەلۋە قىلدىممۇ.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئانىسىغا ھال ئېيتتى: ھەممىسى مېنى جېدەلخور دەپ ھەيدىۋېتىدۇ، مۈشۈكمۇ مېنى تاتىلىۋالدى. مەن جېدەل قىلمىدىمغۇ.

ئانىسى ئۇنى بەزلەپ، ئۇنىڭغا «ياخشى بالا» دېگەن رەسىملىك كىتابچىنى بەردى. ئۇ، رەسىمدىكى بالىدەك ياخشى بالا بولماقچى بولدى.

ئۇ شۇنداق قىلدى. يانچۇقىدىن كەمپۈت ئېلىپ، يىغلىغان كىچىككىنە قىزچاقىقا بەردى. قىز يىغىسىدىن پەس بولدى. قىزنىڭ ئاپىسى ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ، ياخشى بالا، دېدى. ئۇ ئاپىسى بەرگەن ناننى مۈشۈككە چايناپ بەردى. مۈشۈك ئۇنىڭ بىلەن ئوينىدى.

ئۇ ئاخشىمى موماينىڭ توخۇلىرىنى كاتەككە سولاشقا ياردەملەشتى. موماي ئۇنى، چوڭ يىگىت بولۇپ قاپسەن، دېدى.

ئۇ خۇشاللىقىدا جاھانغا پاتماي قالدى. ئۇ ئەمدى جېدەلخور ئەمەس، چوڭ بولۇپ قالغان ياخشى بالا ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

قۇربان توختى

# ئىككى كوچا

(ھېكايە)

بىزنىڭ مەھەللە ئۇزۇن كوچا ۋە توغرا كوچا دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. پۈتۈن مەھەللىدە 50 ئۆيلۈك ئادەم بار دېسەك، بۇنىڭ ئوتتۇزى ئۇزۇن كوچىغا، قالغان يىگىرمىسى توغرا كوچىغا جايلاشقان. بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى بەكمۇ ئىناق ئۆتىدۇ. ھەممىمىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمىز، ئاكا-ئاچىلىرىمىز توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا بىر داستىخاندا ئولتۇرۇشىدۇ، ئانىلىرىمىز بىر-بىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىدىن ھېچ تارتىنمايلا تۇز-خېمىتۇرۇچلارنى ئۆتنە-يېرىم قىلىشىپ ئىشلىتىدۇ، بۇنىڭغا يارىشا بىز باللارمۇ بىر-بىرىمىزگە بەكلا ئامراق، مەكتەپكە بىللە بېرىپ، بىرگە قايتىمىز. ئاخشاملىرى بىللە ئوينايمىز.

بىر كۈنى بىز ئوتتۇزغا يېقىن بالا مەكتەپتىن كېلىۋېتىپ بىر كىچىك ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇشتۇق، بىز خۇددى قۇشقاچتەك ۋىچىرلىشاتتۇق. تېخى ھەر چوڭ ئىشلار توغرىسىدىمۇ تالاش-تارتىش قىلىشاتتۇق. گەپ بىز كۆرگەن كىنو ئۈستىدە بولۇۋاتقاندا مېنىڭ ئېسىمگە بىر ئىش كېلىپ قالدى-دە، شۇنىڭ بىلەن:

— ھەي ئاغىنىلەر، — دېدىم پاراڭنى ئالدىراپ بۆلۈپ، باللار جىم بولۇپ ئاغزىمغا قاراشتى: — قۇرۇق گەپ ساتماي يېڭى ئويۇن چىقىرايلى، بىرەر كىنونى دورىمايمىزمۇ؟

باللار ھەيرانلىقتا ماڭا قاراپ بىر دەم تۇرۇشقاندىن كېيىن:

— ھە، كىنونى قانداق دورايسەن؟ — دەپ چۇقۇراشتى.

— «ۋارتنىڭ سارايېۋونى قوغدىشى» دېگەن كىنودىكىلەرنى دوراپ جەڭ قىلمايمىزمۇ؟

— قانداق قىلىپ قېنى، دەپ باقە، — دېيىشتى باللار.

مەن سۆزلەپ بىر ھازا چۈشەندۈردۈم، ئاندىن، ئوقلىرىمىزنىڭ ئورنىغا كىچىك چالما ئىشلىتىمىز، يالغان مۇشتلىشىمىز، ئۇزۇن كوچىنىڭ باللىرى «پارتىزان» بولسۇن، قىسقا كوچىنىڭ باللىرى «دۈشمەن» بولسۇن، دېدىم. بىزنىڭ ئۆي ئۇزۇن كوچىدا بولغاچقا، مەن «پارتىزان» لارغا تەۋە بولاتتىم، شۇنداق قىلغاندا جەڭ ۋارتنىڭ رولىنى ئالالايتتىم، باللار بىردەم چوقۇرىشىپ، ئاندىن جىم بولۇشتى، مەن «پارتىزان»لار تەرەپكە ئۆزۈمنىڭ جەڭ ۋارت ئىكەنلىكىمنى ئۇقتۇرۇپ، باشقا روللارغا باللارنى ئايرىپ چىقتىم.

ئويۇنىمىز باشلاندى، بۇ بولۇپمۇ جەڭ كۆرۈنۈشلىرىگە كەلگەندە ئويۇنىمىز شۇن-

داق قىزىپ كەتتىكى باللار راستىنلا ئۆزلىرىنى كىنودىكى قەھرىمانلاردەك ھېس قىلىپ، بىر - بىرىگە شىددەتلىك «ئوق» ياغدۇراتتى. كىچىك چالمىلار بارغانسېرى يوغىناپ، چوڭ - چوڭ چالمىلارنىمۇ ئېتىشقا باشلىدۇق. بىر - بىرىمىزگە تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىشنى ئۇنتۇپ رەسمىي چەنلەپ تۇرۇپ ئاتاتتۇق. چالمىلار گاھىدا قۇلاق تۈۋىمىزدىن، گاھىدا بېشىمىزنىڭ ئۈستىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بىردە «پارتىزان» لار «دۈشمەن» لەرنى سۈرۈپ كېتەتتۇق، بىردە ئۇلار بىزنى سۈرۈپ كېلەتتى. ئويۇن ئەۋجىگە چىقىپ، ئاخىرى «پارتىزان» لار ئېگىز مونار ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، «دۈشمەن» لەرنى توپقا تۇتىدىغان كۆرۈنۈشنى ئويناۋاتقىنىمىزدا، ئوشتۇمتۇت بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى:

مەن بىر ئېگىز دۆڭلۈككە چىقىۋېلىپ «دۈشمەن» لەرگە «ئوق» ياغدۇردۇم. «دۈشمەن» تەرەپ ئاخىر، ئاجىز ئەخمەق بولۇپ بېرىشى كېرەك بولغانلىقتىن بىز تەرەپكە ئانچە «ئوق» چىقارمايتتى. ئوشتۇمتۇت مەن ئاتقان مۇشتەك بىر چالما ئۇچۇپ بېرىپ «دۈشمەن» تەرەپتىن مۇسا قارىينىڭ كۆزى بىلەن مەڭزى ئارىلىقىغا جاڭ قىلىپ تېگىپ كەتتى، مۇسا شۇ زامات ئوڭدا چۈشتى، ئېتىشىش قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك بىردىنلا توختاپ قالدى. باللار ئۆز ئورۇنلىرىدا جىم تۇرۇپ قېلىشتى. مەن دەككە - دۈككىگە چۈشتۇم ۋە مۇسا قارىي تەرەپكە قاراپ ماڭدىم، قالغان باللارمۇ دۈرۈلدەپ كېلىشكە باشلىدى، باللارنىڭ ھەممىسى ماڭا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. مەن ئەھۋالنىڭ راستىنلا چاتاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرھاللا:

— ئۇ چالمىنى مەن ئاتمىدىم، باشقىلار ئاتقان بولسا تېگىپ كەتكەندۇ، — دېدىم، يالغان سۆزلىگەنلىكىم ئۈچۈن يۈرىكىم تېخىمۇ دۈپۈلدەپ كەتتى، مەن باللارغا قارىدىم، ئۇلار دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.

مەن تېخىمۇ كۈچەپ خۇپسەنلىك بىلەن:

— قايسىڭلار ئاتتىڭلار؟ ئاتقان بولساڭلار مەن ئاتتىم دېسەڭلار بولمىدىغۇ، — دېدىم، باللار جىم تۇرۇشاتتى.

— ھەممىدىن بەك ئاتقىنى سەن، چوقۇم سېنىڭ ئاتقان چالماڭ تېگىپ كېتىپتۇ جۇمۇ، — دېدىم مەن ئارىمىزدىكى ئەڭ ياۋاش دايىمغا دۆڭگەپ، بىچارە دايىم مەندىن قورقىدىغان بولغاچقا گەپ قىلالماي دۇدۇقلاپ «مەن... مەن ئاتمىدىم» دېگىنىچە يىغلاپ كەتتى. ھەي ياۋاشەي، دېدىم ئىچىمدە، دايىم راستىنلا ئۆزى ئاتقاندەك باللارغا قارىيالماي ئىرىنىقىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قاراپ تۇراتتى، مۇسا قارىي يىغلاپ تۇرۇپ:

— خەپ دايىم، سېنى ئاپامغا دېمەيدىغان بولسام، — دېدى - دە، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغان پېتى يۈگۈرۈپ ئۆيىگە چاپتى.

— دايىم، بىر يەرگە مۆكۈنۈۋال، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولۇپ، — ھېلى ئاپىسى ياكى ئاكىسى كەلسە سېنى ئۇرۇپ قويمىسۇن.

— چالمىنى مەن ئاتمىغان تۇرسام، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

— سەن ئاتمىساڭ كىم ئاتاتتى؟ مەن ئاتقان چالمىلارغۇ باشقا ياقلارغا چۈشكەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ، بىر چاغدا مۇسا قارىي ئاكىسىنى باشلاپ كەلدى. مەن

دەرهال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ دايىمنى چېقىشتۇردۇم. مۇسا قارىينىڭ ئاكىسى كەلگىنىچە دايىمنىڭ كاچىتىغا بىرنى سېلىپ، قورسىقىغا بىرنى تېپىپ، ئۇنى يەرگە دومىلىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن دايىم ۋايجانلاپ تۇرۇپ: خەپ توختاپتۇر، ئاتامنى باشلاپ كەلمەيدىغان بولسام، دېگىنىچە كېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن دايىمنىڭ دادىسى چىرايى ئۆڭگەن هالدا تېز - تېز مېڭىپ كەلدى - دە، مۇسانىڭ ئاكىسى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى، ئۇلار ياقىلىرىنى سىقىشاتتى، گاهىدا مۇشت ئېتىشاتتى. هەش - پەش دېگۈچە هەر ئىككىسىنىڭ ئاغزى - بۇرۇنلىرى قىپقىزىل قانغا بويالدى، يۈزلىرى كۆپكۆك ئىششىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەهەللە كىشىلىرى يۈگۈرۈپ كېلىشتى ۋە مىڭ تەسلىكتە ئۇلارنى ئاجراتتى، ئەمما ئاجرىتىش جەريانىدا كىشىلەر «ئۇزۇن كوچىلىقلار»، «توغرا كوچىلىقلار» دېيىشىپ گەپ تەگىشىپ قېلىشتى. پاراڭ ئۇلغىيىپ كېتەي دېگەندە، مەسچىتنىڭ ئىمامى ئارىغا چۈشۈپ، ئاپئاق ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئى، خۇدا، جامائىتىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن! ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ بۈگۈنگۈدەك ئۇزۇن - كوچا، توغرا كوچا دەپ مەهەللىمىزنى ئىككىگە ئايرىغان ئىش بولۇپ باقمىغان. ئاغزىمىزغا كەلگەننى جۆيلۈمەيلى. بۇنداق ئايرىمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك قىلىشساق ئەجدادلىرىمىز گۆردە تىك ئولتۇرۇشىدۇ، خۇدا قىلغىنىمىزنى راۋا كۆرمەيدۇ. بالا ئارىسىغا كىرمەي ئەپ - ئىناق ئۆتەيلى جامائەت!...

شۇ چاغدا بىر توپ بالىلارنىڭ ئاتامغا بىر نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. بىردىنلا يۈزلىرىم قىزىرىپ، پۈتۈن بەدىنىم ئوت بولۇپ كۆيۈشكە باشلىدى. لاغىلداپ تىترەپ، جايىمدا تۇرالماي قالدىم. ئاتامنىڭ چىرايى ئۆڭگەن، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان هالدا ئالدىمغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاچماقچى بولۇپ ئۆزۈمنى چەتكە ئېتىشىمغىلا ئۇ بىلىكىمدىن كاپلا تۇتۇۋېلىپ، كاچىتىمغا قاتتىق بىرنى سالدى، كۆزۈمدىن ئوت چاقناپ، بېشىم پىرلا قىلىپ قالدى. بىر چاغدا قۇلىقىمغا ئاتامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— جامائەت. ئەپۇ قىلىشسىلا، هەممە سەۋەنلىك مېنىڭ بالامدىن ئۆتۈپتۇ! ئۇ يېنىمۇ شۇ بىرىنچى بولۇپ باشلاپتۇ، چاتاق تېرىپ يالغانچىلىقىنىمۇ شۇ قىلىپ ئۆز ئەيىبىنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇپتۇ، جامائىتىمىزگە، مەهەللىمىزگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىپتۇ. مەن ئۇنى ئەدەبلەيمەن. بالامنىڭ ئوساللىقى ئۈچۈن ناماقۇل بولۇپ جامائەتكە مەن چاي بېرەي!

مەن سەل هوشۇمغا كېلىپ قارىسام ئۇلار ئەپۇچانلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان كۆزلىرىنى بىزگە تىكىپ قاراپ تۇرۇشۇپتۇ، مەن خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم هەم ئاتامنىڭ راستچىللىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزۈمنى ئاتامنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ هۆڭرەپ يىغلاپ تاشلىدىم.

مەسئۇل مۇهەررىر ئارسلان

ماخموت مۇھەممەت

# يۇمرانلارغا يۇمران مىسرالار

## يوپۇرماق

دوستۇم گۈلنى ماختايدۇ،
يوپۇرماققا باقمايدۇ.
يوپۇرماقلار بولمىسا،
گۈللەر قانداق ياشنايدۇ.

باغدا گۈللەر چاقنايدۇ،
غۇنچىلىرى شاخلايدۇ.
يوپۇرماقلار بولغاچقا،
گۈللەر خۇش خۇي ياشنايدۇ.

ۋەتەن گويا قىزىلگۈل،
بىزلەر سانسىز يوپۇرماق.
تەڭ ياشنايمىز، كۆكلەيمىز،
شۇنچە گۈزەل، خۇش پۇراق.

## بىز ھەممىمىز چىرايلىق

سەن چىرايلىق، مەن چىرايلىق،
بىزلەر چىرايلىق.
مەكتىپىمگە ماڭغان قارا
كۆزلەر چىرايلىق.

سەن چىرايلىق، مەن چىرايلىق،
دوستلار چىرايلىق.
ئەلاچىلار سېپىدە بىز
قاتار چىرايلىق.

سەن چىرايلىق، مەن چىرايلىقمۇ
ھەممە چىرايلىق.
ساغلام ئۆسۈپ يېتىلەيلى،
يەنە چىرايلىق.

## بىز، بىز، بىز

بىز بۇلبۇل، بىز كاككۇك،
باغدا سايرايمىز.
بىز غۇنچە، بىز مايسا،
تاڭدا ياشنايمىز.

بىز ئالىم، بىز شائىر،
كىتاب يازىمىز.
بىز جەڭچى، بىز باتۇر،
ئالغا باسىمىز.

بىز ناخشا، بىز دەريا،
ئۇرغۇپ ئاقىمىز.
بىز ئۈمىد، بىز ئىقبال
يوللار ئاچىمىز.

## پاكىز

ساغلام، تېتىك بالىلار بىز
قوللىرىمىز پاكىز،

مەكتىپىمىز، سىنىپىمىز،
يوللىرىمىز پاكىز.

ئەدەب، ئەخلاق بىزگە ھەمرا،
تىللىرىمىز پاكىز.
كېلىچەكتىن ئۈمىدۋارمىز،
دىللىرىمىز پاكىز.

قايتارما:
پاكىزە، پاكىزە
ئۆسمەكتىمىز پاكىزە.

كېپىنەكلەر ئاڭلاڭلار

قىزىل ـ قىزىل لاللار
باغدا ئېچىلدى.
ئوماق ـ ئوماق باللار
باغقا يېيىلدى.

قايسى بالا، قايسى گۈل،
بىلىپ بولمايدۇ.
كېپىنەكلەر ھەيرانە،
ئۇچۇپ تىنمايدۇ.

تۇرسۇن قۇربان

ئاق قۇ بىلەن سۆھبەت

ئۇچۇۋاتقان ئاق قۇغا
قاراپ قالدىم ھەۋەستە.
توختاپ ئۆتسە يېنىمدا
تۇتاي دېدىم گۈلدەستە.

سەپىرىڭىز قاياققا
دېمەم يەنە ھۆرمەتتە

كېپىنەكلەر، قونۇڭلار،
ھەممىمىز غۇنچە.
ئانا ۋەتەن بېغىدا
ياشنايمىز شۇنچە.

يېڭى ناخشا

يېڭى ناخشا ئۆگەندۇق
دوستلار بىلەن بەس ـ بەستە.
ياڭرىتىمىز داۋاملىق
شۇ ناخشىنى ھەۋەستە.

ناخشىمىزدا كۈيلىنەر
يېشىل ئانا تەبىئەت.
ناخشىمىزدەك سۆيىمىز
گۈزەللىكنى تا ئەبەت.

قايتارما.

يېشىل ئانا ـ تەبىئەت،
سۆيۈملۈكتۇر تائەبەت.

## چۈچۈك مىسرالار

چۈشىمە ئىندى كۆلچەككە،
بولاتتىم مەن سۆھبەتتە.

رەنجىدىڭمۇ يۇرتۇمدىن،
رەنجىدىڭمۇ يا مەندىن،
تۇرۇپ قالساڭ بۇ يەردە
مەمنۇن ئىدىم مەن سەندىن.

تەسىر قىلغاچ بۇ سۆزۈم
ياندى ئاق قۇ ئارقىغا.

يېتىپ كەلدى بىردەمدە
ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا.

مەن ئۆگزىدە، ئۇ كۆكتە
بولدۇق بىر پەس سۆھبەتتە.
دېدى ئاق قۇ: بۇ يەردە
تەبىئەت دەرد - كۈلپەتتە.

دېدى يەنە: «سۇئالىڭ
بەك ئورۇنلۇق - ئورۇنلۇق.
بىراق بۇ يەر ئوزىدىنىز
كۆلسىز،
قۇملۇق،
قۇيۇنلۇق.

يوق بۇ يەردە بۇ كۈندە
مەن ئويلىغان كۆل، دۆستەك.
بۇ تەبىئەت جازاسى،
ھەقلىق جازا،
سەن بىلسەڭ.

شۇڭا دوستۇم، بۇ يەردە
توختىمايمەن مىنۇتمۇ.
بۇ يەردە يوق سۈزۈك سۇ،
مەن يەيدىغان بېلىقمۇ.

بېرىپ شۇنداق جاۋابنى
كەتتى ئاق قۇ يىراققا.
يۈرىكىمنى ئاشۇ دەم
تولدۇرۇپ دەرد - پىراققا.

دېدىم ئاق قۇ سۆزى ھەق،
ئۇ تەبىئەت ساداسى.
بىلدىم شۇنچە قاتتىقكەن
تەبىئەتنىڭ جازاسى.

ماشىنا قىز

كۆرگەزمىدە كۆردۈممەن
بىر ئاجايىپ گۈزەلنى.
سۆزلەشلىرى بەك راۋان،
ئېيتار ناخشا - غەزەلنى.

كىمكى كەلسە ئالدىغا
خۇش كېلىڭ، دەر مۇلايىم.
تونۇشتۇرۇپ ئۆزىنى،
دەيدۇ: ئىسمىم گۈلايىم.

كىم دېسەڭلار، بۇ پەرى
ئۆزگىچە بىر قىز بالا.
كۆرگەزمىگە كىرگەنلەر
جەلپ بولار تېز ئاڭا.

بۇ گۈزەلنى تۇغقاندۇ
قانداق ئايال،
قەيەردە؟
ياشايدىكەن ئانىسى
قايسى يۇرتتا — شەھەردە.

ھەيران بولسام شۇنداق دەپ،
خۇش خۇي بېقىپ شۇ قىزغا.
دېدى شۇئان: تۇغۇلدۇم
ئۆيدە ئەمەس،
زاۋۇتتا.

ئېلېكترون مېڭەم بار،
سۇمبۇل چاچلىق بېشىمدا.
قولۇم چاققان، پۇتۇم تېز،
يوق سەۋەنلىك ئىشىمدا.

تېرەم ئاپئاق مېتالدىن،
تومۇرلىرىم پولات سىم.
ئوزۇقلۇقۇم توك پەقەت،
شۇڭا ئۇستۇن غەيرىتىم.

شۇندا بىلدىم بۇ پەرى
بىر ماشىنا قىز ئىكەن.

ئۆزى تېتىك ھەم چىۋەر،
سۆز - ھەرىكىتى تېز ئىكەن.

تۇغۇلۇپتۇ ئۇ بىزنىڭ
تەڭرىتاغنىڭ قوينىدا.
ئانا يۇرتنىڭ ئۇلۇغۋار
مەرىكىسى — تويىدا.

ھەسەن تىلىۋالدى

## غۇنچىلار ساداسى

### كەچۈرەمسىز، مۇئەللىم

گۆدەكلىكتە مەن سىزنى
نېمىشكىمۇ رەنجىتتىم،
دىل ئۆرتىنەر ئويلىسام
بۇ ئىشلارنى ھەر قېتىم.

بولسىڭىزمۇ سىز شۇنچە
سەممىي - پاك مۇلايىم.
يەتمەيتتىمەن ئۇ چاغدا
قەدرىڭىزگە، مۇئەللىم.

بەكمۇ شوخلۇق قىلاتتىم،
كۆڭلىڭىزنى رەنجىتىپ.
قويغان ئىدىم بەزىدە
سىزنى ھەتتا يىغلىتىپ.

بىراق مەندىن قىلچىلىك
كەتمەيتتىڭىز ئاغرىنىپ.
بىلىم بېرىپ قېشىمدا،
يۈرەتتىڭىز ئاۋلىنىپ.

ئۇ چاغدىكى ئىشنى سىز
كەتسىڭىزمۇ، ئۇنتۇلۇپ.
بىراق قەلبىم ئۆرتىنەر
ھازىر مېنىڭ ئويلۇنۇپ،

مۆكىدىشىسىز ئانامدەك
مېنى ھازىر كۆرسىڭىز.
قىزىرىمەن ئالىمدەك
ئەھۋال سوراپ كۈلسىڭىز.

ئالدىڭىزدا خىجىلمەن
ئۆتكۈزگەچكە سەۋەنلىك.
ئەپۇ قىلىڭ، مۇئەللىم،
كەتتى ئەمدى گىزدەكلىك.

دوست بولاسەن

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار،
دوست بولامسىلەر مەن بىلەن.
يېڭىلارغا چىقسەمەن
قوراللىنىپ پەن بىلەن.

ھەر كىچىسى زوقلىنىپ
كۆك ئاسمانغا قارايمەن.
يۇلتۇزلارنى چاقىرىپ،
ھەۋەس بىلەن سانايمەن.

سىرىڭلارنى يۇلتۇزلار،
بەكمۇ بىلگىم كېلىدۇ.
ياتسام يېقىندا ماڭىمۇ
بىلىم قانات بېرىدۇ.

تاشۇ چاغدا يېتىمەن
كۆتكەن ئارزۇ-تىلەككە.
ئەجرىم بىلەن ئۇرايمەن
كۆكسۇمنى چېچەككە.

سورىمىسام بولامدۇ

مەكتىپىدىن كېلىپلا
ئەركىن ماڭدى ئالدىراپ،
سومكىسىنى تاشلىدى
كۆي ئىچىگە بىر قاراپ.

دېدى ئانا ئۇنىڭغا:
— بالام نەگە بارىسەن؟

تاماق يېمەي ئوينىساڭ
كېسەل بولۇپ قالىسەن.

ئەركىن دېدى ئالىيىپ:
سوراپ نېمە قىلىسەن.
مەن بىر كىچىك بالىدەك
دائىم تەنبىھ بېرىسەن.

— سورىمىسام بولامدۇ،
دېدى ئانا ئەركىنگە،—
بەڭباش بولۇپ كەتمەمسەن،
قويۇپ بەرسەم ئەركىڭگە.

مەكتىپىڭدىن كېلىپلا
ئالدىرايسەن ئويۇنغا.
بىرەر قېتىم كىتابنى
ئېلىپ قويماي قولۇڭغا.

تەمتىرەيسەن ئەتىسى،
مەكتىپىڭگە بارغاندا.
قىزارمامسەن دەرستە
تۆۋەن نومۇر ئالغاندا.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

قادىر ئارسلان



# تۇرمۇش قاينىمىدا

(هېكايە)

1

ئۇ، دەرەخكە يۆلىنىپ قالدى. بۇ، قانداقتۇر بىر ئەدەبىيسىزنىڭ سوقۇلۇپ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ياكى رەھىمسىز مۇشتىنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى خىيالغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان، بىردىنلا تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك قورقۇنچلۇق، رىتىمى بۇزۇلغان يۈرەكنىڭ ئېغىشىدەك ئازابلىق تەسىراتنى پەيدا قىلغۇچى كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈش تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ھالەت ئىدى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇپ، دۈشمەن بولغاندىمۇ ئەڭ ياۋۇز دۈشمەن بولۇپ، ئۇنى دەرەخكە يۆلىنىپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى، ھېلىمۇ ياخشى، ئاشۇ دەرەخ بارىكەن، بولمىسا ئۇ يەرگىلا يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى كېڭەيگەن، قارىچۇقلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى. چىرايى تاتارغان بولۇپ، لەۋلىرىنىڭ تىترىشىدىنلا ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

ئۇ بىردىنلا ئىككى قولىدا كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى، ئۇ ۋارقىرىماقچى، توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا ئېڭىرىماقچى بولغاندەك ئاغزىنى ئاچتى. بىراق ئاۋازى چىقمىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قىمىرلايتتى. تىلىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى رەت قىلغاندەك قېتىپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ھەرىكەتكە كەلدى. ھېلىقى مۇدھىش كۆرۈنۈش غايىب بولغانىدى، كۆزلەر ئەنسىزلىك بىلەن ئۇياق - بۇياققا قارىدى. كىرپىكلەر

ئەجەبلەنگەندەك تېز - تېز لىپىلداپ كەتتى. كۆزلەر ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشلىتىپمۇ، غايىب بولغان بايىقى كۆرۈنۈشنى، ئىگىسىنى ھالىدىن كەتكۈزۈپ چەكسىز ئازابقا سېلىپ قويغان ئاشۇ كۆرۈنۈشنى زادىلا تاپالمىدى.

ئەمدى ئۇنىڭ باياتىن قاتتىق تورمۇزلانغان چوڭ مېڭىسى ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ دېگەن سوئال پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا تۈرلۈك - تۈمەن خىياللار ئۇنى سەلدەك بېسىپ كەلدى: «مەن نېمىنى كۆردۈم - ھە، كۆزلىرىم مېنى ئالداپ قويدىمۇ - يە؟ بۇ، كىشىلەرنىڭ بەختىنى كۆرەلمەيدىغان نىجىس شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىمۇ قانداق؟ مېنىڭ نېرۋامدا چاتاق چىقتىمۇ - يا؟ ياق، ئاھ خۇدا، بۈگۈن ماڭا كەلگەن قانداق كەلگۈلۈك بۇ؟! قايسىدۇر بىر كىتابلاردا ئوقۇغان، كىشىلەرنىڭدۇر ئاغزىدىن ئاڭلىغان دەھشەتلىك ئىش مانا مەن سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كەلدىم، قانداق قىلالايسەن دېگەندەك قىلىپ، ماڭا ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتامدىغاندۇ؟ ياق، ياق، خۇدايىم ساقلىسۇن، بايا مەن چۈش كۆردۈم، بۇ ھەرگىز ئوڭۇم ئەمەس... لېكىن، مەن ئويغاق تۇرسام، بەلكى يولدا، كىشىلەر ئارىسىدا كېتىۋاتقان تۇرسام، قانداقلارچە چۈش كۆرۈشۈم مۇمكىن؟ ئوڭۇممۇ؟ ياق! چۈشۈممۇ؟ ياق!...»

چېكىش خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋەتتى، ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولۇۋاتقان، بىر - بىرىنى رەت قىلىۋاتقان سوئال-جاۋابلار ئۇنىڭ كاللىسىغا سىغماي قېپىلىۋاتقاندەك، ھېلى بۇ بىچارە كاللىنى پاچاق-پاچاق قىلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، قۇلاقلىرى ۋاڭىلداپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىككى قولىغا يىغىپ، بېشىنى چىڭ چاڭگاللىۋالدى. بۇ، ئۇنىڭغا بىرئاز ئارام بەرگەندەك بولدى - يۇ، ئازابىنى يەنىلا يەڭگىللىتەلمىدى.

بالام! مېنىڭ شېرىنگۈلۈم! تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ نىدا ئۇنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈردى، ئۇنىڭ ماغدۇرسىزلانغان بەدىنىگە كۈچ بەردى. باياتىن توختاپ قالغاندەك سېزىلگەن يۈرىكى قايتا دۈپۈلدەپ، تومۇر-تومۇرلىرىغا قان ماڭدۇردى.

شېرىنگۈل ئۆيدە بولسىلا، دادىسىمۇ ئۆيدە بولىدۇ. بايا كۆرگىنىم ئۇ ئەمەس. بۇ خىيال ئۇنى ئۈمىدلەندۈردى، ئۆيگە تېزرەك بېرىشقا ئالدىراتتى. ئۇ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

چىرايلىق كىيىنگەن زىلۋا، گۈزەل بىر چوكاننىڭ قولىدىكى سومكىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە چوڭ يولدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن يولۇچىلار ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قالدى. يول بويىدىكى تۆمۈر رېشاتكىغا قونداقتىكى توخۇلاردەك قونۇۋېلىشقان بىر نەچچە بىكار تەلەپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئىسقىرتىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشتى. لېكىن ئۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى سەزمەيتتى، ئاڭلىمايتتى. ئۇ ھويلا دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇچرىغان قوشنىسىنىڭ قىزغىن سالىمىغا ھاسىراش ۋە باش لىڭشىتىش بىلەنلا جاۋاب بەردى - دە، ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى بىناغا ئېتىلدى. بىنا ئىشىكى شىددەت بىلەن ئېچىلدى ۋە ئۇنىڭ قوپاللىقىدىن رەنجىگەندەك قاتتىق غىچىلداپ يېپىلدى. پەلەمپەيلەردىن ئاڭلانغان قاتتىق ئاياغ تىۋىشى بىناغا ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلدى. ئۇ ئاخىرى 4 - قەۋەتكە چىقتى، چىقتى - يۇ، پەلەمپەي رېشاتكىسىغا يۆلەنگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. بۇدۇر چاچلىق قورچاقنى قۇچاقلىـ

غان بەش ياشلىق قىزى شېرىنگۈل ئىشىككە يۆلەنگىنىچە تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. كارىدوردىكى چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭ يۈزىدىكى ياش يوقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خۇددى چوڭ كىشىلەردەك يەرگە كۆز تىككىنىچە خىيالغا پاتقان شېرىنگۈل ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، ئاپىسىنى كۆرۈپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى ۋە قورچىقىنى تاشلىۋېتىپ، غولچىنى يايغىنىچە ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

— ئاپا!...

— بالام، جېنىم بالام!...

ئۇ بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، باش-كۆزلىرىنى سىيلىدى.

ئۇدۇل ئىشىك ئېچىلىپ قوشنا ئايال چىقتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، مەرسگۈل، نەگە كېتىۋىدىڭىز؟ سائەت ئالتە ئەتراپىدا شېرىنگۈلنى تەربىيىچىسى ئېلىپ كەپتىكەن، بالىنى ئالغىلى يا دادىسى، يا ئانىسى كەلمەيدى، ئۆزۈم ئېلىپ كەلدىم، دەپ ماڭا تاپشۇرۇپ كەتتى. ئىشىكلىرىڭنى ئۇرساق ھېچ سادا يوق. شېرىنگۈلنى بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ ئويناپ تۇرۇڭ دېسەم، ئۇنىمىدىغان... ئىشىكلىرىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇۋېلىپ يىغلاپ، زادىلا قوپقىلى ئۇنىمىدى. تۇۋا، تۇۋا، مۇنداقمۇ بىپەرۋا بولامسىلەر. مۇراتچۇ، ئۇ نەگە كېتىۋىدى؟

بوينىنى قىسىپ بىچارىلەرچە ئولتۇرغان شېرىنگۈلنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلغان، ئۇنى باغرىغا بېسىپ باينىقى كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈشنى ئۇنتۇغان مەرسگۈل قوشنىسىنىڭ سۆزى بىلەن يەنە مۇراتنى ئېسىگە كەلتۈردى. مۇرات ئۆيگە كەلمەپتۇ - دە، دېمەك، باينىقى كۆرگىنىم... بۇ خىيال ئۇنىڭ يۈرىكىنى باشقىدىن سىقىرىتىپ، بېشى قايغاندەك بولدى. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە شېرىنگۈلنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى. ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغان قوشنا ئايالغا:

— سىزنى ئاۋارە قىپتىمەن، رەھمەت، — دېگەن سۆزنى ئارانلا ئېيتالىدى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئاپا، چىراغنى يېقىۋېتەيلىچۇ، ئۆي قاپقاراڭغۇ، مەن سىزنى كۆرەلمەيۋاتىمەن، مەن ياقالايمەن، مەن يېقىۋېتەي - ھە، ئاپا، — شېرىنگۈل چۇڭگۇلداپ سۆزلىگىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ، چىراغنىڭ يىپىنى تارتىۋەتتى.

پاللىدە يانغان چىراغ ئۆي ئىچىنى يوپيورۇق قىلىۋەتتى. مەرسگۈل گويا بۇنى سەزمىگەندەك بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش سۈپسۈزۈك مەڭزىنى يۇماقتا ئىدى. ئىككى قولى ئۇنىڭ سەل ئۇچلۇق ئېڭىكىنى تىرەپ تۇرمىسا، بېشىنى ھېلىلا يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

— ئاپا، سەن يىغلىدىڭمۇ؟ — شېرىنگۈل يىغلامسىرىغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە يۇمران قوللىرى بىلەن مەرسگۈلنىڭ يۈزىنى سۈرتۈشكە باشلىدى، — نېمىشقا يىغلايسەن؟ سەن ماڭا يىغلىما بالا ئەسكى بالا دېگەنتىڭغۇ. يىغلىمىغىنا، بولمىسا ئەسكى ئاپا بولۇپ قالىسەن. قارىغىنا، مەن يىغلىمىدىم، بايمۇ يىغلىمىدىم.

مەرسگۈل قىزىنىڭ گەپلىرىدىن ئېسىنى يىغقاندەك بولۇپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ، قاپقارا بۈدۈر چاچلىرىغا يۈزىنى ياقتى.

يېشىنى توختىتالمىدى، ئۇنىڭ يېشى شېرىنـ
گۈلنىڭ چېچىنى ھۆللەشـكە باشلىدى.
بايا كۆرگـىنىم راست ئىكەن، ــ دەپ
ئويلىدى ئۇ يۈرىكى سىقىلغان ھـالـدا، ــ
خاتا كـۆرمەپتىمەن. بايىقى بىر - بىرىـگە
چاپلاشقىنىچە كېتىشىۋاتقان ئاشۇ بىر جـۈپ
ئەر - ئايالنىڭ بىرى مۇرات. ۋاي خـۇدايىـ
مەي، بۇ نېمە ئىش؟ بۇ بىر بەخـتسىزلىكـ
نىڭ باشلىنىشىمۇ ياكى ئاللىقاچاندىن بېرى
يۈز بەرگەن بەخـتسىزلىكنىڭ ماڭا ئەمـدى
كـۆرۈنۈشىمۇ؟ توۋا، مـېنىڭ بىلەن ئالـتە
يىلدىن بۇيان ئىناق، مۇھەببەتـلىك ئائىلە
تۇتۇپ كەلگەن مۇرات شۇنداق ئادەم بولسا
ھە؟ مەن چۈشتە ئۇنىڭغا، كەچتە چوڭ ئۆيـ
گە بېرىپ كېلىمەن، شېرىنگۈلنى باغـچىدىن
سىز ئېلىپ كېتىڭ، دېگەنىدىم، ئۇ قوللىرىـ
دىن قاس چىقىرىپ: چاتاق يـوق بېرىۋەرـ
گىن، قونۇپ قالساڭمۇ مەيـلى، بالىدىن ئۆـ
زۈم خەۋەر ئالىمەن، دېـگەنىدى. تـوۋا، ما
ئىشنى كۆرۈڭ. ھېلىمۇ ياخشى كەچ بولسـ
ـمۇ قايـتىپ كەپـتىمەن، بولـمىسا بـىچارە
بالام... ئۇ قىزىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى.

2

شېرىنگۈل ئۇخلاپ قالدى. مەرىگـۈل
ئۇنىڭ يوتقىنىنى ئوبدان چۈمكەپ قويۇپ،
ماغـدۇرسىز پۇتلىرىـنى ئەستە يـۆتكەپ
بـالـكونغا چىقتى. كـۆكتىكى يـۇلتـۇزلار
بىلەن كوچىدىكى چىراغلار ياز كېچىسىنى
ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى.
ئىلگىرى مەرىگۈل مۇرات بىلەن بالكونـدا
بىر - بىرىگە يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ، بۇ گۈزەلـ
لىكنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كـۆرەتـتى.
ئۇ كۆككە قارىدى، ئىلگىرى ئۇنىڭ بەختـ
دىن خۇشال بولۇپ كۈلۈشۈۋاتقاندەك كۆـ
رۈنىدىغان يۇلتۇزلار بۇ كېچە ئۇنىڭغا نۇر
ئەمەس، ياش تـۆكۈۋاتقاندەك كـۆرۈندى.
ئۇنىڭ كۆزلىرى چارچاپ ياش تـۆكۈشتىن
توختىغان بولسىمـۇ، ھەسرەتكە تولغان
دەردلىك قەلبى يىغلاشتىن تـوختىمايۋاـ
تاتتى. ئازابلىق خىيـالـلارنىڭ تەسىرىدىن
ئۇنىڭ تېنى شۈركىنەتتى. بالـكونىدىن قاـ
رىغاندا، ھويلا دەرۋازىسى ئېنىق كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. مەرىگۈلنىڭ كۆزلىرى دەرۋازىغـا،
مۇرات كىرىدىغان ئاشۇ دەرۋازىغـا تىكىلـ
گەنىدى. ۋاقىت ئۆتـمەكتە، بىراق ئۇنىڭ
كۆزلىرى ئۆزىگە تـونۇشلـۇق بولغان گەۋـ
دىنى تېخىچە كۆرەلمەيۋاتاتتى.
مەرىـگـۈل ئـۆيـدىكى تام سائىتىگـە
نەچچـە - نەچچـە قېتىم قاراپ بولـدى.
سائەتنىڭ توختىماي چىكىلداۋاتقان ئاۋازى
ئېنىق ئاڭلىنىپ تـۇراتتى. بىراق مىنـۇت
ستىرېلكىسى زادىلا ئالغا سۈرۈلمەيۋاتـ
قانـدەك، بىر ئىزدا تـوختاپ قالغانـدەك
بىلىنـەتتى. ئەمـما سائەت ستىرېلكىسى
توققۇزنى، ئوننى، ئون بىرنى كـۆرسەتتى.
ئۇنىڭ بۇ ئىشى قاچاندىن باشلانغان
بولـغىيدى؟ مەرىـگـۈل خېلى ئۇزۇنغىچە
ھېچ نەرسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى.
ئۇنىڭغا مۇرات ئۆزگەرمىگەندەك، ئىلگىرـ
كىدەكلا ئۆزىگە ئامراقلىق قىلىپ كېلىۋاتـ
قاندەك، ئىلگىرىكىدەكلا كۆيۈنۈپ كېلىۋاتـ
قاندەك تۇيۇلدى. ياق، ياق، بايىقى كىشى
ئۇ ئەمەس، ھەرگىز ئۇ ئەمەس، مۇرات
ئۇنداقلاردىن ئەمەس، ئېھتىمال مەن خاتا
كۆرۈپ قالغاندىمەن. شېرىنگۈلنى باغچىـ

دىن ئېلىپ كەلمەسلىكىدە، ئۇنىڭ بۇ چاغقىچە كېلەلمەسلىكىدە باشقا سەۋەب بار. ھەقاچان ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە بولۇپ قالغاندۇ. ئەركىشى دېگەن ئاغىنىلىرى بىلەن تېپىشتىمۇ، بولدى، كەچ قالغىنى قالغان. ئۇ ھېلى كېلىدۇ، ئۆيگە كىرىپلا مەندىن ئەپۇ سورايدۇ، خاپا بولما، تاتلىق خوتۇن، ئاغىنىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ قالدىم، پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۇقماي قاپتۇق. بولدى، بولدى، خاپا بولمىغىنا، ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويغىنا، دەيدۇ. مەنمۇ بىردەم قېيداپ باقىمەن، ئاندىن، ئاندىن يەنە ...

مەرىگۈل ئۆزىنىڭ ئويلىرىدىن لەززەتلىنىپ كۈلۈپ قويدى. ئارقىدىنلا: ئەگەر بايا كۆرگەنلىرىم راست بولسىچۇ! دېگەن مۇدھىش خىيال ئۇنى يەنە ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

— ياق، مەن باياخاتا كۆرگىنىم يوق! — مەرىگۈل ئىختىيارسىز توۋلىنىپ كەتتى، — دەل ئۆزى شۇ. ئۇنى مەن مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بولسىمۇ دەرھال تونۇۋالايمەن، ئاھ خۇدا، مېنىڭ بەختىمگە كىمنىڭ كۆزى تەگكەندۇ، ماڭا كەلگەن قانداق كەلگۈلۈك بۇ!

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزلىرى دەرۋازىغا چۈشتى. دەرۋازىدىن مەرىگۈل ئۈچۈن تونۇش گەۋدە — بايىدىن بېرى ئۇنىڭ پىكىر - خىيالىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئادەم سەل ئېغاڭلىغان ھالدا ئاستا كىرىپ كېلىۋاتاتتى. نەچچە سائەتتىن بېرى ئۇ مۇراتنىڭ تېزرەك كېلىشىنى، ئۆزىنىڭ كۆرگىنىنى، گۇمانىنى ئىنكار قىلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانىدى، بىراق مۇراتنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانداقتۇر بىرخىل قورقۇنچ قاپلىۋالدى. مۇراتنىڭ «ھەئە، شۇمەن» دېگەن بىرلا ئېغىز سۆزى بىلەن نەچچە يىللىق مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى بەربات بولۇپ كېتىدىغاندەك، مۇراتنىڭ بىرلا باش لىڭشىتىشى بىلەن جېنى غىمقىمدە چىقىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ، يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنى يوشۇرۇشقا جاي ئىزدىگەندەك ئالاقزادىلىك بىلەن ئۇياق - بۇياققا قارىدى، ئۇ مۇراتنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىكنى تىلىدى. لېكىن شۇ تاپتا ئۇنى ئۆز پاناھىغا ئالىدىغان ھېچقانداق جاي يوق ئىدى. پەستىن بىنا ئىشىكىنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز مەرىگۈلگە پەستىن ئەمەس، بەلكى كۆكرەك قەپىسىدىن چىققاندەك بىلىنىپ كەتتى. تاق - تاق - تاق! پەلەمپەيدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى گويا مۇرات پەلەمپەيگە ئەمەس، ئۇنىڭ يۈرىكىگە دەسسەپ چىقىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئاخىرى ئىشىك ئالدىدا بوشقىنە ھاسىراش ئاڭلاندى، ئاندىن قۇلۇپ شىرىقلاپ ئېچىلدى. مېھمانخانا ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدا — دالاندا تۇرۇپ چاپىنىنى سېلىۋاتقان مۇرات ئۇنىڭ ئۈن - تىنسىز تىكىلىپ قارىشىدىن كۆزىنى قاچۇرغاندەك كۆرۈندى.

— تېخى ئۇخلىمىدىڭما؟

ئۇنىڭ بۇ سوئالى مەرىگۈلگە تولىمۇ قوپال ئاڭلاندى. مەرىگۈل مۇراتتىن بۇ سوئالنى كۈتمىگەنىدى. ئۇ كېيىنى خاپا بولما، دېگەندىن باشلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنداق قىلمىدى. ئۇنىڭ سوئالىدا مەنسىتمەسلىكمۇ، پىسەنت قىلماسلىقمۇ، سوغۇقلۇقمۇ بار ئىدى. مۇزدەك بىر ئېقىم مەرىگۈلنىڭ مېڭىسىدىن كىرىپ، تاپىنىدىن

چىقىپ كەتتى، تىنجىق ياز ئاخشىمى بولـ
غىنىغا قارىماي ئۇنىڭ ۋۇجۇدى توڭلىغانـ
دەك ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

سوئالىنىڭ جاۋابسىز قالغانلىقىدىن
ئەجەبلەنگەن مۇرات مېھمانخانىغا كىرىپ،
بالكوننىڭ ئىشىكىگە يۆلەندى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ئۇ ئاۋا-
زىنى سەل يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەرىگۈل
ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن بىر خىل ئەندىشە - ھو-
دۇقۇشنى، ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر
مەخپىيەتلىك پەيدا قىلغان خاتىرجەمسىز-
لىكنى سېزىۋالدى.

مەرىگۈل نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ
ئاغزىنى ئۆمەللىدى-يۇ، ئاۋازىنى چىقىرالمىدى.
ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش
قۇيۇلدى.

— ھوي، ئادەمنى قىينىماسىڭچۇ، —
مۇرات ھودۇققان ھالدا سۆزلىدى، — شېرىن
گۈلنى باغچىدىن ئەكىلىۋالماپسەن دەپ
رەنجىۋاتامسەن، ھەي، مېنىڭ ئېسىم قۇ-
رۇسۇن، ئاغىنىلەر بىلەن قىزىق پاراڭغا
چۈشۈپ قاپتىكەنمىز، ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن
ئەمەسمۇ، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىغاندۇ؟

مۇرات مەرىگۈلنىڭ گەپ - سۆز قىلـ
ماي ئۈنسىز ياش تۆكۈپ تۇرغىنىنى كۆ-
رۈپ بالكونغا چىقتى:

— بولدى، خاپا بولما، يېرىم كېچە-
دىن ئېشىپ كەتتى، ئەتە يەنە ئىشلەيدىـ
غان گەپ، تېزرەك ئۇخلا، — مۇرات مەرى-
گۈلگە قول ئۇزاتتى، شۇ پەيتتە مەرىگۈل
ئۆزىنى مۇراتنىڭ باغرىغا ئېتىپ، كۆكسىگە
بېشىنى قويۇپ قانغىچە يىغلىغۇسى بار
ئىدى، لېكىن مۇراتنىڭ بەدىنىدىن كېلى-
ۋاتقان ئۆتكۈر ئەتىر پۇرىقى ئۇنىڭ مىنۇت
ئالدىدىكى ھېسسىياتىنى بىتچىت قىلـ
ۋەتتى. ئۇ ئەسەبىيلەرچە تېز ھەرىكەت
بىلەن ئۆزىنى مۇراتتىن قاچۇردى ۋە ئې-
تىلغان پېتى مېھمانخانىدىن چىقىپ ياتاق
ئۆيىدە غەمسىز ئۇخلاۋاتقان شېرىنگۈلنىڭ
قېشىغا ئۆزىنى ئاتتى. مۇرات ئۆيگە كىرىپ
يەنە گەپ سورىسىلا ئۇ پاڭىدە يېرىلىپ
كېتىدىغاندەك، كۆڭلىدىكى ھەممىنى تۆكۈ-
ۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر
ئۇ ئاشۇ يېرىلىشتىن، ئاشۇ تۆكۈۋېتىشتىن
قورقۇنچ ھېس قىلاتتى. گەرچە ئۇ بۈگۈن
ئاخشام ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ كۆڭۈلسىز،
ئەڭ مۇدھىش كۆرۈنۈشنى كۆرگەن، ئاخىرىدا
شۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بول-
سىمۇ، مۇراتنىڭ ھەر قانچە چۈشەندۈ-
رۈشلىرى، باغرىنى يېرىپ بېرىشكە ئۇرۇ-
نۇشلىرى، دەم رەنجىپ، دەم يالۋۇرۇپ
سۆزلەشلىرى ئۆزىنى ئىشەندۈرەلىشى مۇمكىن
ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسىمۇ،
ئۇ يەنىلا مۇراتنىڭ ئۆيگە كىرىشىنى، ئۇنى
ئۆزىنىڭ ۋاپادار ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈ-
رۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن مۇرات
كىرمىدى، نېرىقى ئۆيدە ئۇنىڭ بىرنېمە-
لەر دەپ غۇدۇڭشىغىنى ۋە نېمىلەرنىدۇر
تاراقلىتىشلىرى بىردەم ئاڭلىنىپ، كېيىن
جىمىپ قالدى.

مەرىگۈل قاتتىق خورلۇق ھېس قىلـ
دى، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ كېلىۋاتقان
ئاچچىق يىغا گېلىنى بوغدى، ئۇ، يوتقانغا
پۈركىنىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى.

يېقىندىن بويان ئۇنىڭ نېرىقى ئۆيدە
يالغۇز ياتىدىغان بولۇپ قالغانلىقى بىكار
ئەمەسكەن - دە؟ مەن تېخى ئۇنىڭ ئىشى
ئېغىر، ئايرىم ياتقىنى، ئارامخۇدا ئۇخلى-
ۋالغىنىمۇ تۈزۈك دەپ يۈرۈپتىمەن.
ئەسلىدە ئۇ ماڭا كۆڭۈلسىز بولغانىكەن-

دەل تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئوي بىلەن باياتىن ھەرقانچە ئويلاپمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىگەن ئۆزگىرىشلەر — مۇراتنىڭ يېقىندىن بۇيان ئۆزىگە سالقىن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئەركىلەشلىرىگە زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ قويىدىغان ياكى خۇش ياقمىغاندەك جاۋاب قايتۇرىدىغان بولۇپ قالغانلىقى، شېرىنگۈلنىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئەركىلەتمەيدىغانلىقى، ھەتتا بەزىدە سىلكىۋېتىدىغانلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى.

مەن نېمىشقا بۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا سەزمىگەندىمەن، سەزسەممۇ نېمە ئۈچۈن دەپ سوئال قويۇپ ئويلاپ باقمىغاندىمەن؟! مەرىڭگۈل مۇرات بىلەن بىللە كېتىۋاتقان ھېلىقى ئايالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكچى بولدى. بىراق ئۇ ھېلىقى كۆرۈنۈشنى كۆرگەندە، مۇراتنى كۆرۈپلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۇ ئايالغا دىققەت قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ۋاقىت بولغاچقا، نېرىدىن بىرسىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈشمۇ تەس ئىدى.

مەرىڭگۈل مۇراتنىڭ ئىلگىرى دائىم دەيدىغان «سەن مەن ئۈچۈن جاھاندىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىدىن چىرايلىق» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى. مەرىڭگۈل ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، لېكىن جاھاندا ئۆزىدىنمۇ چىرايلىق ئاياللارنىڭ بارلىقىنى بىلسىمۇ، مۇراتنىڭ ئاشۇ سۆزىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىدا ھاياجانلىناتتى، ئۆز چىرايىدىن، چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن كىشىگە يارىغان چىرايىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇ ئەمدى چۈشەندىكى، مۇراتقا ئۆزىدىنمۇ چىرايلىق بىر ئايال ئۇچراپتۇ. مەرىڭگۈل ئۇ ئايالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكچى، ئۆزى كۆرگەن ئەڭ چىرايلىق ئاياللاردىن بىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكچى بولدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تولىمۇ بەتبەشىرە، كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرغان بىر دەھشەتلىك مەخلۇق پەيدا بولدى. شۇنداق، ئۇ خۇددى ئالۋاستىغا ئوخشايدۇ، ياق، ئالۋاستىنىڭ دەل ئۆزى. پەقەت ئالۋاستىلا كىشىلەرنىڭ بەختىنى كۆرەلمەيدۇ. ئېپىنى تاپسىلا كىشىلەرنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلىدۇ. توغرا، مۇراتنى ئالۋاستى ئازدۇرۇپتۇ.

مەرىڭگۈل ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا مۇراتقا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىغا چىقماقچى، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالماقچى بولدى. لېكىن ئۇ يەنە توختاپ قالدى. مۇراتقا بۇ سۆزلەرنى قانداق دەيدۇ؟ مۇرات بۇنى تەن ئالامدۇ - يوق؟

مەرىڭگۈل يەنە بوشاشقان ھالدا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتى ۋە كۆزلىرىنى قاراڭغۇ ئۆينىڭ تورۇسىغا تىككىنىچە قېتىپ قالدى.

3

مەرىڭگۈل ئۈچۈن ھاياتىدا ئەڭ قورقۇنچلۇق بولۇپ تۇيۇلغان ئاشۇ كۈندىن كېيىن، ئۇ قاتتىق ئەنسىزچىلىكتە قالدى. گاڭگىراش، پەرىشانلىق، يىرگىنىش، غەزەپلىنىش، ئەندىشە، خورلۇق ھېسسىياتلىرى ئۇنى تىنماي ئازابلاۋاتاتتى. ئۇ كوچىدا

كېتىۋاتقاندا گويا كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، ئەرگە يارىمىغان خوتۇن، دەپ پىچىرلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ خۇددى كوچىغا قىپيالىڭاچ چىقىپ قالغاندەك ئۆزىدىن نومۇس قىلاتتى. تونۇش - بىلىشلىرى، خىزمەتداشلىرى، قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ قىزغىن سالاملىشىشلىرىدىنمۇ خۇدۇكسىنىپ، كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇ كۈندىن - كۈنگە تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قىزىللىق كەتمەيدىغان بولدى، ئۇنىڭ زىلۋا بەدىنى كىچىكلەپ، قورۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك، چىرايىمۇ سولىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. پەقەت شېرىنگۈلنى ئەركىلەتكەن چاغلىرىدا ئانچە - مۇنچە كۈلىدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىلگىرىكى خۇش خۇي، كۈلگۈنچەك بۇ چوكان ئۇچۇن ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرۈش دېگەنلەر يات نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىدى. بۇ پات - پات ئۆزىدىن، ماڭا نېمە بولدى؟ دەپ سوراپ قوياتتى. لېكىن بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. ھېلىقى كېچىدە مۇراتتىن پۇرىغان ئۆتكۈر ئەتىر پۇرىقى ئۇنى ھېلىقى مۇدھىش كۆرۈنۈشنىڭ راستلىقىغا ئىشەندۇرگەن بولسىمۇ، ئۇ نېمىشقىدۇر بۇنىڭ يالغان بولۇشىنى خالايتتى. ئۇ مۇراتنىڭ ئۆزىدىن، نېمە بولدۇڭ؟ دەپ سورىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. مۇراتنىڭ، ئۇ مەن ئەمەس، دەپ جاۋاب بېرىشىنى تىلەيتتى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بۇ جاۋابىغا ھەرگىز ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

مۇرات ئەتىسى مەرىگۈلدىن «نېمە بولدۇڭ» دەپ سورىمىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ سورىمىدى، ھەتتا سوئال نەزەرى بىلەنمۇ قاراپ قويمىدى. بۇ گويا بۇ ئۆيدە مەرىگۈلنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، بۇ ئۆيدە يات بىر كىشىدەك يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۆيدە بولىدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۆيگە كەلسىمۇ قاپىقىنى ئاچمايتتى. پۇرسەت بولسىلا ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. بۇ ئىشلار مەرىگۈلنى تېخىمۇ خورلىماقتا ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا نېمە كۆرۈنۈپ قالغاندىمەن؟ — دەپ ئويلايتتى مەرىگۈل پۇچۇلىنىپ، — قىلىقلىرىنى قىلىپ قويۇپ، يەنە مەندىن بەكرەك خاپا بولۇپ يۈرگىنىنى قاراڭ. تووۋا، مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدىن ئايرىلمىز قۇشقاچنىڭ چاڭگىسىدەك چۇۋۇلۇپ كېتەرمۇ؟

ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ قالاتتى. ئۇلار شېرىن مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكەن، بىر - بىرىگە ئۆمۈرلۈك ۋەدە - قەسەملەرنى بېرىشىپ تەقدىرىنى قوشقان، مۇھەببەتلىك ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ مېۋىسى بولغان شېرىنگۈلنى ئاتلىق، ئانىلىق مېھرى بىلەن ياخشى كۆرۈپ كەلگەنىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قايسى شۇم نىيەت ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تېرىق چېچىۋەتتى؟

مەرىگۈل بۇ ئىش توغرىسىدا بىرەر يەرگە بېرىپ ئەرز قىلىشنىمۇ، دوستلىرىغا دەردىنى ئېيتىپ، ئىچىنى بوشىتىشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىدى. مۇرات بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىشنى نەچچە - نەچچە رەت خىيالىغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ئۇنىداق قىلالمىدى. ٤ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ھەم يىرگىنىشلىك بولغان بۇ ئىش ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا رايى بارمىدى: گويا بۇنداق قىلسا، ياخشى كۆرۈپ تەگكەن، ئۆزىنىمۇ نەچچە يىلدىن بېرى قەدىرلەپ كەلگەن

ئېرىنىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويىدىغانىدەك
بىلىنەتتى. تۇرۇپلا ئۇ، ئۇ مېنى ئايىمى-
غانىكەن، مەن نېمىشقا ئاياپدىكەنمەن؟
دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى، ئارقىدىنلا يەنە بۇ
ئويىدىن ياناتتى. ئۇ ئويلايتتى، ئازابلى-
ناتتى، ئاھ ئۇراتتى.

ئۇ زادى كىم؟ رەڭگى-رويى قانداقراق
ئايال؟ ئۇ نېمىشقا مۇراتنى مەندىن تارتى-
ۋالماقچى بولىدۇ؟

ئۇ كېچە-كۈندۈز ئۆزىنى ئازابلاپ
ئارامىنى بۇزۇۋاتقان بۇ خىيالنىڭ ۋەسۋە-
سىسى بىلەن ئاخىرى مۇراتنىڭ كەينىگە چۈش-
تى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم كەچتە شېرىنگۈلنى
ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، كوچىلار-
نى ئايلاندى، كىنوخانىلارنىڭ، كوفېيخانىلار
نىڭ ئالدىدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆتكەن
كەچكەنلەر ئارىسىدىن مۇراتنى، توغرىراقى
ئۇنىڭ ئېشىغا توپا چاچقان ھېلىقى ئايالنى
ئىزدىدى. ئاخىرى بۇ پەيت كەلدى. بىر
كۈنى كەچتە ئۇلار خۇددى ئەر-خوتۇن-
لاردەك بىر-بىرىنى قولتۇقلىشىپ مەرىگۈل-
نىڭ ئالدىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. مەرىگۈل
ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى
ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك، ئاۋازىنىمۇ
چىقىرالماي ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار
بولسا ئۆز پاراڭلىرى بىلەن ھېچنېمىدىن بى-
خەۋەر كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا مەرىگۈلنىڭ
يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ،
ئىككىسىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگۈسى، تىللاپ
رەسۋا قىلغۇسى كەلدى. لېكىن بۇنداق
قىلالمىدى. ئۇ گويا ماشىنا ئادەمدەك،
ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلارغا ئەگەشتى.

ئىككىيلەن كىچىككىنە بىر ھويلىنىڭ
ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. مەرىگۈل ئۆ-
زىنى يول بويىدىكى دەرەخنىڭ دالدىسىغا
ئالدى. ھايال ئۆتمەي ئىككىيلەن ھويلىغا
كىرىپ كەتتى. مەرىگۈل دەرەخ دالدىسىدىن
چىقىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى ۋە ئىشىك
قىسىلچىقىدىن ھويلىغا قارىدى. ھويلىغا
قارىغان دېرىزىنىڭ ۋاللىدە يورۇپ كېتىشى
ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۆيدە نېپىزغىنە دې-
رىزە پەردىسىنىڭ ئالدىدا ئىككىسىنىڭ
قۇچاقلاشقىنى، يۈزلىرىنىڭ بىر-بىرىگە تې-
گىشكىنى كۆرۈندى.

4

بەزى-بەزىدە پەيدا بولۇپ قالىدى-
غان، ئۇنداق ئەمەسمىدۇ-يا، دېگەن ئارى-
سالدا خىيالغا ئەمدى ئورۇن قالمىغانىدى.
ئۇ كۆردى، رەھىمسىز رېئاللىقنى ئۆز كۆ-
زى بىلەن كۆردى. يەنە ئۆز-ئۆزىنى ئال-
داشنىڭ، ئۆز-ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ
كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشنىڭ ئورنى قالدىمۇ؟

مەرىگۈل ئۈمىدسىزلىك قوقىسىدا
پۇچۇلاندى، ھەسرەت تىكەنلىكىدە تول-
غاندى، ئۇنىڭ غۇرۇرى ھاقارەتلەنگەنىدى.
ئەگەر مۇرات قانداقتۇر بىر باھانە-سەۋەب
بىلەن ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بولسى-
مۇ، ئۇنىڭغا بۇنچە ئېغىر كەلمىگەن بو-
لاتتى. لېكىن مۇراتنىڭ ئۇنى ئۆز ئۆلكىدە
تۇتۇپ تۇرۇپ، باشقا بىرسىگە كۆڭۈل
بەرگەنلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق خورلۇق
ئىدى. ئۇ ئۆزىنى جاھاندىكى كىشىلەر ئى-
چىدە ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان-
دەك تولىمۇ بىچارە ھېس قىلدى. ئۇنى بۇ
ئورۇنغا باشقا بىر كىشى ئەمەس، دەل

چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ كەلگەن، ئۇنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك دەپ ھېس قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان كىشىسى چۈشۈرۈپ قويدى. ئاشۇ كىشى ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرغانىدى، ئەمدىلىكتە يەنە شۇ كىشى ئۇنىڭغا ھاياتنى ئەڭ بەتبەشىرە، ئەڭ كۆڭۈلسىز بىر نەرسە قىلىپ كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ قانداق ئىش؟ تۇرمۇش دېگەن شۇمىدۇ؟

مەرىگۈلنىڭ كاللىسىغا تۇرلۇك دەھشەتلىك خىياللار كىرىۋېلىپ، خۇددى ھەرىلەردەك غوڭۇلداپ ئارام بەرمەيدىغان بولدى. «ئەمدى ياشاشنىڭ نېمە لەززىتى؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — مەن ئەمدى يەنە نېمىگە تارتىشىپ ياشاۋاتىمەن؟ ئۇنىڭ ھېلىقى ئايال بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈنمۇ؟ ئۆيدىكى كۆڭۈلسىز چىراينى كۆرۈش ئۈچۈنمۇ-يا؟ ياق، بىراق ماڭا بولاردىن باشقا يەنە نېمە قالدى؟ مۇراتنىڭ مېنى كۆرەر كۆزى يوق، ئىش شۇ دەرىجىگە يەتكەندە مېنىڭ يەنە ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ يۈرۈشۈم نەقەدەر قاملاشمىغان ئىش-ھە! بولدى، مەن كېتەي، بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈككە كېتەي!» ئۇ ئاخىر شۇ قارارغا كەلدى. لېكىن بۇ قارارى ئەمەلگە ئاشمىدى.

ئاخشام شېرىنگۈل ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ھازاغىچە قاراپ تۇردى. مەرىگۈل ئۆز خىيالى بىلەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. بىر چاغدا شېرىنگۈل ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ:

— ئاپا، نېمە بولدۇڭ؟ مەن بىلەن كەپ قىلىشمايسەنغۇ؟ مەن سېنى خاپا قىلىپ قويدۇممۇ-يە؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، بالام، — دېدى مەرىگۈل كۆزىدىن تۆكۈلۈشكە ئازان تۇرغان ياشلىرىنى توختىتىۋېلىشقا تىرىشىپ، — سەن مېنىڭ ئاپئاق قىزىم تۇرساڭ، مېنى خاپا قىلىپ قويامتىڭ؟ مېنىڭ بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، بالام، شۇڭا...

شېرىنگۈل يۇمران قولىنى ئاپىسىنىڭ پېشانىسىگە ياقتى.

— ئاپا، بېشىڭ كۈندە ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدىما؟ ھەر كۈنى مۇشۇنداق ئولتۇرىسەنغۇ. ئاپا، سەن ئاغرىپ قالمىغىنا، سەن ئاغرىپ قالساڭ ماڭا كىم قارايدۇ؟ دادام ماڭا خاپا بولۇپ قالدىمكىن، گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. سەن خاپا بولمىغاندىكىن، بېشىڭ ئاغرىمىسا بولامدۇ؟..

مەرىگۈلنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، ئۇنىڭ ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، ئۇ شېرىنگۈلنى ئۆزىگە تارتتى-دە، باغرىغا چىڭ باستى. ئاجايىپ ئىش، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ھېلىقى دەھشەتلىك خىيال بىردىنلا يوقالدى.

— بېشىم ئاغرىمىسۇن بالام، بېشىم ئاغرىمىسۇن، — دېدى ئۇ ئېسەدەپ، — جېنىم بالام، مېنىڭ ئاپئاق قوزام، مەن سەن ئۈچۈنلا ياشايمەن!...

ئۇ نېمىلەرنىدۇر دەيتتى، شېرىنگۈلنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باساتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ بۇ جاھاندىن كېتىشكە ھەققى يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەپ، — مەن تېخى ئۆزۈمنى بىر ئانا، يەنە كېلىپ بىر مېھرىبان ئانا دەپ يۈرۈپتىمەن. مەن ھېلىقى مۇدھىش خىيالنى قىلغىنىمدا ئۆزۈمنىلا ئويلاپ، نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ ئانا ئىكەنلىكىمنى، مېنىڭدىن ئانىلىق مېھرى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر كىچىككىنە جاننىڭ بارلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم؟ مەن راس-

تىنلا يوقالسام، ئۆزۈمغۇ بۇ بىۋاپا دۇنيانىڭ
ھەر قانداق دەرد - ئازابلىرىدىن قۇتۇلارمەن،
لېكىن ۋۇجۇدۇمدىن تۆرەلگەن بۇ بىچارىچۇ،
كىملەرنىڭ ئالدىدا خار بولۇپ يۈرەر؟ مې-
نىڭ يوقىلىش سەۋەبىم ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك
سىر بولۇپ قالار. كىچىكلىكىدە مېنى تاشلاپ
كەتتى، دەپ رەنجىسە، چوڭ بولۇپ ئاق -
قارىنى - بىلگەندە، ئاپام قانداقتۇر بىر يۈز كېلەل-
مەس ئىشنى قىلىپ قويۇپ جېنىدىن كەچكەن
ئوخشايدۇ، دەپ مەندىن نەپرەتلەنمەسمۇ،
بۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئەلەملىك داغ ئۇنىڭ
قەلبىنى ئۆمۈر بويى ئازابلىمامدۇ... مار-
جاندەك تىزىلىپ كەلگەن خىياللار، خىيال-
لار ئىچىدە پەيدا بولغان سوئاللار مەرىگۈل-
نى سەگىتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشاش
مەجبۇرىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى.

— مەن مۇراتسىزمۇ ياشىيالايمەن، —
دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللىي
بېرىپ، — ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتەي، ئۇمۇ
ئۆز يولىغا ماڭسۇن، شېرىنگۈل مېنىڭ
ئاۋۇنچۇقۇم، مېنىڭ ھەمراھىم بولىدۇ. مەن
ئۇنىڭ بويىنىنى قىستۇرماستىن قاتارغا قو-
شالايمەن!

لېكىن، ئۇنىڭ بۇ قارارىمۇ ئۆز كۆ-
چىنى كۆرسىتەلمىدى. ئۇنىڭ بالىلىق چاغ-
لىرى ۋە توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى چاغ-
لىرى ئېسىگە كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى كى-
چىكىدىلا تۈگەپ كېتىپ، ئانىسىنىڭ قولىدا
چوڭ بولغانىدى. ئانىسى ئۇنى كۆز قارىچۇ-
قىدەك ئەتىۋارلاپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا غې-
رىبسىنىشتىن قۇتۇلالمىغانىدى. بەزىدە زەھەر
تىللىق قوشنىلاردىن ئاڭلاپ قالىدىغان «يې-
تىم ئوغلاق» دېگەن سۆز ئۇنىڭ يۈرىكىگە
نەشتەردەك سانجىلاتتى، دادىسىنى سېغىنىدۇ-
راتتى. ئۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە كېتى-
ۋاتقان بالىلارنى كۆرگىنىدە ئارقىدىن ئۇ-
زاق - ئۇزاققىچە زوقلىنىپ قاراپ قالاتتى،
ئۇھ تارتاتتى، كۆزىگە ياش ئالاتتى، كۆڭ-
لى يېرىم بولاتتى.

ئۇ مۇرات بىلەن تېپىشقاندا، ئۆزىگە
بىر ئەر كىشىنىڭ يۆلەك بولىدىغانلىقىنى
ئويلاپ، چەكسىز سۆيۈنگەنىدى. لېكىن توي
يېقىنلاشقاندا ئۇ يەنە دادىسىنى سېغىندى.
چۈنكى، شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆيىگە
قانداق ئەھۋالدىلار؟ دەپ قەدەم بېسىپ
قويمىغان تۇغقانلار، مانا بىز دادا، دەپ
مەيدىلىرىگە ئۇرۇشۇپ يېتىپ كېلىشكەن،
مەرىگۈل ۋە ئانىسى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمى-
گەن تەلەپلەرنى ئەر تەرەپكە قويۇپ، ئىشنى
بۇزغىلى تاس قېلىشقانىدى. ئۇلار مەرىگۈل-
نىڭ بەختىنى ئەمەس، بۇ پۇرسەتتىن پاي-
دىلىنىپ ئازراق بىر نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىش-
نىلا ئويلىشاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، مۇرات
ئوغۇل بالىچىلىق قىلدى... شۇ كۈنلەردە
مەرىگۈل يېتىملىكنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ھېس
قىلغان، رەھىمەتلىك دادىسىنى يىغلاپ - يىغ-
لاپ ئەسلىگەنىدى. ئەمدىچۇ، بۇ كۈنلەر
شېرىنگۈلگىمۇ كېلەرمۇ؟ ئۇمۇ كۆڭلى سۇ-
نۇق چوڭ بولارمۇ؟ ياق، ياق، مەرىگۈل
ئۆمۈر بويى ئازاب ئىچىدە ئۆتسىمۇ، شېرىن-
گۈلنى ئاتىسىز قالدۇرمايدۇ، ئۇنىڭ قەلبى-
دىكى مۇھەببەت ئوتى ئۆچۈپ بولغان بول-
سىمۇ، ئۇنى شېرىنگۈلگە سەزدۈرمەيدۇ، ئۇنىڭغا
پەقەت بىر ئىناق ئائىلىدە چوڭ بولۇۋاتقان-
لىقىنىلا ھېس قىلدۇرىدۇ...

مەرىگۈلنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئىس-
تەك — شېرىنگۈلنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش
قىلىش ئىستىكى ئويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غۇ-
رۇرىنى دەپسەندە قىلىپ تۇرۇپ، ھېلىقى
ئايالنىڭ ئالدىغا بارماقچى، ئۇنىڭغا يالۋۇر-
ماقچى، مۇراتنى — شېرىنگۈلنىڭ دادىسىنى
ئۇنىڭدىن قايتۇرۇۋالماقچى بولدى.

5

ئۇ، هويلا ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ چىپپىدە توختاپ قالدى. ئىشىكنىڭ سەل قىيا ئېچىقلىق تۇرۇشى ئۆيدە ئادەم بارلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيىدىن چىققاندا ئىچىدە نۇرغۇن گەپلەرنى تەييارلاپ كەلگەنىدى. لېكىن هويلىغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستىلىدى، يۈرىكى ئۆزىگە بويسۇنمىغان هالدا ئەنسىز دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە هەر قانچە مەدەت بەرسىمۇ، ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي بوشىشىپ كەتتى، ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ باستى، ئۆزىنى گويا بىر بىچارە تىلەمچىدەك هېس قىلىپ قالدى. بىر نەچچە پارچە تاختايدىن نېرى-بېرىلا مىخلاپ ياساپ قويۇلغان هويلا ئىشىكى ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر تولىمۇ ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىشىكنى ئىتتىرىشكە، بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي، نەچچە يېقىنلىشىپ، نەچچە يىراقلاشتى. ئۇ بولغۇسى كۆڭۈلسىز سۆھبەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە تېخىمۇ ئەندىشە ئىچىدە قالدى. ئاخىرى قايتماقچى بولۇپ ئارقىغا ياندى، لېكىن ئانچە ئۆزىماي يەنە قايتىپ كەلدى. ماڭا بۇندىن باشقا يول يوق!— دەپ ئۆز-ئۆزىگە مەدەت بەردى ئۇ،— كەلگەنىكەنمەن، كىرەي، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلگىنىم يوققۇ، هەرقانچە بولسىمۇ مېنى قوغلىۋەتمەس...

ئۇ بوسۇغىدىن تەستە ئاتلاپ كىرىپ ئىشىكنى بوشقىنە چەكتى، ئۆي ئىچىدىن كىم؟ كىرىڭ! دېگەن زىل ئاۋاز ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئاياغ تىۋىشى ئىشىككە يېقىنلاشتى.

ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ئىككى ئايال دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. مەرىگۈل بۇ ئايالنىڭ كۆزىدە دەسلەپ ئەجەبلىنىش ئالامىتى پەيدا بولۇپ، شۇ هامان غايىب بولغانلىقىنى، بۇ ئالامەتنىڭ ئورنىنى بىر خىل سوغۇق نۇر ئىگىلىگەنلىكىنى تۇيدى. هەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن! دېگەن ئوي ئۇنىڭ كاللىسىدىن ياللىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆز رەقىبىنىڭ چىرايىدىن، جىسمىدىن قۇسۇر ئىزدىمەكچى بولغاندەك ئىتتىك ئۇنىڭ تۇرقىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇزۇن بۈدۈر چاچلار ئۇنىڭ يەلكىسىنى يېپىپ تۇراتتى. مەغرۇرلۇق ئەكس ئېتىپ تۇرغان يوغان، شەهلا كۆزلەر، تۈز، ئەيىبسىز بۇرۇن، هېقىقەتەك تاۋلىنىپ تۇرغان نېپىز لەۋلەر ئۇنىڭ سۈزۈك چىرايىغا شۇنچە ياراشقانىدى. بىردىنلا مەرىگۈل ئۆزىنى تولىمۇ سەتتەك، ئاشۇ سەتلىكى ئۇنى مۇراتتىن ئايرىۋەتكەندەك هېس قىلىپ قالدى. ئەمدى ئايالنىڭ كۆزىدىكى سوغۇق نۇرنىڭ ئورنىدا بىر خىل مەغرۇرلۇق ئالامىتى پەيدا بولدى. ئۇ مەسخىرە قىلغاندەك بىر تەبەسسۇم بىلەن مەرىگۈلگە بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭ، مەرىگۈل،— دېدى.

ئايالنىڭ مەسخىرىلىك تەبەسسۇمىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ «مەرىگۈل» دەپ ئاتىشىدىن ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى، ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ بىلىدۇ! مەرىگۈل ئايالنىڭ باشلىشى بىلەن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. ئۆيدە بار-يوقى بىر كارىۋات، بىر تام ئەينەك، بىر كىيىم ئىشكابى، ئەپ-

لىككىنە بىر ئۈستەل، بىر جۈپ ساپالا بار
ئىدى. ئىشىك، دېرىزە پەردىلىرىمۇ ئاد-
دىيلا بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ
قىلغۇچىلىكى يوق ئىدى. لېكىن ئۆينىڭ
پاكىزلىكى، سەرەمجانلارنىڭ جاي-جايىدا
ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدىن ئۆي ئىگىسىنىڭ
ئۆي تۇتۇشقا ئېپى بار ئايال ئىكەنلىكى
چىقىپ تۇراتتى.

ئايال مەرىگۈلنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ
قىلىپ قويۇپ، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ
كەتتى. تاشقىرىقى ئۆيدىن ئېمىلەرنىڭدۇ



تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى. بىر
هازادىن كېيىن ئۇ ئايال قەنت-گېزەكلەرنى
پەتنۇسقا سېلىپ كىردى ۋە سافا شىرەسىگە
تىزدى. ئاندىن بىر پىيالە چاينى پەتنۇستا
كۆتۈرۈپ كىرىپ مەرىگۈلگە سۇندى.

— قېنى، چاي ئېلىڭ!

ئۇنىڭ هەرىكەتلىرىدە قىلچە قورۇلۇش،
ئاهاڭىدا هېچبىر غەيرىي تەبىئىيلىك يوق
ئىدى. مۇشۇ ئايالمۇ شۇنداق نومۇسلۇق
ئىشنى قىلامدىكىنە، دەپ ئويلىدى مەرىگۈل

هەيران بولۇپ، ئۇ پىيالىنى قولىغا ئېلىپ
شىرەگە قويۇپ قويدى. بۇ ئايال مۇشۇ
پىيالىدە مۇراتقىمۇ چاي تۇتقان بولغىيدى،
ئىككىيلەن مۇشۇ ئىككى سافادا ئولتۇرۇپ
قىزغىن پاراڭلاشقان، بىر-بىرىگە هېرىس-
مەنلىك بىلەن قاراشقان بولغىيدى...

مەرىگۈلنىڭ قەلبىنى ئاچچىق بىر تۇي-
غۇ قاپلىۋالدى.

ئارىدا جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرمەكتە،
ئىككى ئايال كىمنىڭ ئالدىدا سۆز باشلى-
شىنى بىلەلمىگەندەك ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار
كۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرى-
گەندەك، ئاياغلىرىنىڭ ئۇچىدىن كۆزىنى
ئالمايتتى.

ئۇنى ئىزدەپ كەلگەندىكىن، گەپنى
مەن باشلىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى مەرىگۈل
ئۆز-ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ۋە گېلىنى يەڭ-
گىلگىنە قىرىۋالدى.

— مەن... مېنىڭ نېمىشقا كەلگىنىمنى
بىلگەنسىز؟ — ئۇنىڭ تۇنجى سۆزى دۇدۇق-
لاش بىلەن باشلاندى.

ئايال مەنىستىمىگەندەك پىسسىڭىدە
كۈلۈپ قويدى، ئەمما جاۋاب بەرمىدى.

— بايا ئىسمىمنى ئېيتقىنىڭىزدىن قا-
رىغاندا، مېنى تونۇيدىكەنسىز، — مەرىگۈل
بىرئاز جۈرئەتلەندى، — مەن مۇراتنىڭ ئا-
يالى بولىمەن.

— مەن سىزنى ئۇبدان تونۇيمەن، —
دېدى ئايال سوغۇق كۈلۈپ، — ھەقىچان مەن
بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلگەنسىز.

مەرىگۈل هودۇقۇپ قالدى. ئۇ بۇ يەرگە
كېلىۋاتقاندا، بۇ ئايالنى مۇرات بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىدىن تاندۇ، هەتتا قارا
چاپلىدىڭ دەپ مەن بىلەن ئۇرۇشىدۇ، دەپ
ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ هازىرقى كېيى-

دىن قارىغاندا، ئۇ تانمىغاندەك، ھەتتا خىجىل بولمىغاندەكمۇ قىلمايتتى. تۇۋا، شۇنچە چىرايلىق بىر ئايال ئازراق نوموس قىلىشنىمۇ بىلمىسە – ھە؟ دەپ ئويلىدى مەرىگۇل نەپرەت بىلەن.

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، مەن سىز بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمىدىم، — دېدى ئۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىگە دادىل قاراپ، — سىزمۇ بىر ئايال، مەنمۇ بىر ئايال، بىز ياخشى پاراڭلىشالىساقلا چۈشىنىشەلەيمىز، دېگەن ئوي بىلەن ئالدىڭىزغا كەلدىم.

— چۈشىنىشەلەيمىز؟ — ئايال زاڭلىق قىلغاندەك دىمىقىنى قېقىپ قويدى، — باشقا بىرسى بىلەن بولسىمۇ مەيلى، مېنىڭ بىلەن قانداقمۇ چۈشىنىشەلەيسىز؟

— گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، — مەرىگۇل سەل توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى مەن ئۇقمايمەن، ئىسمىڭىزنى سورىماقچىمۇ ئەمەسمەن. مەن... مەن سىزنىڭ ئايالى بار بىر كىشى بىلەن ھېلىقىدەك بولۇپ يۈرگىنىڭىزنى زادى چۈشىنەلمىدىم...

— ھېلى دېمىدىمىمۇ، — دېدى ئايال بارماقلىرىنى قاراسلىتىپ قويۇپ، — سىز چۈشىنەلمەيسىز.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، سىزنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەسمەن، لېكىن سىز مېنى چۈشەنسىڭىزلا بولدى، ماڭا كېرىكىمۇ شۇ.

— نېمە دېدىڭىز؟ — ئايال قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، — ماڭا سىزنى چۈشىنىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ قىزىق گەپ بولدى – دە، بۇ!

مەرىگۇلنىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى، ئۇ ئۆزىنى يىغلىۋېتىشتىن ئاران توختىتىۋالدى:

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ. ئۆز ئېرىنىڭ باشقا بىر ئايال بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەن بىر ئايالنىڭ ئۆز رەقىبىنىڭ ئالدىغا مېنى چۈشىنىڭ دەپ كېلىشى ئاسانمۇ؟ ھېچبولمىسا مۇشۇنىڭ سەۋەبىنى بولسىمۇ چۈشىنىشنى خالىمامسىز؟

ئايال ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدا مەسخىرىمۇ، رەھىمسىزلىكمۇ، بىپەرۋالىقمۇ بار ئىدى.

— بۇنى ماڭا چۈشەندۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى ئۇ زەردە بىلەن، — دېمىسىڭىزمۇ سىزنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن.

— سىز...

— سىز مۇرات مېنىڭ ئېرىم، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرماڭ، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ، بولمىسا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن دېگەنلەرنى ئېيتىسىز، كۆڭلۈمنى يۇمشىتىش ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىسىز، ئۇنداق قىلىمەن، مۇنداق قىلىمەن دەپ ماڭا پوپوزا قىلىسىز، شۇنداقمۇ؟ مەن بۇنداق ئىشلارغا خېلى كۆنۈك، ئېرىپمۇ كەتمەيمەن، قورقۇپمۇ قالمايمەن.

— ياق، ياق، — ئالدىراپ سۆزلىدى مەرىگۇل مۇلايىملىق بىلەن، — مەن سىزگە پوپوزا قىلماقچى ئەمەسمەن. بۇنداق قىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدىم. توغرا، مۇرات مېنىڭ ياخشى كۆرۈپ تەگكەن ئېرىم، مېنى بەختلىك قىلغان كىشى شۇ ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇ ئۆزگەردى... ماڭا رەقىبىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئاجرىشىپ كېتىڭ! — ئايال توڭغىنە تەگدى، ئۇنىڭ چىرايىدا مەسخىرىلىك تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى.

ـــ مېنى بۇنداق ئۇيغا كەلمدى دەمـ
سىز، ـــ دېدى مەرىگـۇل ھەسرەتلىك ئۇھ
تارتىپ، ـــ لېكىن بىرسى مېنى توسۇپ تۇـ
رۇۋاتىدۇ... ئۇ سومكىسىدىن بىر پارچە رەڭـ
لىك سۇرەتنى چىقىرىپ ئايالغا سۇندى.

ئايال سۇرەتكە ـ بەختلىك تەبەسسۇمى
بىلەن مۇرىلىرىنى يېقىشىپ بىر قىزچاقنى
تىزىدا ئولتـۇرغۇزۇۋالغان بىر جـۇپ ياش
ئەر ـ خوتۇنغا قارىدى.

ـــ قولىڭىزدىكى سـۇرەتتىكى قىزچـاق
بىزنىڭ قىزىمىز بولىدۇ، ـــ مەرىگـۇل بىزنىڭ
دېگەن سۆزنى سوزۇپراق ئېيتتى، ـــ بەلكىم
سىزنىڭمۇ بالىڭىز باردۇر، بولمىسا كېيىن
بولار. بالا ئۈچۈن جاھاندا يېتىم قېلىشتىنـ
مۇ ئېغىر كـۈن بارمۇ؟ مەن سىزدىن شۇ
بىچارە بالامنى يېتىم قىلىپ قويماسلىقىڭىزـ
نى سوراپ كەلدىم. مەن ئاشۇ قىزىم ئۈچۈن،
ئۇنى كۆڭلى سۇنۇق، يېتىم قىلىپ قويماسلىق
ئۈچۈن، ھەرقانداق ئازابقا چىدايمەن. قىزىمـ
غا، ئاشۇ كىچىككىنە جانغا ئىچىڭىز ئاغرىـ
سۇن؟!

مەرىگـۇلنىڭ ئاۋازى تىـترەپ كەتتى.
ئۇ شۇ تاپـتا ئـۆز بەختـىنى نابۇت قىلغان
بۇ ئايالنىڭ ئايىغىغا يىقىلىشقا تەييار ئىدى.

ئايال سۇرەتنى شىرەگە تاشلىدى ـ دە،
ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى.
ئۇنىڭ قوللىرى ھەدەپ پەردىنى غىجـىمـ
لايتتى. ئۇ بىر پەس شۇك تۇرغاندىن كېـ
يىن كەينىگە بۇرۇلدى:

ـــ بۇ گەپلەرنى ماڭا قىلغىچە، ئېرىـ
ڭىزگە قىلسىڭىز بولمامدۇ! ـــ دېدى ئۇ بوـ
غۇق ئاۋازدا.

ـــ ئۇنىڭغا دەي دېدىم، لېكىن ھەرـ
قانچە قىلىپمۇ ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم. شۇ
نىڭ بىلەن...

ـــ شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا يۈـ
گۈرۈپ كەپسىز ـ دە، ـــ ئايال ئۇنىڭ گېپىـ
نى ئۈزۈۋەتتى، ـــ مېنى بوزەك، نېمە دېـ
سەم دېيەلەيمەن دەپ ئويلىغان ئوخشىماـ
سىز، سىزنى تاشلىغان بولسا، ئېرىڭىز تاشـ
لاپتۇ. مەن نېمە دەپ ئىچ ئاغرىتقىدەكـ
مەن؟ بۇ جاھاندا كىم كىمگە ئىچ ئاغرىـ
تىۋېتىپتۇ؟ بىگىسىڭىز بولسا، بېرىپ ئېرىـ
ڭىزگە دەڭ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇڭ، ئۇنىڭ بىلەن
ئۇرۇشۇڭ، خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ. لېكىن
مەن ئۇنى بۇ ئۆيگە كەلمە دېمەيمەن، ئۇ
كەلمىسە ئاغرىنىپمۇ يۈرمەيمەن. بىلىپ قويۇڭ،
مېنىڭ ئۇنى سىزدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا
تېگىش خىيالىممۇ يوق. سىزنىڭ ماڭا يالـ
ۋۇرۇشىڭىزنىڭ پايدىسى يوق!

ئايال ئەسەبىيلەرچە ئۇنىڭغا قول
شىلتىدى، كـۆزلىرى چەكچىيىپ، چىـ
رايى قورقۇنچلۇق تۈسكە كىردى. مەرىگۈل
ئۈمىدسىزلىك ۋە بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە
ئورنىدىن تۇرۇپ، شىرە ئۈستىدە تۇرغان
سۈرەتنى ئېلىپ سومكىسىغا سالدى ـ دە، ئاـ
يالنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالـ
ماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ھويلا ئىشىـ
كىدىن چىقىپ، ئىختىيارسىز ئارقىغا قارىدى.
قايرىلغان دېرىزە پەردىسى قېشىدا يەنە
ھېلىقى كۆزلەر چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى.

يېرىم كېچىدىن بۇرۇن ئۆيگە كەلمەيدىغان مۇراتنىڭ بۈگۈن كەچ سائەت سەككىزدىلا ئۆيگە ئۇنۇشى مەرىگۈلنى ھەم ھەيران قىلدى، ھەم ئەندىشىگە سالدى. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ شېرىنگۈلنىڭ كىيىملىرىنى يېشۋېتىپ، ئىشتىن چۈشۈپ چوقۇم ھېلىقى ئايالنىڭكىگە باردى. ئۇ ئايال مېنىڭ كەلگىنىمنى ئېيتىپ بىر مۇنچە ۋايساپ بەرگەن بولسا، ئاچچىقىدا مەن بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلگەنمىدۇ؟ ھەر ئىش بولسا، شېرىنگۈل ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن بولسا مەيلىدىغۇ...

لېكىن مۇراتنىڭ ئەلپازىدىن ئۇنداق ئالامەت چىقمايتتى. نېرىقى ئۆيدىن ئۇنىڭ پۇشۇلدىشى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇھ تارتىشى، تاماكىنى كۆچەپ پۈۋلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئۇ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى، ئاشخانىدىن قاچا - قۇچىلارنىڭ تاراقلىشى، ئارقىدىن شالاپلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

ھە، ئېلىپ قويغان تاماقنى يەۋېتىپتۇ - دە، — دېدى مەرىگۈل ئۆز - ئۆزىگە. ئۇ مۇراتنىڭ ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە كەلمەسلىكىنى بىلسىمۇ، يەنىلا تاماق ئېلىپ قوياتتى. لېكىن مۇرات بىرەر قېتىممۇ بۇ تاماقلارغا قول تەگكۈزۈپ باقمىغانىدى. بۈگۈن ئىش باشقىچە تۇرىدۇ، يا ئۇ ئايال بىلەن كۆرۈشەلمىگەنمىدۇ؟

6

شېرىنگۈل ئۇخلاپ قالدى. مەرىگۈل نېمىلا بولمىسۇن بۈگۈن مۇرات بىلەن سۆزلىشىمىزغۇ، دەپ ئويلىدى. مانا، ئۇ بۈگۈن يالدۇر كەپتۇ، بەلكىم ھېلى ئۆيگە كىرىپ بىر نېمە دەر، بەلكىم ۋارقىراپ كېتەر. لېكىن مەرىگۈل ئۇنىڭغا جاۋابەن ۋارقىراپ يۈرمەيدۇ، ئىلگىرىكى بەختلىك چاغلىرىنى مۇلايىملىق بىلەن ئەسلىتىدۇ. شېرىنگۈلنى يۈزىگە سالىدۇ... بىراق ئۇنىڭ بۇ قىلغانلىرى مۇراتنى ئۇيالدۇرالامدىكىن - تاڭ؟!

مەرىگۈلنىڭ ئويلىغانلىرى بىكار كەتتى. مۇرات ئۇنىڭ قېشىغا كىرمىدى، ئۇ ئاشخانىدىن چىقىپلا ئۇدۇل نېرىقى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەرىگۈل تۈرلۈك - تۈمەن خىياللار ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزدى.

چۈشتىن كېيىن، مەرىگۈلنىڭ بىر ئايال خىزمەتدىشى بىر كونۋېرتنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— مەرىگۈل، بىرسى سىزگە بېرىپ قويۇڭ دەپ بۇ خەتنى بەردى، — دېدى ئۇ كونۋېرتنى مەرىگۈلگە ئۇزىتىپ.

مەرىگۈلنىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلىپ، بەدىنى بوشىشىپ كەتتى. بۇ مۇراتنىڭ خېتى، چوقۇم شۇنىڭ! ئۇ ئاخشام يۈز تۇرانە دېيىشكە پېتىنالماي، بۇ خەتنى يېزىپ، ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەرلەندۈرمەكچى بولغان ئوخشايدۇ، بىچارە قىزىم يېتىم قالىدىغان بوپتۇ! مەرىگۈل تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كونۋېرتنى

ئالدى. كونۋېرتنىڭ تېشىغا بىرەر سۆزمۇ يېزىلمىغاندى.

مەرىگۈل خېلى ئۇزاققىچە كونۋېرتنى يىرتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى، قوللىرى توختىماي تىترەيتتى، هازىرلا بىر دەهشەتلىك قاينام ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغاندەك يۈرىكى ئەنسىز دۇپۇلدەيتتى.

مەرىگۈل ئاخىرى كونۋېرتنى ئاچتى ۋە ئىچىدىن خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى. ئۇ دەسلەپكى قۇرلارنى كۆرۈپلا خەتنىڭ تۈنۈگۈنكى ئايالدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ يەڭگىل تىندى. مەرىگۈل ئۇ ئايالنىڭ هەرقانداق هاقارىتىگە چىدىشى مۇمكىن، لېكىن مۇراتىنىڭ بىرەر ئېغىز هاقارىتىمۇ ئۇنى ئۆمۈرلۈك ئازابقا قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

مەرىگۈل دىققىتىنى يىغىپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«مەرىگۈل!

مېنىڭ بۇ خېتىمنىڭ بېشىنى كۆرۈپلا، هېلىقى ئىپلاس ئايالدىن كەلگەن خەت ئىكەن دەپ، ئاچچىقىڭىزدا ئاخىرىنى ئوقۇمايلا يىرتىپ تاشلىماقچى بولارسىز، لېكىن سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ، خېتىمنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۈنۈگۈن سىزگە قوپاللىق قىلدىم. بىراق سىز كەتكەندىن كېيىن ئۇزاق ئويلاندىم، سىز مېنى پەقەت باشقىلارنى يىغلىتىشنىلا بىلىدىغان تاش يۈرەك ئايال دەپ ئويلايدىغانسىز، ئەمما، ئىشىنىڭكى، مېنىڭ يىغلايدىغان، ئاه ئۇرىدىغان چاغلىرىم سىزنىڭكىدىنمۇ كۆپ. بۇلارنى باشقىلارغا كۆرسەتمەيمەن، خالاس. مېنى بۇزۇق، شاللاق ئايال دەپ قارايسىز، باشقىلارمۇ شۇنداق قارايدۇ. لېكىن مەن راستىنلا شۇنداقمۇ؟ ماڭا قاراڭ، مەرىگۈل، نەچچە يىل ئىلگىرى مەنمۇ بەختلىك ئىدىم. ماڭا كۆيدۈم - پىشتىم، ئۆمۈر بويى مېنىڭ قەلبىمدە سەنلا بار دەيدىغان، مەنمۇ چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن قۇرغان بەختلىك ئائىلەم بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا قۇياشمۇ ماڭىلا كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك، پۈتۈن جاهانمۇ ماڭىلا هەۋەس قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مەن ئۆمۈر بويى مۇشۇ بەختنىڭ ئىچىدە يايراپ ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك هېس قىلاتتىم.

مەن بەك ساددا ئىكەنمەن، مەن دەريانىڭ قايناملىرى بولغىنىدەك، تۇرمۇشنىڭمۇ هەر -هەر دەهشەتلىك قايناملىرى بارلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمەپتىمەن. مۇبادا مەن ئېرىمنى، بەختىم، هاياتىم دەپ بىلىدىغان ئېرىمنى شۇنچە ياخشى كۆرمىگەن بولسامىدىغۇ بۇ قايناملارغا پەرۋا قىلىپ كەتمىگەنمۇ بولار ئىدىم. لېكىن، كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن. بەختتىن ئەس - هوشۇمنى يوقىتىپ يۈرگەن كۈنلەردە، بېشىمغا كۈن چۈشتى، ئېرىمنى بىر ئالۋاستى ئازدۇرۇپ كەتتى. مەن دەسلەپىدە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم. چۈنكى مەن ئېرىمنى ياخشى كۆرەتتىم، ئېرىمگە ئىشىنەتتىم. ئاچچىق هەقىقەت ئالدىدا ياخشى كۆرۈش، ئىشىنىش دېگەنلەر بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىكەن. ئاخىرى مەن يەنىلا بەختىمنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى چۈشەندىم. شۇنداقتىمۇ يەنىلا شۇ بەختتىن ئۈمىد ئۈزەلمەي، ئېرىمنى ئازدۇرغان هېلىقى

ئالۋاستىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلىدىم، يال-
ۋۇردۇم، ئايىغىغا يىقىلدىم. لېكىن ئۇ رە-
ھىم قىلمىدى. بەلكى، مېنى مەسخىرە
قىلىپ قاقاقلاپ كۈلدى. مەن ئېرىمنىڭ
مەيدىسىنى كۆز ياشلىرىم بىلەن ھۆللىدىم،
ئۇنىڭ شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەس-
لىكىنى ئۆتۈندۇم. لېكىن ئۇ بۇرۇنقى
ئەر، ماڭا كۆيگەن ھېلىقى ئەر ئەمەس،
بەلكى بىر يات مەخلۇققا ئايلانغانىكەن،
ئۇ مېنى قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىۋەتتى،
سوغۇق كۈلدى، ئازراقمۇ تارتىنىشىپ قوي-
ماي، مېنى تاشلاپ كەتتى. بۇ چاغدا
مەن ئۆزۈمنى ئەڭ يارىماس، ئەڭ بەختسىز
ئايال دەپ ھېس قىلدىم. ياشاشنىڭ
ھېچقانداق لەززىتى قالمىدى، دەپ ئويلى-
دىم. بۇ جاھاندىن براقلا تۈگەشمەكچى
بولدۇم. براق، مېنى بىر ئوت تۇسۇپ
قالدى. بۇ، قىساس ئوتى ئىدى!

مېنىڭدەك بەختسىزلىككە يولۇققان
ئاياللار ھامان جىمى بالا - قازانى ئۆز
ئېرىدىن ئەمەس، باشقا ئاياللاردىن كۆرى-
دۇ. مەندىمۇ شۇنداق ئوي پەيدا بولدى.
شۇ ئىشتىن كېيىن مەن ئۆز جىنسىمدىكى-
لەرگە ئىچ - ئىچىمدىن ئۆچ بولۇپ
كەتتىم. ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى
كۆرسەم ھەسەت ئوتىدا ئۆرتىنىدىغان بول-
دۇم. مەن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدى-
غان ئاياللاردىن قىساس ئېلىپ، دەردىمنى
چىقارماقچى بولدۇم.

ئۆزىڭىز كۆردىڭىز، مەن چىرايلىقمەن.
خۇدايىم ئەرلەرگە گۈزەل ئاياللارغا ئىنتىلىش،
گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ئىقتىدارىنى بەر-
گەنىكەن، مەنمۇ ئۆز چىرايىم بىلەن ئەر-
لەرنى جەلپ قىلالىشىم مۇمكىنغۇ، دەپ
ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ يولنى تاللى-
دىم. مەن بىرنەچچە قېتىم مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىدىم. ئۆز ئائىلىسىنىڭ بەختىنى ھەم-
مىدىن ئەلا بىلىدىغان ئەرلەر مېنى رەت
قىلدى. لېكىن مەن بوشىشىپ قالمىدىم،
سىزنىڭ ئېرىڭىزگە ئوخشاش ئىرادىسى
ئاجىز ئەرلەر ئاسانلا مېنىڭ قىلتىقىمغا
چۈشتى. مەن ئاشۇنداق بىرەر ئەرنى ئار-
قامدىن تىنماي سوكۇلدايدىغان قىلغىنىمدا،
گويا ئۇنىڭ ئايالى مېنىڭ ئېرىمنى ئازدۇر-
غان ئالۋاستىدەك، ئاشۇ ئالۋاستىدىن قىسا-
سىمنى ئالغاندەك ھېس قىلىپ، تەنتەنە
قىلدىم. چۈنكى مەن ئۆزۈمنى ھەقلىق دەيت-
تىم، مەن ئۆزۈم ئۈچۈن قىساس ئالدىم،
دەپ ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرەلەيتتىم. ئەمما
مېنىڭ ئۇنداق ئەرلەر بىلەن توي قىلىش
نىيىتىم يوق، ھەتتا ئۆمۈر بويى قايتا تۇر-
مۇش قۇرۇش خىيالىممۇ يوق ئىدى. بىر
بەختلىك ئائىلە رەسمىي بۇزۇلغاندىن
كېيىن، مەن قانائەت ھاسىل قىلاتتىم - دە،
ئۇ ئەر بىلەن بولغان ئالاقەمنى قىلچە تار-
تىنماي ئۈزەتتىم ھەمدە يېڭى قىساس
ئوۋىنى ئىزدەشكە كىرىشەتتىم. مەرىگۈل،
مەن سىزگە راستىمنى ئېيتاي، سىزنىڭ
ئائىلىڭىز مېنىڭ تۆتىنچى نىشانەم ئىدى.

مەن سىلەرنى كوچىدا، كىنوخانىدا،
باغچىدا بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن، سىلەر-
نىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىڭلاردىن، چىرا-
يىڭلاردىن ئىنتايىن بەختلىك ئىكەن-
لىكىڭلار بىلىنىپ تۇراتتى. مەن سىلەرنى
كۆرگەندىن كېيىن يۈرىكىمنى يەنە
ھەسەتنىڭ ئۇزۇن تىرناقلىرى تاتىلىدى.
مەن بەختسىز، ئۇلار نېمىشقا بەختلىك
بولىدىكەن، دەپ ئويلىدىم. ئاخىرىنى
يازمىساممۇ ئۆزىڭىزگە مەلۇم.

تۈنۈگۈن سىز ئۆيۈمگە كەلدىڭىز،

راستىنى ئېيتسام، دەسلەپكى خىيالىم بىلەن كېيىنكى تەسىراتىم ئوخشاشماي قالدى. دەسلەپ سىزنى كۆرگەندە مەن سىزنى تازا مەسخىرە قىلىۋالاي دېگەنىدىم، ھەتتا شۇنداقمۇ قىلدىم. كېيىنچۇ، كېيىن بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. سىز ئاق كۆڭۈل ئايال، مېھرىبان ئانا ئىكەنسىز. مەنمۇ بىر ئايال، بەلكى ئانا بولالايدىغان بىر ئايال. قىزىڭىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرگىنىمدە، ۋۇجۇدۇمغا بىر خىل ئوت تارىغاندەك بولدى. بۇ سېزىم مېنىڭ نەپسىمنى بوغدى، پىكىرلىرىمنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، مەن ئۆزۈمنىڭ بوششىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. بۇ چاغدا مەن قوپاللىق قىلىپ، سىزنى ئۆيدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدىم. سىز كەتتىڭىز، مەن ياستۇقنى قۇچاقلاپ قانغۇچە يىغلىدىم. ئۇزۇنغىچە قىزىڭىزنىڭ ئوماق چىرايى، بەختلىك كۈلكىسى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. سىزنىڭ سەممىي گەپلىرىڭىز قۇلىقىمدىن كەتمىدى. ۋۇجۇدۇمدا شۇنچە چاغدىن بېرى لاۋۇلداپ تۇرغان قىساس ئوتى قانداقتۇر بىر كۈچ تەرىپىدىن شاپپىدە ئۆچۈرۈۋېتىلگەندەك غايىب بولدى. يۈرىكىمنى ئۆكۈنۈش، پۇشايمان قاپلىدى.

ئاخشام مۇراتنىڭ بالدۇر ئۆيگە قايتقىنىغا ھەيران بولغانسىز. ئۇ بۈگۈن ئاخشاممۇ كېلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ مېنىڭكىگە ئاخىرقى قېتىم كېلىشى بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۇنىڭغا لايىق گەپلەرنى تەييارلاپ قويدۇم، ئىشىنىمەنكى، ئۇ پۇشايمان قىلىدۇ، ئۆيلىنىدۇ. لېكىن سىزنىڭ مېنىڭكىگە كەلگىنىڭىز ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ قالىدۇ.

مەرىگۈل، مەن سىزگە مېنى كەچۈرۈڭ دەپ يالۋۇرماقچى ئەمەسمەن، لېكىن سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، مېنىڭمۇ بىر بەختسىز ئايال ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىپ قالسىڭىزلا بولدى. بىز ئاياللار ئاجايىپ يارىتىلغان ئىكەنمىز، ئەرلەرنىڭ، بىزگە بەختىمۇ، قايغۇ - ھەسرەتمۇ كەلتۈرەلەيدىغان ئاشۇ ئەرلەرنىڭ ھەر - ھەر ناباپ ئىشلىرىنى كەچۈرۈۋېتەلەيدىكەنمىز. بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىزغا باشقا سەۋەبلەردىن كۆرە، بالا مېھرى بەكرەك سەۋەبچى بولىدىكەن. مەن سىزنىڭ قىزىڭىزنىڭ بەختى ئۈچۈن مۇراتنى كەچۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بېشىڭىزغا چۈشكەن بۇ كۈنلەر گويا بىر چۈشتەك بولۇپ قالار.

بەختلىك بولۇڭلار!

بىر بەختسىز ئايالدىن»

مەرىگۈل خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى ھۆكۈم سۈرەتتى.

تۇيۇقسىز مۇرات ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. ئىلگىرىكى بەختلىك كۈنلەر مەڭگۈگە قايتىپ كەلمەس، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئۆزئارا ھۆرمەت، ئىناق ئۆتۈش ئىستىكىلا قالار ياكى ھېلىقى ئايال خېتىدە يازغاندەك «چۈشتەك بولۇپ قالار» مۇ؟

مەرىگۈل بۈگۈن ئىشتىن بالدۇر چۈشتى، ئۇ شېرىنگۈلنى باغچىدىن ئېلىپ ئۆيگە قايتتى. لېكىن زادىلا قولى ئىشقا بارمىدى. ھېلىقى ئايالنىڭ خېتىدىكى گەپلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا تەكرارلىناتتى.

ئۇ ئۆيگە كىرەتتى، بالكونغا چىقاتتى، دەرۋازىغا قارايتتى، يەنە ئۆيگە كىرىپ نېمىلەرنىدۇ قىلىپ باقاتتى.

پەلەمپەيدىن تونۇش ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بىردەمدىن كېيىن ئىشىك شىرىقلاپ ئېچىلىپ، مۇرات كىرىپ كەلدى. شېرىنگۈل خۇددى چوڭ كىشىلەردەك مەرىنگۈلگە: ئاپا، دادام كەلدى، دادام ئەجەپ بالدۇرلا قايتىپ كەپتۇغۇ، دەپ پىچىرلىدى. مەرىنگۈل ئۇنى باغرىغا بېسىپ، چاچلىرىنى سىيلاشقا باشلىدى: شۇنداق، ئۇ بۈگۈن بالدۇر قايتىپ كەلدى، بەلكىم بۇندىن كېيىن بۇنىڭدىنمۇ بالدۇر قايتىپ كېلەر...

مۇراتنىڭ شېرىنگۈل! دەپ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئانا ـ بالا تەڭلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشتى. مۇرات قانداقتۇر بىر خىل ئوڭايسىز ھالەتتە بۇلارغا قاراپ تۇراتتى. شېرىنگۈل ئاپىسىغا قارىدى.

— قىزىم، بېرىڭ، دادىڭىز چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى مەرىنگۈل شېرىنگۈلنى قۇچىقىدىن چۈشۈرۈپ.

شېرىنگۈل مۇراتنىڭ ئالدىغا كەلدى. مۇرات قىزىنى قۇچىقىغا ئالدى. ئۇنىڭ: قىزىم، ئاپىڭىز تاماق ئەتمىدىمۇ؟ دەپ سورىغىنى ئاڭلاندى.

بۇ سوئال مەرىنگۈل قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئاڭلىغان بىر سوئالدەك تۇيۇلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئاشخانىغا كىرىپ، پەرتۇقىنى تاقىدى. مۇرات ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى، چىرايىغىمۇ قارىمىدى، ئۇ شېرىنگۈلنى كۆتۈرگىنىچە ئىچكىرى ئۆيگە ماڭدى. شېرىنگۈل دادىسىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن دەسلەپتە قورۇنغاندەك بولدى، ئارقىدىنلا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى، دادىسىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىدى.

مەرىنگۈل قازان بېشىدا. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يىغلىغۇسى كېلىۋاتاتتى. بۇ خۇشاللىق يىغىسىمۇ، ياكى ھەسرەت يىغىسىمۇ، بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ تاماق ئېتىۋاتىدۇ، بۇ تاماقنى ئەمدى يەنە ئۈچەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ يەيدۇ. بۇنداق غىزالىنىش بىر چاغلاردىكىدەك كۆڭۈللۈك بولارمۇ؟!

ئۆيدىن مۇرات بىلەن شېرىنگۈلنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى. ھېلىقى ئايالنىڭ خېتىدىكى سۆزلەر مەرىنگۈلنىڭ ئېسىگە كەلدى:

«بىز ئاياللار ئاجايىپ يارىتىلغان ئىكەنمىز، ئەرلەرنىڭ، بىزگە بەختىمۇ، قايغۇ ـ ھەسرەتمۇ كەلتۈرەلەيدىغان ئاشۇ ئەرلەرنىڭ ھەر ـ ھەر ناباپ ئىشلىرىنى كەچۈرۈۋېتەلەيدىكەنمىز. بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىزغا ھەر خىل سەۋەبلەردىن كۆرە، بالا مېھرى بەكرەك سەۋەبچى بولىدىكەن...»

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم




**غەيرەت ئاسىم**

(ھېكايە)

ھەر يىلى كۈز پەسلى يوپۇرماقلار دەل-دەرەخلەردىن ئايرىلىپ تەبىئەتنى ياشارتقان ئانا زېمىن باغرىغا ئۆزىنى ئېتىشقا باشلىغاندا، پەرىدەمنىڭ كۆڭلىنى قايغۇ تۇمانلىرى قاپلايدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا غەم-قايغۇ ۋە كۆز ياشلىرى يوق دۇنياغا مەڭگۈ سەپەر قىلىپ كەتكەن مېھرىبان ئاتا-ئانىسى كېلىدۇ، قىشنىڭ جانغا ھوزۇر بېغىشلىغۇچى ئاپئاق مامۇقلىرى، باھارنىڭ كۆڭۈلنى يايرىتىدىغان ئىللىق ھاۋاسى، يازنىڭ نازۇ-نېمەتلىرى بىلەن مىڭ تەستە جايىغا چۈشكەن كۆڭلى كۈز كېلىشى بىلەن بىراقلا پەرىشان بولىدۇ، چۈنكى ئۇنى يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ئۇلۇغ ئاتا-ئانىسى مۇشۇ پەسىلدە ئىنسان قېنىپ ئۆتمەيدىغان ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقانىدى، نۇرغۇن كىشىلەرگە باياشاتلىق، خۇشاللىقتىن دېرەك بەرگۈچى كۈز پەرىدەمگە تۈگىمەس ئۇزۇن كېچىدەك تۇيۇلاتتى...

شۇ تاپتا پەرىدەم ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن يولدا مەكتەپتىن ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى، چۈش مەھەللىدىكى كۈز قۇياشى مېھرىنى پەرىدەمدىن ئايىغاندەك، ئاجىز نۇرلىرىنى ئۇنىڭ قايغۇ-ھەسرەتكە تولغان يۈز-كۆزلىرىگە ئاران چېچىپ تۇراتتى، كۈز شامىلى بولسا دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغا ئۇچۇرۇپ تاشلىماقتا ئىدى. دەرەخ شاخلىرىدىن ئايرىلىپ، كۆرۈمسىز ئېرىقلارنى بېزەپ ياتقان ئالتۇندەك يوپۇرماقلار ئۆزلىرىنى

پەردەمدەك يېتىم ھېس قىلدىمۇ ـ قانداق، قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، كۆز يېشى دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بۇ قىزغا ھېسسىداشلىق بىلدۈرگەندەك شىۋىرلىشىپ قوياتتى. قارىماققا، تۇرمۇش بارلىق كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆز باغرىغا ئالغاندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى دۇنيا دېگەن بەكمۇ كەڭ نەرسە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ قوللىرى ئارقىلىق بارلىق كۆزلەردىن ئېقىپ چىققان كۆز ياشلارنى ئېرىتىشكە ئۈلگۈرمەيتتى. بىز ھەمىشە قۇياش نۇرى بىزنى يورۇتۇشتىن ئىلگىرى قاراڭغۇنىڭ ئۆزىمىزنى دەپسەندە قىلىشلىرىغا چىداپ كېلىمىزغۇ! تۇرمۇشمۇ شۇنداق، تۇرمۇشنىڭ كىشى ۋۇجۇدىدا ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىدىغان نۇرلۇق قۇياشى چوقۇم كۆتۈرۈلىدۇ دەپ ئىشىنىمىز. ئەلۋەتتە، شۇڭا ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن كېچىنى ئۇيقۇدىن بىدار ئۆتكۈزۈش ئەرزىيدىغان ئىش، پەردەم تاغدەك يۆلەنچۈكى بولغان ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەنە شۇنداق مەنىۋى كۈچكە تايىنىپ تۇرمۇشنىڭ خىلمۇخىل ئېغىرچىلىقلىرىنى يېڭىپ، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ قەدەملىرى قورۇسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئۇ بىر نەچچە ئايدىن بېرى ئەنسىرەپ كېلىۋاتقان ئىش ئاخىر يۈز بەرگەنىدى: ئون نەچچە ئادەم دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدە ئالدىراشلىق بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. پەردەمنىڭ كىچىك تۇرۇپلا تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكى تۈپەيلى نۇرسىزلىنىشقا باشلىغان، ئەمما قەيسەرلىكىنى تېخى يوقاتمىغان كۆزلىرىدىن ياش بۇلدۇقلاپ ئېقىپ چىقتى. ۋۇجۇدىنى قايغۇ ـ ئەلەم باسقاندا، پۈتۈن دەرت ئەلىمىنى كۆز ياشلىرىدىن چىقىرىش ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ مىسكىن دىلى ئازار چەككەندە، يۈرىكىدىكى ھەسرىتىنى خۇدا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئاۋازى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلاتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا، ئەگەر دادام بىلەن ئاپام بولغان بولسا، دېگەن گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كېتەتتى.

پەردەم دەرۋازا ئالدىدا ئۇزۇن تۇرماي، ئىتتىكلا ھويلىغا كىرىۋالدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز يېشىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنى خالىمايتتى. ئۇ شۇ كۈنلەردە ھاياتىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىدىن يىراق ياشاۋاتقىنىغا ئىقرار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ نازۇك يۈرەكلىرى بۇ ئەمەلىيەتكە قايىل بولمايتتى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا قوماندانلىق قىلىپ، گۈزەل، بەختلىك كەلگۈسى ئۈچۈن جاپاغا بەرداشلىق بەرگۈزۈۋاتقان ۋە ئۇنى مۇشۇ نىشان يولىدا تىرىشىپ بىلىم ئىگىلىتىۋاتقان نەرسە ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاشلا شەپقەتلىك مۇئەللىمىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئىدى: تىرىشىپ ئوقۇڭ، پەردەم، مانا مەن سىزنىڭ ئانىڭىز، مەكتەپ سىزنىڭ ئائىلىڭىز، ئەل ـ يۇرت سىزنىڭ ئانىڭىز، بارلىق زېھنىڭىزنى بىلىم ئىگىلەشكە قارىتىڭ، بىلىم سىزنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ، سىزگە جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ماھارەت ئاتا قىلىدۇ.

پەردەم پېشايۋانغا چىقتى، ئىشىك ئېتىكلىك ئىدى، ئىككىلا ئاتكىسى كەلمىگەنىدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، سومكىسىنى دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ سۈرىتى ئېسىلغان تامغا ئېسىپ قويدى، ئاياغ كىيىمىنى سېلىـ

ۋېتىپ، سوپىغا چىقىپ ئولتۇردى-دە
خىيالغا پاتتى، كۆز پەسلى ئۇنىڭ ھاياتى-
غا جۇدالىق ئېلىپ كېلىۋاتاتتى، بۇلتۇر
كۆزدە ئۇ بىر يولىلا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىل-
دى، بۇ يىلقى كۆز بولسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ
رەھىمسىز كەلمەكتە ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ
ئاتا-ئانىسى جاپا تارتىپ بىنا قىلغان دۇنيانىڭ
بىر قىسمى — قورۇنىڭ يېرىمى
يات ئادەملەرگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەگەر
دادام بىلەن ئاپام بولغان بولسا!... دېدى
پەرىدەم ئۆزىچە، شۇ ھامان ئۇنى يىغا تۇتتى.
كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدىغان ئېچىنىشلىق
يىغا ئاۋازى دېرىزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن
يىراق-يىراقلارغا تارقالدى...

پەرىدەم شۇ ھالەتتە ئۇزۇنغىچە
ئولتۇرۇپ قالدى، ئاپىسىنىڭ ئىللىق
چىرايى بىلەن دادىسىنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. دەل شۇ
چاغدا قولىدا ھورى چىقىپ تۇرغان بىر
تەخسە لەگمەننى كۆتۈرگەن قوشنىسى خەيرىنىساخان ئاچا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— يەنە يىغلاپسىز-دە، قىزىم، ھەي!
ئەمدى بولدى قىلىڭ قىزىم. بولغۇلۇق
بولدى، ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ، ياخشى
ئوقۇڭ، دوستلىرىڭىز بىلەن ئارىلىشىپ،
كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ يۈرۈڭ، مۇشۇنداق
قىلسىڭىزلا ئاتا-ئانىڭىزنىڭ روھى خوش
بولىدۇ. جاھان دېگەن مۇشۇنداق گەپ
ئىكەن، قىزىم، نەدە ئاشۇنداق دىلى
يۇمشاق ئادەملەر بالدۇر كېتىپ قالىدىكەن،
خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئىككىلىسى-
نىڭلا كېسەل بولۇپ توگەپ كەتكىنىنى
قارىمامدىغان، ئېمىلەرنى دەۋاتىمەن-ھوي،
بۇ ئىشلارغا ئەلەكە ئۇلا دېمەي ئامال يوق!
لەگمەن ئەتكەنىدىم قىزىم، ئىسسىقىدا يەۋې-
لىڭ! — خەيرىنىساخان ئاچا كۆز-يېشىنى
ئېرتقاچ، پەرىدەمنى قولىدىن تۇتۇپ ئۈستەل
ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە لەگمەننى
قىزنىڭ ئالدىغا قويدى، — ئاكىلىرىڭىز
چۈشتە يەنە كېلەيدىغان ئوخشايدۇ،
ھەي، بۇ ئىككىسى قانداقمۇ ئادەم بولا، يا
بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرمەيدۇ، يا ئۆزىنىڭ
يولىنى ئۆزى تاپالمايدۇ!

خەيرىنىساخان ئاچا كۆڭلى يۇمشاق
ئايال. شۇڭلاشقىمۇ مەھەللىدىكى يەتتە ياشتىن
يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە كىشى
ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ، پەرىدەمنىڭ
رەھمەتلىك ئاپىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ
بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەنىدى، پەرىدەم
يېتىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
ھالىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى،
تاماق ئەتسىلا پەرىدەمگە ئەكىرىپ بېرىشنى
ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئانىلار ئارىسىدىكى
يېقىنچىلىق ئەمدى بالىلارغا ئۆتۈپ داۋاملىشىۋاتاتتى.

پەرىدەم تاماقنى يەپ بولدى، خەيرىنىساخان ئاچا ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى
سىيلاپ تۇرۇپ دېدى:

— قىزىم، ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ
قويماڭ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ،
ياخشى ئوقۇپ، داشۆگە ئۆتۈشكە تىرىشىڭ،
ئاتا-ئانىڭىز ياخشى ئادەم ئىدى، سىزگە
ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەملەر چىقماي قالمايدۇ.

پەرىدەم ئۈنچىقمىدى، ئاتا-ئانىسىدىن
ئايرىلغاندىن باشلاپ، ئۇنىڭ كاللىسىدىن
مۇنداق خىيال زادىلا كەتمەيتتى: ئەگەر
دادام بىلەن ئاپام ھايات بولغان بولسا،
مەنمۇ باشقا قىزلارغا ئوخشاش قىيىنماستىن
ئوينىغان بولاتتىم، ھېيت-بايراملاردا دادام

بىلەن ئاپامنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتىم. لېكىن، تۇرمۇش ھەممە ئادەمنىڭ تىلىگىنىنى بەرمەيدىكەن.

— مېنىڭ دەيدىغىنىم يەنىلا شۇ گەپ، قىزىم، ئوقۇك، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىڭىز ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇڭ، ئاكىڭىز مەھەممەت يولدىن چىقىپ كەتتى، بۇ يول ئۇنى ياخشى ئاقىۋەتكە باشلىمايدۇ، بۈگۈن ئەتىگەن مەھەللىدىكى چوڭلار ئۇنى جىق توستى، ئۇ مەھەللە-جامائەت ئالدىدا «سىڭلىمىزنىڭ ئوقۇش، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمىكىگە بىر ئىگە» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئاساسىي قاتلامدىكىلەر قورۇنى سېتىشقا رۇخسەت قىپتۇ، ئاڭلىسام، ئۇن مىڭ سومنىڭ يېرىمىنى ئىنىسىغا بېرىپ، يېرىمىنى ئۆزى ئېلىپ بازارغا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشلارغا سىز ئارىلاشماڭ. بۇنى ھەل قىلىدىغان ئادەم چىقىدۇ، — خەيرىنساخان ئاچا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى.

بۇ دۇنيادا بەزىلەردىن پەرزەنت قالىدۇ، بەزىلەردىن ياخشى پەزىلەت قالىدۇ. پەرىدەمنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ ئالەمگە ئۈچ پەرزەنت قالدۇرۇپ كەتكەن. كەنجىسى قىز، قالغان ئىككىسى ئوغۇل ئىدى. ئەگەر پەرىدەمنىڭ ئاتا-ئانىسى ئالەمدىن ئۆتمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشى قانداق بولاتتى؟

پەرىدەمنىڭ ئاكىسى مەھەممەت ئەسلىدە جەمئىيەتتە ئۆز ئالدىغا يول تاپقان جىگەرلىك بىر يىگىت ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا زاۋۇتتا كۆپىنىڭ ئالدى بولۇپ ئىشلەيتتى، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆي-ماكانى ۋە ئىككى ياشقا كىرگەن بىر ئوغلىمۇ بار ئىدى، ئەپسۇسكى، بۇ ئۆزى تاللىۋالغان بۇ تۇرمۇش يولىدىن چىقىپ كەتتى، ئۇنى باشقىلارنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى قىزىقتۇرۇپ قالدى، ئويۇن-تاماشا ئۇنىڭ تىنچقىنا تۇرمۇشىنى نابۇت قىلدى، ھاراقنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى رولى ئوخشاش ئەمەس؛ ئۇ بەزىدە كىشىنى شاد قىلىدۇ، بەزىدە كىشىنى مات قىلىدۇ. مەھەممەت باشتا ھاراققا بېرىلگەندە، ھەرگىزمۇ قوشالىشىپ يۈرۈپ ئىچمەيتتى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈندە ئىككى-تۆت سەر ھاراق ئىچمىسە تۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ ئادەت ئۇنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلدى. نەتىجىدە ئۆيى ۋەيران بولدى، ئايالى ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتتى، زاۋۇت ئۇنى قوغلاندى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەمئىيەتتە كۈنلۈكىنى كۈندە تېپىپ يەيدىغان ئادەم بولۇپ قالدى.

بەش مىڭ سوم پۇل ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ئۆزى نابۇت قىلغان بۇ ئوغۇل بالىنى يەنە قاۋاقخانىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇ يېمەك-ئىچمەك ماگىزىنىغا كىردى.

— ھەي چوشقا، ھارىقىڭنى كەلتۈر، تۈنۈگۈن يۈز گرام ھارىقىڭنى نېسى بېرىپ تۇرغىن دەپ يالۋۇرۇپ كەتتىم، زىبىنىز ئۇنتۇمىدىڭما! مانى كۆردۈڭمۇ، ماۋۇنىڭ ئېتى نېمە؟ ھەي، مەن مەھەممەت دېگەن ئوغۇل بالىنى بۈگۈندىن باشلاپ تونۇۋال جۇمۇ، پۇل دېگەن مەن ئۈچۈن نېمە ئۇ، پۇل دېگەنچۇ، مەن ئۈچۈن دەرەخنىڭ غازىڭى، ساڭا ئوخشاش نېمىلەرنىڭ بارغۇ، كۈندە يۈزىڭنىڭ قورسىقىنى باقالايمەن! كۆزۈڭنى چوڭ ئېچىپ يۈر، جۇمۇ، ئاشخانىلاردا ئېشىپ قالغان مەنتاڭنى ھاراق دەپ سېتىۋاتقىنىڭ يېتەر! مانا، ھازىر مېنى ئاكا دېسەڭ مۇشۇ بەش يۈز سومنى ساڭا ئۆتكۈزۈمەن، كۈندە كېلىپ مۇشۇ پۇل

تۆكمىگىچە ئىچمەمەن. قانداق قىلىسەن؟!

ماگىزىنچىنىڭ كۆزلىرى چىقىپ كېتەي دەپ قالدى، ئۇ ئىچ-ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان غەزىپىنى بېسىۋېلىپ، مەھەممەتكە تىكىلىپ قارىدى:

— ھەي، مەھەممەت ئابدال، تونۇگۈن تېخى قۇرسىقىم ئېچىپ كەتتى دەپ، مەستلەرنىڭ قۇسۇقىنى يالاپ يۈرمەمتىڭ، بۈگۈن ئۆزۈڭچە باشقا ئادەم بولۇپ قالغان ئوخشىمامسەن! بۇ پۇللارنى قەيەردىن ئالدىڭ، بىرەرسىنى بوغۇزلىۋەتتىڭمۇ-يە! سېنى مۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، تووۋا، تونۇگۈنكى ئابدال بۈگۈن ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ بوزەك قىلامدىغاندۇ!؟

— ھەي چوشقا، ئادەم ئۆلتۈردۈڭمۇ دەيسەنغۇ، ئۆلتۈرۈش توغرا كەلسە ساڭا ئۆچرەت تەگمەيدۇ تېخى، سەن دېگەن ئىچىڭدىن تۆكمىشىپ كەتكەن نەرسە تۇرساڭ، نەرىڭنى ئۆلتۈرىدۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە بارغۇ قارا، پۇلى بار ئادەمنىڭ گېپى راست بولىدۇ، ئاكا دە، بولمىسا دۇكىنىڭغا ئوت قويىۋېتىمەن، ھازىر يانچۇقۇمدا پۇل بار، ئەمدى ھېچنېمىدىن قورقمايمەن! قانداق، ئاكا دەمسەن-يا! — مەھەممەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە يانچۇقىدىن سۆزگۈچلۈك تاماكىدىن بىرتال ئېلىپ قىڭغىر چىشلەپ، چىرايلىق گاز چاقماق بىلەن تۇتاشتۇردى.

غەزىپىنى باسالمىغان ماگىزىنچى ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىش نىيىتىگە كەلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئۇنى توسۇپ، قۇلىقىغا ئاستاغىنە پىچىرلىدى: بۇ ئابدالغا ھە دەپ قويۇپ پۇلىنى ئالمامسەن، بىر جىڭ ھاراق ئىچسە ئىككى جىڭ يېزىپ جايلىمامسەن! ماگىزىنچى بىردىنلا ئەقلىگە كەلگەندەك بولدى:

— ماقۇل ئەمىسە مەھەممەتجان، سېنىڭ دېگىنىڭ ھەقىقەتەن راست، بايام ئەتەي چىشىڭغا تېگىپ قويغانىدىم، قېنى، قانداق ھاراق ئىچىسەن!

— ماۋۇ گېپىڭ جايىدا، مەنچۇ ساڭا ئوخشاش گىرىدي ئەمەس، بۈگۈن مۇنداق تۇرغىنىم بىلەن ئەتە پۈتۈن شەھەر بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك بايغا ئايلىنىپ قالامدىم تېخى، بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، ھازىرقى گېپىڭ بولىدۇ، سەنمۇ ئەمدى ئادەم بولساڭ بولىدۇ، ماڭا ئوخشاش پۇلى بار ئادەم كەلسە قىل دېگىنىنى قىلساڭ بولىدۇ، تۇتە ئەمىسە ماۋۇ بەش يۈز سوم پۇلنى، دەپتىرىڭگە يېزىپ قوي، كۈندە كېلىپ ئىچىمەن، نوچى ھاراقلىرىڭنى تەييارلاپ قوي!

مەھەممەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ مۇشۇ ھالىتىدە ھېچكىمنى كۆزىگە تەڭ قىلمايتتى، بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنگىچە بولغان ھاياتىدىكى ئەڭ باياشات كۈنى ئىدى. شۇ ئارىدا ئۇ دېرىزىدىن بىر ئاغىنىسىنى كۆرۈپ قالدى.

— ھەي، ماياققا كەل!

ئاغىنىسى خۇش خۇي ھالدا ماگىزىنغا كىرىپ كەلدى:

— ھەي مەھەممەت ئابدال، سېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، سېنى تۆت-بەش تەڭگە پۇلغا ئىگە بولۇپ قالدى دەيدىغۇ، راستما؟

— تۆرت-بەش تەڭگە دەيسەنغۇ، چوڭ-چوڭ گەپ قىلە، تۇتە ماۋۇ ئەللىك سومنى، بېرىپ توخۇ، پاقلاننىڭ گۆشلىرىدىن ئەكەل، بۈگۈن يۈرەك چىلاشقۇدەك ئىچىمىز، ئوينايمىز!

مەھەممەتنىڭ ئاغىنىسى پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

مۇشۇنداق قىلىپ مەھەممەت بۇنىڭدىن كېيىن ھاراق ئىچىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ ماگىزىنغا بىرمىڭ بەش يۈز سوم پۇلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

پەرىدەم بۇ خەۋەرنى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن خەيرىنىساخان ئاچىدىن ئاڭلىدى. پەرىدەم يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىپ قالغان ئادىتىنى قىلدى: كۆز يېشى يۈز-كۆزىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئەگەر دادام بىلەن ئاپام ئالەمدىن ئۆتمىگەن بولسا، دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن ئۆز-ئۆزىگە.

پەرىدەم تاماق ئېتىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، بىر كىچىك ماشىنا ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ماشىنىدىن ئىككى ئەركىشى بىلەن بىر ئايال چۈشتى. بۇ ئۈچ كىشى پەرىدەمنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىدارىسىدىن كەلگەنلەر ئىدى، پەرىدەم ئۇلارنى تونۇيتتى. ئۇلار ھەر يىلى كۈزدە پەرىدەمنى يوقلاپ كېلەتتى.

— ئەھۋالىڭىز قانداق، قىزىم، يېقىندا ئىدارىمىزدىكى ئىشلار بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى، سىزنى يوقلاپ كېلىشكە چولىمىز تەگمەي قالدى! — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق ئايال. بۇ ئايال پەرىدەمنىڭ ئاپىسىنىڭ دوستى، ئىدارە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى.

— رەھمەت سىزگە مېھراي ئاچا!

پەرىدەم چاققانلىق بىلەن مېھمانلارغا داستىخان سالدى.

— ئالدىنقى كۈنى مەن سىزنىڭ سىنىپ تەربىيىچىڭىز بىلەن سۆزلەشتىم، — مېھراي ئاچىنىڭ كۆزلىرىدىن ئاياللارغا خاس سەمىمىي ھېسسىداشلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى، — ئاڭلىسام مەكتەپ بويىچە ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەي كېلىۋېتىپسىز، بۇنىڭغا ناھايىتى خۇش بولدۇم، قىزىم، ياخشى ئوقۇڭ، كەلگۈسىدە چوقۇم ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇڭ. قىيىنچىلىققا چىداڭ، ئاپىڭىز، دادىڭىز خىزمەت قىلغان ئىدارىلەر بار، مۇشۇ ئورۇنلار سىزگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، مانا مەن سىزنىڭ ئاپىڭىز، قىزىم، ئالىي مەكتەپكە چوقۇم ئۆتۈڭ، مۇشۇنداق قىلغاندا ئاپىڭىزنىڭ ئىزىنى باسالايسىز!

پەرىدەمنىڭ ھەر دائىم قايغۇدىن خالىي بولمايدىغان كۆزلىرىدىن يەنىلا ياش تاراملاشقا باشلىدى، شۇ تاپتا ئۇ ئاپىسى بىلەن دادىسىنى كۆرگەندەك بولدى.

— بولدى، يىغلىماڭ قىزىم، ئاڭلىساق ئاكىڭىز قورۇنىڭ يېرىمىنى سېتىۋېتىپتۇ. سىز بۇ ئىشقا ئارىلاشماڭ، ئاكىڭىز بىلەن ئۆزىمىز سۆزلىشىمىز، ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، پۈتۈنلەي يولدىن چىقىپ كېتىدۇ، — مېھراي ئاچا قول ياغلىقىنى ئېلىپ، پەرىدەمنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى، — ماقۇل ئەمىسە، قىزىم، بىز ماڭدۇق، تەشكىل سىزگە بىرەر قۇر كىيىم ۋە ئىككى يۈز سوم قۇتقۇزۇش پۇلى ئەۋەتتى. بۇنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، ئەسلىدە بىز قىشلىق كۆمۈرنىمۇ ئەكىلىپ بەرمەكچى ئىدۇق. ئاڭلىساق دادىڭىزنىڭ ئىدارىسى بۇ ئىشتا بىزدىن بۇرۇن چىقىپتۇ. بىز كېلەر يىلى ئەكىلىپ بېرەرمىز.

— رەھمەت سىلەرگە مېھراي ئاچا! — پەرىدەم يىغلىۋەتتى. ئەگەر دادام بىلەن ئاپام ھايات بولغان بولسا، دەۋەتتى پەرىدەم مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۇ خىيالدىن ئۆزىنى يىغىپ، تاماق ئېتىشكە باشلىدى.

تاماقتىن كېيىن، ھاردۇق يەتكەن پەرىدەم كارىۋاتقا چىقىپ يۆلىنىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆزى دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ تامغا ئېسىقلىق سۈرىتىگە چۈشتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتكەن ئىشلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

بەختلىك كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. چۈنكى بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ باغۇ - بوستانلاردا ئويناپ - كۈلۈپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنىلا ئەسلەيدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بەختلىك كىشىلەر ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەسلەش، پەرىدەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر خىل مەنىۋى ئارام ئىدى. لېكىن، بۇنداق مەنىۋى ئارام بەزىدە بەكمۇ قىسقا بولاتتى. ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياش ئېقىشقا باشلايتتى. دېمەك، ئازاب چېكىۋاتقان بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەسلەش مەيلى ئۇنىڭ ئەسلىگەنلىرى قايغۇ ياكى خۇشاللىق بولسۇن، بۇ خۇددى قىپقىزىل قان ئېقىۋاتقان جاراھەت يۈزىگە تۇز چاچقاندەكلا ئىش... بىر ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىدىن قان ئاققاندا، تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتتىكى ئاق كۆڭۈل كۈچلەر تىرىشىپ ئۇنىڭ ئازاب چەككەن دىلىغا داۋا بەخش ئەتكۈچى گۈل چاچسا، بىز بۇ ئىنسانىنى بەختكە ئېرىشتى دېسەك توغرا بولامدۇ؟ بىز ھەممىمىز تۇرمۇش ئالدىدا جاۋاب بېرىشكە ھوقۇقلۇق.

پەرىدەم كارىۋاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ سۈرىتىگە قارىغان پېتى خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ ئون بىر ياش چېغى ئىدى، بۇ چاغدا دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر پەرىدەمنىڭ نەزىرىدە ۋە قەلبىدە دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ تۈگىمەس ھېكايىلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن دوستلىرى بىلەن ئويناپ تۈگىتەلمەيدىغان ئاغچايلاملىرى، ئونىنچى ئاينىڭ ئۈزۈملىرى ۋە دادىسى تاغار - تاغارلاپ ئەكىلىدىغان تاۋۇزلار ئۆتتى. ئۇ چوڭ بولۇپ ئەقلىنى تاپقاندا، تۇرمۇش ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىغا: ئەگەر مەن ئاشۇ ئون بىر ياش ۋاقتىمدىكى گۈزەل دۇنيايىمدا تۇرۇۋەرگەن بولسام، نېمىدىگەن ياخشى بولاتتى - ھە، دېگەن ئوي كەلدى.

ئون بىر ياش ۋاقتىدا سەھراغا چىققان ۋاقتى ئۇنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايدۇ. شۇ كۈنى پەرىدەمنىڭ دادىسى، ئاپىسى ۋە ئىككى ئاكىسى ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىپ، ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، سەھراغا قاراپ يول ئالغانىدى. قاۋۇل قارا ئېشەك سەھرانىڭ توپىلىق يوللىرىدا بەش ئادەمنى بىخۇدۇك سۆرەپ ماڭاتتى. خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە پاتماي كېتىۋاتقان پەرىدەم ئەتراپىغا قاراپ تويمايتتى. كەپسىز ئاكىسى قولىدىكى كىچىك تاياقچى بىلەن ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدىكى يېغىرىغا سانجىۋەرگەنلىكتىن، ئېشەك كۈچىنىڭ بارىچە ئالدىغا قاراپ چېپىۋاتاتتى. ئىتتىك كېتىۋاتقان ھارۋا پەرىدەمگە يازنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتەتتى، مەيىن شامال ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېيتقۇسىز لەززەتكە چۆمدۈرەتتى. دېھقانلارنىڭ ھالال تەرىدىن يېتىلىپ ئالتۇن رەڭگە

كېرگەن بۇغدايلار، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان كۆكباش قوناق ۋە قوغۇنلارنىڭ يېقىملىق پۇراقلىرىنى دىمىقىغا ئۇرۇپ، بولغۇسى مېھماندارچىلىقنىڭ باياشاتلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىلىرى ئۇنىڭ كىچىككىنە روھىي دۇنياسىدا تۇرمۇشقا، تەبىئەت بىلەن نۇرلۇق كائىناتقا بولغان مۇھەببىتىنى ئاشۇراتتى. ئېشەك ھارۋىسىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۈركۈگەن قۇشلار خۇشال ۋىچىرلاپ، ئۆزلىرىنى ئېتىزغا ئاتاتتى. زەڭگەر گۈللەرگە تولغان بېدىلىكتىن مۇرادىغا يېتىپ ئۇسسۇل ئويناپ چىققان كېپىنەكلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن قالماي كېلىۋاتاتتى. سىرلىق شامالدا سۆگەت يوپۇرماقلىرى بىر-بىرسىنى سۆيۈشۈپ ھۇزۇرلىناتتى، ئېرىق بويلىرىدىكى گۈللەر ئۇلارنى كۈلۈپ ئۇزىتاتتى، ئېرىقتىكى زىلال سۇلار ئۇلارنى قارشى ئالغاندەك شىۋىرلايتتى... پەرىدەم تەبىئەتنىڭ بۆشۈكىدە تەۋرىنىپ، قۇياشنىڭ نۇرلىرىغا چۆمگەندە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا دادىسىنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس گارمونىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇنىڭ دادىسى ئۇستا گارمونچى ئىدى. توي-تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردا تۆردىكى ئورۇن ھەمىشە ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىدى، ئۇ ئۆزىگە، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە خۇشاللىق بەخش ئەتكەن، ئۈمىد بېغىشلىغان.

پەرىدەم دادىسى ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلار ۋە چالغان شوخ مۇزىكىلارنى ئاپىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلايتتى. ئاپىسى پەس ئاۋاز بىلەن دادىسىغا ئەگىشەتتى. ئۇ دادىسىنى بۆلەكچىلا ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇناتتى، چۈنكى دادىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق ئىدى.

پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ خۇشال چاقچاقلىرى، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ناخشا-مۇزىكا ساداسى ۋە تەبىئەتنىڭ جانغا ئارام بېغىشلىغۇچى گۈزەل مەنزىرىلىرى ئىچىدە سەھرا يولىنى قىسقىراپ، ئۇلار ھەش-پەش دېگۈچىلا كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ كېلىشتى. سەھرادىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى مېھماندارچىلىق قول-قولىغا تەگمەي داۋام قىلدى، پەرىدەمنىڭ دادىسىنىڭ چالغان گارمونى يېزا ئاسمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى...

ئەگەر، دادام بىلەن ئاپام ھايات بولسا... پەرىدەم يىغلىۋەتتى.

ئۇ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئۆزىنىڭ ياتىدىغان ئۆيىگە كىرىپ، كىتاب-دەپتەرلىرىنى يىغىپ، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە كىرىشتى. تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولۇپ ھاردۇق يېتىپ، ئۈستەلگە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالغان پەرىدەمنى ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشى ئويغىتىۋەتتى. پەرىدەم ئىشىكنى ئېچىشى بىلەنلا، ئىككى يىگىت ئۇنىڭ ئاكىسىنى زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرۈپ كىردى. بۇ ھالنى كۆرۈپ، پەرىدەم تۇرغان يېرىدە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— قورقماڭ سىڭلىم، ئاكىڭىز مەست بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇنى ئالغاچ كەلدۇق.

پەرىدەمنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە ياش قۇيۇلدى.

ئەتىسى سەھەردە پەرىدەم ئورنىدىن تۇرۇپ چېيىنى ئىچتى-دە، مەكتەپكە كەتتى. مەھەممەت چۈشكىچە ئۇخلاپمۇ ئويقۇسىنى ئاچالمىدى.

— مەھەممەت! مەھەممەت! — سىرت-

تىن بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەھەممەت تۇڭدەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن ئاران تۇردى.

— كىم!

— ئاچە ئىشىكىنى! — خېلىل خۇش خۇي هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— هەي، خېلىلمۇ سەن؟ قارا سېنى، سەنمۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىدىكەنسەن-ھە! تووۋا، تووۋا! — مەھەممەت بىردىنلا خۇشال بولۇپ قالدى.

خېلىل سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەھەممەتكە:

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، مەن ئۆيۈڭگە كىرسەم بولمامدۇ! ئەمىسە سەن مەست بولۇپ قالغاندىلا سېنى ئەكىلىپ قويسام بولىدىكەن-دە!

— تۈنۈگۈن مېنى سەن ئەكىلىپ قويدۇڭمۇ؟!

— ھە، يەنە بىر ئاغىنەم ئىككىمىز ئەكىلىپ قويدۇق. تۈنۈگۈن كەچتە ئازراق ئىچىپ كېتەيلى دەپ دۇكانغا كىرسەك، سەن مەست بولۇپ يەردە يېتىپسەن، ئاڭلىسام خېلى پۇللۇق بولۇپ قالغان ئوخشايسەن، بۈگۈن ئاپىرىپ قويسام ئەتە چۈشتە مېھمان قىلار، دەپ ئۆيۈڭگە ئەكىلىپ قويغانىدىم، قانداق قىلىسەن؟

— رەھمەت! سەن دېگەن كاتتا بايۋەتچە تۇرساڭ، مېنىڭ قويغان هاراقىمنى ئىچمەيسەن-دە!

— نېمىشقا ئىچمەيدۇ، پۇل خەجلىمەي هاراق ئىچكەن ئادەم ئاسانلىقچە مەست بولمايدۇ! — خېلىل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇلار ئۆيدىن بازارغا چىقىپ، ئەڭ ياخشى ئاشخانىغا كىردى. تائاملار مول كەلتۈرۈلدى، هاراقمۇ ئەڭ ئېسىل هاراق ئىدى، ئۇلار هاراقنى ئىچىپ خېلى قىزىغاندىن كېيىن، خېلىل گەپنى باشلىدى.

— مەھەممەت، ئاڭلىسام قورۇيۇڭنىڭ يېرىمىنى ئون مىڭ سومغا سېتىۋېتىپسەن، شۇنداقمۇ؟

— سېتىۋەتتىم، ئاغىنى، ئىنىم ئىككىمىز بەش مىڭ سومدىن بۆلۈشتۇق، ئىنىم ئاغىنىسى بىلەن گوۋاڭجۇغا ئوقەت قىلغىلى كەتتى! — مەھەممەت رومكىدىكى هاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

— سىڭىللارغا بەرمەپسىلەرغۇ، — دېدى خېلىل.

— ھە، ئۇنىڭغا دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئايلىقىنى بېرىدۇ ئەمەسمۇ!..

— هەي مەھەممەت، مۇشۇمۇ گەپمۇ؟ ئىدارىدىن بېرىدىغىنى داداڭ بىلەن ئاپاڭنىڭ مائاشى ئەمەس، تۇرمۇش پۇلى، بۇ ئىشتا ئوغۇل بالىلىق قىلماپسىلەر. بۇ ئىشقا ئەسلى مەن ئارىلاشماي دېگەنىدىم. لېكىن قارىسام سىڭىللارنى بوزەك قىلىپ قويىدىغاندەك قىلىسىلەر، ئاڭلىسام ئۇقىز مەكتەپتە ئەلاچى ئوقۇيدىكەن، كەلگۈسىدە داشۆگە بېرىپ ئوقۇپ كېلىشى مۇمكىن، ئۆزۈڭ ئويلاپ باققىن، بۇرۇن سەن قانداق ئوغۇل بالا ئىدىڭ، ئۆيۈڭدە ئەل ئاغىنىلىرىڭ ئۈزۈلمەيتتى. لېكىن هازىرقى ئەھۋالىڭغا قاراپ باققىنە! هاراق سېنى يولدىن چىقاردى. لېكىن يەنە هاراقنى تاشلىيالماي كېلىۋاتىسەن، مەيلى، بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىڭىللارنى بوزەك قىلماڭلار، قانداق قىلىسەن، سىڭلىڭغا ئازراق پۇل بېرەمسەن؟!

— خېلىل بۈگۈن هاراق ئىچەيلى،

بۇ ئىشنى كېيىنچەرەك بىر نېمە قىلىشار-
مىز! — مەھەممەت كۈلۈپ تۇرۇپ قولىدىكى رۇمكىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

— مەھەممەت، مېنىڭ ئالدىمدا مايمۇن ئوينىتىمەن دېمە، پۇلۇڭ تۈگەگەندە نېمەڭنى بېرىسەن! ھازىر قانچە پۇلۇڭ قالدى؟ — خېلىل ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى.

— ئىككى مىڭ سوم پۇلۇم قالدى!

— مېنىڭچە، مەھەممەت بۇ ئىشنى مۇنداق قىلايلى، ئىنىڭنىڭ ئىشىنى كەلگەندە سۆزلىشەرمىز، سەن سىڭلىڭغا بىر مىڭ بەشيۈز سوم بەر، قانداق!

— مەن سىڭلىمدىن پۇل ئايىمايمەن، خېلىل، مەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئورنىدىكى ئادەم، لېكىن مەن يېنىمدىكى پۇلنى دەسمى قىلىپ ئوقەت قىلاي دېگەنىدىم!

خېلىل بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ئوقەت قىلمەن دەمسەن؟! تووا دە مەھەممەت، مەن سېنى خاپا قىلغۇم يوق، سىڭلىڭنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە بېرىۋەت، ئاجىزلى بوزەك قىلساڭ جازاسىنى تارتىسەن!

— خېلىل! مەن راست ئوقەت قىلمەن، مەن بۇ پۇلنى دەسمى قىلماقچى، جىقراق پۇل تاپقاندا چوقۇم سىڭلىمنىڭ ھەققىنى بېرىۋېتىمەن! —

خېلىل بىردىنلا غەزەپلىنىپ كەتتى.

— مېنىڭ قېنىم قىزىقراق ئادەم، مېنى تولا كولدۇرلاتما، نەچچە زاماندىن بېرى قىلمەن دېگىنىڭنى قىلىپ كەلدىڭ، شۈكلاشقىمۇ مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ! ئەمدى بۇنداق قىلالمايسەن، بۇ جاھاننىڭ ئىگىسى يار، مەھەممەت، گەپنى ئاز قىلىپ، پۇلنى سانا ئاداش!

— سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما خېلىل، بۇ، ئائىلىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرى، — مەھەممەت يۈزىنى ئۆرىدى.

— ھەي، خوجايىن!

ئاشخانىنىڭ خوجايىنى خېلىلنىڭ ئالپەيدا بولدى.

— خوش، غوجام!

— ماۋۇ شىلەپەم بىلەن كاستيۇمىمنى نېرىراق ئېسىپ قوي، دۈكىنىڭنى تاقا، ماۋۇ مەھەممەت بىلەن ئازراق تۇتۇشۇپ قالدىغاندەك تۇرىمەن! — ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ئىشىكنى تاقىۋەتتى.

— مەھەممەت! سەن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ياخشى گەپنىمۇ ئاڭلىمايدىغان، يامان گەپنىمۇ ئاڭلىمايدىغان بىر نېمە بولۇۋالدىڭ! ئىززا-نومۇس دېگەننىمۇ بىلمەيدىغان بولدۇڭ، ھېچبولمىغاندا ئاتا-ئاناڭنىڭ يۈزىنى قىلساڭ بولاتتى، مۇنداق قىلايلى، مەن بۈگۈن سېنىڭ ئىسمىڭنى قايتىدىن قويۇپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئىسمىڭ مەھەممەت ئەمەس لەنەت بولسۇن، — خېلىل گېپىنى داۋام قىلىۋېتىپ، مەھەممەتنىڭ ياڭىقىغا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت ئۇردى.

مەھەممەت يەرگە تىك چۈشۈپ، قىمىرلىماي يېتىپ قالدى، خېلىل ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ قوپقۇزۇپ، ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— نېمە بولۇۋاتىسەن لەنىتى، يەردە ئۆمىلەپ يۈرسەنغۇ. ئەسلىدە مەن بىلەن ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچكىنىڭگە خۇش بولساڭ بولاتتى، شۇنچىلىك چىرايلىق گەپ قىلسام گېپىمنى يېمەيسىنا؟! قانداق قىلىسەن، سانامسەن، سانىمامسەن!

مەھەممەت ئاغزىدىكى قاننى ئېرتى-

ۋېتىپ، خېلىلغا تىكىلىپ قارىدى.

— ماقۇل، ساناي!

— هازىر سانا!

— لېكىن مەن پۇلنى سىڭلىمغا بېرىمەن!

— نومۇسسىز، هېلى چىشىڭنىڭ هەممىسىنى چاقىمەن! پۇلنى سانا دېگەندىكەن سانا، بۇ پۇلنى مۇشۇ يەردە ئالىدىغان ئادەم چىقىدۇ هېلى!

مەهەممەت چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، بىر مىڭ بەشيۈز سومنى خېلىلنىڭ ئالدىغا قويدى.

خېلىل ئاشخانىنىڭ خوجايىنىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا دېرىزىدىن ئاشخانىنىڭ ئېرىسىدا شىممىشكا سېتىۋاتقان بىر بالىنىڭ قېشىدا تۇرغان ئايالنى كۆرسەتتى:

— ئاۋۇ ئاق ياغلىق ئارتىۋالغان ئايالنىڭ ئىسمى خەيرىنىساخان بولىدۇ، سەن ئاشۇ ئايالنى چاقىرىپ كىرسەڭ!

خەيرىنىساخان ئاچا كىرىشى بىلەنلا، خېلىل پۇلنى خەيرىنىساخانغا تاپشۇردى:

— بۇ پۇلنى پەرىدەمگە ساقلاپ بېرىڭ، خەيرىنىساخان هەدە، بۇ شۇ قىزنىڭ هەققى، هەي نومۇسسىز، ماۋۇ گەپنى ئاڭلاپ قوي، ئەگەر سەن مۇشۇ ئىش توغرىلىق جېدەل چىقىرىدىغان بولساڭ، پۇتقولۇڭنى چېقىۋېتىمەن.

مەهەممەت ئاشخانىدىن دەلدەڭشىپ چىقىپ كەتتى.

— مەن ئۈچۈن جىق ئاۋارە بولۇپسىز، خەيرىنىساخان هەدە،— دېدى پەرىدەم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ،— رەهمەت سىزگە، بىراق ئاكام كېيىن جېدەل چىقىرامدىكىن!

— قورقماڭ، ئۇ بىزگە بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇ ئەسكىلىك قىلسا، ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان ئادەم چىقىدۇ!— دېدى خەيرىنىساخان ئاچا قەتئىي ئاۋازدا.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، پەرىدەمنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىدارىسىدىن كەلگەن هېلىقى مېهراي دېگەن ئايال مەهەللە مۇدىرى بىلەن كۆرۈشتى،

— خوش ئەمىسە، مەن قايتاي، گەپ ئاشۇنداق بولسۇن، بىزنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىمىز شۇ، ئەگەر مەهەممەت قورۇنىڭ قالغان يېرىمىنىمۇ سېتىۋەتسە، كەلگۈلۈك پەرىدەمگە كېلىدۇ، شۇڭا مەهەممەت قورۇنى ساتىمەن، دەپ كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە ئىشەنمەي، قەغەز كېسىپ بەرمەڭلار، بۇ ئىشقا بىزمۇ ئارىلىشىمىز.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، بىز چوقۇم پەرىدەمنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايمىز،— دېدى مەهەللە مۇدىرى.

كۆرەڭلەپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالغان كۈزمۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا هاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى، جاهاننى نۆۋەت بىلەن سورايمىز دەپ كېلىۋاتقان بۇ پەسىل ئەۋلىيالىرىدىن يەنە بىرسى — قىش دەل ـ دەرەخلەرگە ئاق تون كىيگۈزۈپ، ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. ئۇ ئۆزىگە يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان نۆۋەتنى قولدىن بەرمەي، بارلىق هۈنىرىنى كۆرسىتىپ، بارنىڭ پۇلىنى چاچاتتى، يوقنىڭ يىغىرىنى ئاچاتتى، شۇنداقتىمۇ ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە قىش دېگەن چاقىرىلمىغان مېهمانغا ئوخشايتتى. چۈنكى ئىنسان قەلبىدە مەڭگۈلۈك باهار ياشنايدۇ!

نەچچە يۈز مىڭ يىللاردىن بېرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەلبىنى سۆيۈپ كەلگەن باغرى ئىللىق باهار پەرىدەمنى ئۆز

باغرىغا ئالدى، ئىككىنچى يىلى ئۆز مەقسە-
تىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئەجىر قى-
لىپ كېلىۋاتقان پەرىدەم داشۆگە ئىمتىھان
بېرىپ، ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتتى. ئۇ
مەكتەپتىن ئەۋەتكەن چاقىرىق قەغىزىنى
قولىغا ئالغىنىدا ئۆيگە كىرىپ دادىسى بىلەن
ئاپىسىنىڭ سۈرىتىگە قاراپ، ئۈن سېلىپ
يىغلاپ كەتتى. بۇ يىغا ئاۋازى بىرنەچچە
يىلدىن بېرى ئازاب ۋە قايغۇسىنى ئىچىگە
يۇتۇپ كېلىۋاتقان پەرىدەمنىڭ يۈرىكىگە
ئارام بەخش ئەتكەنىدى...

پەرىدەم تەييارلىقىنى پۈتتۈردى،
مەھەممەت بىلەن خەيرىنىساخان قاتارلىق
قوشنا-قولۇملار ئۇنى ئۇزىتىپ بېكەتكە
چىقتى. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى بېكەتنى
ئاستا يورۇتۇشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا پەر-
دەمنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى ئۇنىڭ ئالدىدا
پەيدا بولدى:

— مەن سىز ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال
بولۇۋاتىمەن پەرىدەم، سىز مېنىڭ ئۈمىدىم
ۋە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يەر-
دە قويمىدىڭىز، داشۆگە بارغاندىمۇ ئەلاچى-
لىقىنى قولدىن بەرمەي ياخشى ئوقۇڭ،
بىلىم بىزنىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش غۇرۇر-
لۇق ياشىتىدۇ، بىلىم ئىگىلىگەندىن كېيىنلا
ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى ئۆزىمىز يارىتالاي-
مىز!- پەرىدەمنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى
گېپىنى داۋام قىلغاچ سومكىسىدىن بىر
خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ پەرىدەمگە سۇن-
دى،- قالغان گەپلەرنى مۇشۇ خاتىرىگە
يېزىپ قويدۇم، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن
ماڭا خەت يېزىپ تۇرۇڭ، مۇنۇ يۈز سوم
پۇلنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ. بۇ پۇلنى
مەكتەپ سىزگە مۇكاپات ھېسابىدا بەردى،
ئەسلى مۇدىر ئۆز قولى بىلەن بەرمەكچى
ئىدى، ئۇنىڭ ئىشى چىقىپ قېلىپ مەن
كەلدىم.

— رەھمەت سىزگە، قەدىردان ئۇستا-
زىم، مەن چوقۇم ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن،
سىزنىڭ ماڭا قىلغان شەپقىتىڭىزنى ئۇنتۇ-
مايمەن، ئاپام مېنى قاتارغا قوشالماي
ئالەمدىن ئۆتتى، سىز ماڭا بىلىم بېرىپ،
ئەقىل ئۆگەتتىڭىز، مېنى نۇرلۇق يولغا



باشلىدىڭىز...- پەرىدەم ئۇستازىغا ئېسىل-
دى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە يىغا يامىشىپ،
بىر جۈپ چەشمىدىن ئۈنچىلەر تۆكۈلۈشكە
باشلىدى.

خەيرىنىساخان ئاچا پەرىدەمنى ئاپتو-
بۇسنىڭ كەينىگە باشلاپ كەلدى:

— مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن خا-
تىرجەم ئوقۇڭ، قىزىم، قىيىنچىلىقتا يولۇق-
سىڭىز مۇئەللىمىڭىزگە مەسلىھەت سېلىڭ،
كۆپچىلىكنىڭ ئەقلى كۆپ، ھېلىقى پۇلىڭىزنى

مەن بانكىغا ئامانەت قويۇپ قويدۇم، پۇلدىن خىجالەت بولسىڭىز ماڭا خەت يېزىڭ! مانا مەن سىزنىڭ ئانىڭىز، ھەر قانداق ئىشىڭىز بولسا ماڭا ئېيتىڭ...

پەرىدەم خەيرىنىساخان ئاچىغا بىر نېمە دەي دەپ بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئاكىسىنىڭ ئايالى گۈلنۇر ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى...

—... خۇدايىم تىلىگىنىڭىزنى بېرەر ئۇكام، مەن بۇ خەۋەرنى تۈنۈگۈن كەچتە ئاڭلىدىم، خۇشال بولۇپ، يۈرەكلىرىم يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان بولىسىز، قىز بالا ئۈچۈن بۇ ئەڭ مۇھىم ئىش ئىكەن، ئەرنىڭ قولىغا قالغان خوتۇننىڭ كۆڭلى تەس ئىكەن، مەن بۇنى بەكمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋاتىمەن، كىشىگىمۇ يامانلىق قىلمىغانىدىم. قانداق قىلىپ مۇشۇ كۈنگە قالغىنىمنى بىلمەيمەن، ياخشى ئوقۇڭ سىڭلىم، خۇدايىم پېشانىڭىزنى سىلاپتۇ، ئاكىڭىز ياخشى ئادەم ئىدى، ئاخىرى ھاراق ئۇنى كاردىن چىقاردى.

— جاھاندا نۇرغۇن ئىشلار ئۆگىشىلەۋاتىدۇ-ھەدە، ئاكاممۇ ئادەم بولۇپ قالار، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بۇ توغرىلىق مەن ئاكامغا خەت يازىمەن!— دېدى پەرىدەم.

— ماۋۇنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، سىڭلىم، يولدا بىرەر ۋاق تاماققا ئەسقىتىپ قالار،— گۈلنۇر يېنىدىن يەتتە سوم پۇلنى ئېلىپ پەرىدەمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

بۇ ئەھۋاللارغا يىراقتىن زەن سېلىپ تۇرغان مەھەممەت ئىزا تارتىپ يەرگە قارىدى، كونىلار توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئادەمنى نومۇس، دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن.

ئاپتوبۇس قوزغالدى، پەرىدەمنىڭ كۆز يېشى مۆلدۈرلەيتتى. ئۇنى ئۇزىتىۋاتقانلارنىڭ كۆزلىرىگىمۇ ياش كەلگەنىدى.

مۇشۇنداق پەيتتە يىغلىيالايدىغان ئادەم مۇھەببەتلىك ئادەم.

— ئەگەر ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا قانچىمۇ خۇشال بولغان بولاتتى،— دېدى خەيرىنىساخان ئاچا ئاپتوبۇس بېكەتتىن چىقىپ كەتكەندە ھېسسىياتىنى باسالماي. جاھان ھېسسىياتلىق ئادەملەر ئارقىلىق گۈللىنىدۇ.

تۇرمۇش بەزىدە بىزنى ھەر خىل سەنەملەرگە دەسسىتىش ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇتىدۇ ۋە سىرىنى ئاشكارىلايدۇ، مۇشۇنداق بولغاچقا، بىز ئېغىر كۈنلەرگىمۇ چىشىمىزنى چىشلەپ چىداپ، ئۆزىمىزنىڭ، باشقىلارنىڭ ۋە كائىناتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىزدىنىمىز!

ئاق يول بولسۇن، پەرىدەم! ھايات باھارى سىزگە ۋە سىزگە ئوخشاش ئاچا-سىڭىللارغا مەڭگۈ قۇچاق ئاچىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئابلىمجان ئىسمايىل

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئەبىجان ماخمۇت

# «سېرىق سەبدە» نى ئاسرايلى

ئىختىساس ئىگىلىرى پۈتۈن جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك بايلىقى. شۇڭا ئۇلارنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلارنى قەدىرلەش ۋە ئاسراش، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ جەھەتتە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن ئايرىم جايلاردا، بىر قىسىم كىشىلەردە يەنىلا ئىختىساسلىق خادىملارنى باسىدىغان، كۆرەلمەيدىغان، تۈرلۈك قەبىھ ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇلارنى نابۇت قىلىۋېتىدىغان ناچار ئىللەتلەر بىرقەدەر گەۋدىلىك ساقلانماقتا. بۇ شۇبىھىسىزكى ئېيتقان قارا نىيەت، ساختا شۆھرەت ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبارەت نادانلىقنىڭ ئۈچ خىل ئىپادىسىنىڭ بىرىنچى خىلى بولۇپ، ماھىيەتتە، مىللىتىمىزدىكى بىر خىل مەنىۋى كېسەللىك، روھىي بۇزۇلۇش.

ياش يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆزىنىڭ «سېرىق سەبدە» ناملىق ھېكايىسىدا ماھىر «روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى» بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ روھىي كېسەللىكىگە توغرا «دىئاگنوز» قويغان ۋە ئۇنى قەلەمدىن ئىبارەت ئۆتكۈر «ئوپېراتسىيە پىچىقى» ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلغان.

بۇ ھېكايىدا ئالىم، رەجەپ قادىر، نۇرىمان، تۇراخۇن، مۇختەرجان قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا، بولۇپمۇ ئىختىساس ئىگىلىرىگە، ئىسلاھاتقا تۇتقان تۇپ پوزىتسىيىسىنى ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش ئارقىلىق باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئاپتور ئالىمنىڭ مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدىكى بىر قاتار پائالىيەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىپ، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىپ ھەقىقەتنى تونۇغان ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان كۈچلۈك ئىسلاھات روھىغا ئىگە دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتقان. مېنىڭچە ئالىم ئوبرازىنىڭ قىممىتى دەل مۇشۇ نۇقتىدا كۆرۈلىدۇ. رەجەپ قادىر ھېكايىدا سەلبىي پېرسوناژ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىپمۇ ئالىمنى قولغا كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، نۇرىماننىڭ بۇرۇنقى يولدىشى قاسىمجاننى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى

ئالىم بىلەن نۇرىمانىنىڭ سۆھبەتلىشىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ جېدەل چىقىرىشقا كۆشە- كۆرتىدۇ... گۆلدەك بىناكارلىق ھۇنىرى بار تۇراخۇننى ئىدارىنىڭ لاۋازىمەت ئىشلىرىغا سېلىپ ئابۇت قىلغىنى يەتمىگەندەك، يەنە ئۆزىنىڭ زەھەرلىك قولىنى نۇرىمانىغا سوزۇپ، ئۇنى ئارقا سەپكە يۆتكەش يولى بىلەن تالانتىنى جارى قىلدۇرۇش شارائىتىدىن مەھرۇم قىلماقچى بولىدۇ... مانا بۇلار رەجەپ قادىرنىڭ قارىماققا ئىسلاھاتنى قوللىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسلاھاتقا قارشى تۇرىدىغان مۇتەئەسسىپ، ھەسەتخور، شۆھرەتپەرەس، قارا نىيەت، شەخسىيەتچى، نادان كىشى ئىكەنلىكىنى چۇشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ھېكايىدىكى يەنە بىر ئىجابىي پېرسوناژ نۇرىمان بولۇپ، يازغۇچى ئۇنى رەجەپ قادىر، مۇختەرجان قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە قارشى قويۇپ تەسۋىرلىگەن. ھېكايىدىكى سېرىق سەبدە ئىسلاھاتتىن ئىبارەت يېڭى شەيئىگە، ئىلىم - مەرىپەتكە ۋە ئۇنى سۆيىدىغان، رەھىمسىز رېئاللىققا باش ئەگمەي ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئەمما قۇرۇق شان - شۆھرەتكە ئىنتىلمەيدىغان دەۋرىمىز ياشلىرىغا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، يازغۇچى نۇرىمانىنىڭ سېرىق سەبدەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۇپ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاشۇنداق ياشلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. نۇرىمان ئەنە شۇنداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن پۈتكۈل ھېكايىدا يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدۇ.

ھېكايىدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تۇراخۇن ۋە مۇختەرجاندىن ئىبارەت ئىككى قوشۇمچە پېرسوناژمۇ بار بولۇپ، ئۇلار خاراكتېر جەھەتتىن بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

تۇراخۇن مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى تۇرىدىغان، ھەقىقەتنى ياقلايدىغان، ئاق كۆڭۈل كىشى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بۇخىل ئالىيجاناب روھ رەجەپ قادىرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە ئالىم ھەرخىل پىتنە - پاساتلارغا ئىشىنىپ، نۇرىمان ھەققىدىكى تۇچېرىكنى يېزىشتىن ۋاز كەچكەندە، ئۇنىڭ كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، رەجەپ قادىرنىڭ ھەققىي ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقى، شۇنداقلا ئالىمنى نۇرىمانىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ناھەقچىلىكنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مۇختەرجان ئۆزى نادان بولغاچقا، نۇرىمانغا ئوخشاش بىلىملىكلەرنى قەتئىي كۆرەلمەيدۇ. رەجەپ قادىرغا خۇشامەت قىلىش بىلەن جان باقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا تۇراخۇندىكىدەك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى تۇرىدىغان ئالىيجاناب روھ يوق. يازغۇچى مۇختەرجاننىڭ بۇخىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ تىپىك سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

يازغۇچى ئۆزىنىڭ ھېكايىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىسىنى يۇقىرىقى پېرسوناژلار ئوبرازىغا سىڭدۇرۇش بىلەن بىللە يەنە ئاپتور مۇلاھىزىسى ئارقىلىقمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، «دېمىسىمۇ، ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت بۇ ۋابا قان ھۈجەيرىلىرىدىكى ئىرسىيەت ئامىلىغا ئوخشاش نەچچە ئەۋلاد ئادەملىرىمىزنىڭ قەلبىدە كېسەللىك ئوچىقى پەيدا قىلىپ، ئىچكى خورىتىش رولىنى ئوينىمىدىمۇ؟ ئىبلىسلارنىڭ قاتمۇقات توسۇقلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھۇرلۇك تەختىگە يېتىشلەپ قالغان باھادىرلارنى بىر - بىرى بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىشقا قۇترىتىمىدىمۇ؟ ئاقىللارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ، دوستىنى دۈشمەنگە، دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرۇپ، مېھرى - مۇھەببەت رىشتىنى چىرىتىپ، ئىناقلىق ئېتىزىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچمىدىمۇ؟» مانا بۇلار كىتابخانلارنى مىللىتىمىزنىڭ ئۆتمۈشى، بۇ-

گۈنى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىشقا، «ئۈچىنچى كۆز»نى روشەنلەشتۈرۈپ، تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى ۋە ئۆزىنى قايتىدىن تونۇشقا، شۇنداقلا ئۆزگەرتىشكە ئۈندەپ، ھېكايىنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇ ھېكايىسىدا جەمئىيەتتىكى ئورنى، خاراكتېر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر قاتار ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ روھىي كېسىلى بولغان ھەسەتخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، نادانلىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى دادىللىق بىلەن پاش قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، مىللەتنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بۇخىل روھىي كېسەلنى تېزدىن داۋالاپ ساقايتىشنىڭ، ئىسلاھاتنىڭ - ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ سىمۋولى بولغان سېرىق سەبدەنى ئاسراپ ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ جىددىي زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# يازغۇچىلار جەمئىيىتى كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش - خۇلاسىلەش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى

«كەسپىي يازغۇچىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش سىناق لايىھەسى» يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار ۋە تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە ئالاقىدار فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى قوبۇلنامە قىلىپ، خىزمەت ۋە ئىجادىيەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1990 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، خۇلاسىلەش يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا 40 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىندا پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، جياڭ زېمىن، لى رۇيخۇەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ مۇھىم سۆزلىرى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە دائىر يوليورۇقلىرىنىڭ روھى ئاساسىدا ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى؛ ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى. «كەسپىي يازغۇچىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش سىناق لايىھەسى» يولغا قويۇلغان بىر يىلدىن بويانقى ئەھۋاللار بىلەن تەجرىبە - ساۋاقلار ئەسلەپ ئۆتۈلدى. تۇرمۇش ئۆگىنىش، ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت پىلانلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى توختاملىق كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ توختامدىكى تۇنجى يىلدا ياراتقان ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى تەتقىق ۋە تەھلىل قىلدى. ئىجادىيەت نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئابدۇراخمان قاھار، جاۋ گاڭمىڭ، ئۆمەر غازى، مۇھەممەت باغراش قاتارلىق 4 يازغۇچىنى مۇكاپاتلىدى.

## كىتابخانىلاردىن خەت

# قايتا پەيدا بولغان «خامېلېيون»

روسىيىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى چېخوۋنىڭ «خامېلېيون» ناملىق ھېكايىسىدا ساقچى باشلىقى ئاچىمېلوۋ ئىتنىڭ ئادەم قولىنى چىشلىۋېلىش ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا سۆز-ھەرىكىتىدە ئالتە قېتىم ئۆزگىرىش ياساپ، ئۆزىنىڭ خامېلېيونغا ئوخشاش ئۆزگەرىشچان خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەن. شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مۇھەممەت ئۆمەرنىڭ «قەلەندەرنىڭ ۋەسىيىتى» («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان) ھېكايىسىدىكى ھاجى ئىمامنى ئەدەبىي ئەسەر يۈزىدە قايتا كۆرۈلگەن «خامېلېيون» دېسەك، ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

چېخوۋنىڭ «خامېلېيون» ھېكايىسىدىكى ساقچى باشلىقى ئاچىمېلوۋ ئىتنىڭ گېنېرالنىڭ ئىتى ياكى ئەمەسلىكىگە ئاساسەن ئىت چىشلىۋېلىش ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. «قەلەندەرنىڭ ۋەسىيىتى»دىكى ھاجى ئىمام بولسا، «قەلەندەر»نىڭ جامائەتكە قالدۇرغان بىساتىدىن ئۆزىگە قانچىلىك تېگىدىغانلىقىغا ئاساسەن «قەلەندەر»نىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ۋە ئۇنى يەرلىكىگە قويۇش ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكىتىدىمۇ بەش قېتىم ئۆزگىرىش بولىدۇ:

بىرىنچى قېتىم مۇزدۇز قادىراخۇن نۇرۇللاخۇننىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەندە، ھاجى ئىمام: «...نۇرۇللا دېگەن ھاراقكەشلىك قىلىپ ئىككى پۇتىدىن ئايرىلغان، خۇدانى تونىمايدىغان نائەھلى...» دەپ ئۇنىڭ نامىزىنى مەسچىتتە چۈشۈرگىلى قويمايدۇ.

ئىككىنچى قېتىم قادىراخۇن نۇرۇللاخۇننىڭ سەدىقە ئېلىپ يىغقان، جامائەتكە ئاتاپ تۇنىكە ساندۇقتا ساقلاپ قويغان بىساتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ھاجى ئىمام: «... دېمەك، نۇرۇللاخۇن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، گۇناھكار بولغىنىنى بىلەن كېيىن خۇدانى ياد ئېتىپ، ئۇ ئالەملىكىنى ئويلاپ تۆۋە قىپتۇ-دە... ھە... ياراتقان ئىگەم تۆۋە قىلغان بەندىسىنى ئەلۋەتتە كەچۈرىدۇ...» دەپ مېيىتنى مەسچىتكە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ.

ئۈچىنچى قېتىم مېيىت بىلەن ئۇنىڭ تۆمۈر ساندۇقىنى ئەكىلىشكە بىللە بارغان مەدەت مەزىن مېيىتتىن بۇرۇن ساندۇقنى ئېلىپ كېلىدۇ، ھاجى ئىمام ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان ياماق پۇرۇچلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ كىرگەن قادىراخۇنغا بىرمۇنچە ئاھانەت قىلىپ: «... ئىمانلىرى-

نى بۇلغىماي پاك تۇتىمەن دەيدىكەنىلا خۇدايا تۆۋە دەپ، بۇ پەسەندىنىڭ ئۆلۈكىنى دەرھال كۆزدىن يوقاتسىلا!» دەپ كايىيدۇ.

تۆتىنچى قېتىم قادىراخۇن ھېلىقى ساندۇقنىڭ نۇرۇللاخۇننىڭ ساندۇقى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ياماق پۇرۇچلىرىنى سالىدىغان ساندۇقى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، نۇرۇللاخۇننىڭ تاپقان - تەرگەنلىرى بار ساندۇقنى ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن ھاجى ئىمام: «جامائەت! ئالدىمىزدا رەھمەتلىك نۇرۇللاخۇننىڭ ئەھلى جامائەتكە ئاتىغان تەۋەررۇكى تۇرۇپتۇ، رەھمەتلىكنىڭ مەسچىت قەۋمىگە قىلغان بۇ ئىلتىپاتى ئۈچۈن مەرھۇمنى ئوبدان ئۆزىتىشىمىز، ھەممەيلەن تۇپراق بېشىغا چىقمىقىمىز ۋاجىپ...» دەيدۇ ھەمدە ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كاللەك - كاللەك پۇلنى كۆرۈپ، سارغايغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىدۇ.

بەشىنچى قېتىم دۆۋىلەنگەن 750 سوم ئىچىدىن نۇرۇللاخۇننىڭ 150 سومنى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن جامائەتكە، 600 سومنى ئۆزىدەك مېيىپ - مەجرۇھلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇش ئۈچۈن خەلق ھۆكۈمىتىگە قالدۇرۇپ يازغان ۋەسىيەتنامىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۇس ئالىدۇ ھەمدە ۋەسىيەتنامىدىن ئۆزىگە تۇزۇكرەك نەپ تەگمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى، تۇپراق بېشىغا بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مەسچىتتىن چىقىپ كېتىدۇ.

دېمەك، ھاجى ئىمام دىنىنى نىقاب قىلىۋالغان ئالدامچى، ئىككى يۈزلىمىچى، ئاچكۆز كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي «خامىلېيون»چە ئوبرازىدۇر.

بۇ ھېكايىنىڭ باش تېمىسى نۇرۇللاخۇننىڭ ۋەسىيەتنامىسى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن، نۇرۇللاخۇن گەرچە سەدىقە ئېلىپ جان باقىدىغان بىر قەلەندەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سەدىقە ئېلىپ يىغقان 600 سومنى ئۆزىدەك بىچارىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. ھېكايە ئاپتورى بۇ ئارقىلىق ھاجى ئىمامغا ئوخشاش كاززاپلارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان، ساپدىل كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇھىم بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

قىسقىسى، بۇ ھېكايە مەيلى ئوبراز يارىتىش جەھەتتە بولسۇن، مەيلى باش تېمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بېرىشتە بولسۇن، ياخشى يېزىلغان ھېكايىلارنىڭ بىرى.

قەشقەر يېڭىشەھەردىن ئابلىمىت ساۋۇت

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

# «مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلىغانسېرى، مەسئۇلىيىتىمنىڭ تېخىمۇ ئېشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن»

1989 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى نامزاتلىرى ئىچىدە ئىسپانىيە يازغۇچىسى كامىلو خوس سېلانىڭ ھەممىدىن غالىب كېلىپ، بۇ تاجنى شەرەپ بىلەن كىيگەنلىكى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى. بۇ ئىش توغرىسىدا خەلقئارادىكى ئەدەبىيات ئەھلىلىرى بەس - مۇنازىرە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ ۋەتەندىشى، ئاتاقلىق شائىر رافائىل ئالبېرتىمۇ ئۆزىنىڭ باشقىچە كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «بۇ مۇكاپات باشقىلارغا بېرىلگەن بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى» دېدى. چۈنكى سېلا ئىسپان تىلى سىستېمىسىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىدىمۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسى ئەمەس ئىدى. ئىسپانىيە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئورتاق قارىشىچە، ئۇنىڭ ئىسمى پېرونىڭ باركاس لوسا، مېكسىكىنىڭ ئوكتاۋىئوپاز، كارلوس فۇئېنتېس ۋە دىلپاسو، ئۇراگۋاينىڭ كارلوس ئونېتتى، ھەتتا چىلىنىڭ دونوسو قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىشى كېرەك ئىدى، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيىدىكى گېردىم، ۋىدىئادخار نايپائول، گۈنتېر گراس، ئالبېرت مۇراۋىيا، كونددېرا، ئارتۇر مىللېر ۋە ئوتىز، ئامادۇ قاتارلىق سەركەردىلەر ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۈستۈن تۇراتتى. سېلا ئۆزىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەمكىنلىك ھەم كەمتەرلىك بىلەن: «مېنىڭچە، ئەدەبىيات ئىشلىرى ئۈچۈن ھەممىدىن كەچكەن ھەرقانداق بىر يازغۇچى بۇ ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ قېتىم ماڭا نېسىپ بوپتۇ. شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنى قەۋەتلا بەختلىك ھېسابلىغانسېرى مەسئۇلىيىتىمنىڭ تېخىمۇ ئېشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن» دېدى.

سېلانىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە نەزەر سالغاندا، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كەسكىن يازغۇچى ئىكەنلىكىنى ئادىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئۆز مەملىكىتى ئىسپانىيىدە ھەر ھالدا ئالدىنقى قاتاردىكى مۇنەۋۋەر پروزىچى سانىلىدۇ. ئۇ «دۈنكىخوت» رومانىدىن كېيىن ئەسەرلىرى ئەڭ بازار تاپقان ئىسپانىيە يازغۇچىسى. ئىسپانىيە ئەدەبىيات ساھەسى ئۇنى يەنە ئىسپانىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ئەسلىگە كەلگەن ۋە يېڭىباشتىن بارلىققا كەلگەن ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىسى، بىر دەۋر ئۇسلۇبىنى ياراتقان يازغۇچى دەپ ماختايدۇ.

سېلا 1916 - يىلى 11 - مايدا ئىسپانىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى گالىتسىيە رايونى لاكورونىيە ئۆلكىسىنىڭ پېدىرون شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 24 يېشىدا «باسكويار دۇئارتىنىڭ ئائىلىسى» ناملىق تۇنجى رومانىنى يازغان، ئەمما مادرىتتىكى نەشرىيات سودىگەرلىرى بۇ ئەسەرنى بېسىشنى رەت قىلغان، ھەتتا بەزىلىرى

ئۇنىڭدىن ئەسەرنى باشقىدىن ئۆزگەرتىپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان. شۇندىن كېيىن سېلا تېخىمۇ تىرىشىپ، پۈتۈن زېھنىنى ئەدەبىيات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇ 1942 - يىلى بىر نەچچە قېتىم جاپالىق بەدەل تۆلەش ھېسابىغا «باسكويار دۇئارتىنىڭ ئائىلىسى» ناملىق رومانىنى يورۇقلۇققا چىقارغان ۋە ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىسپانىيە ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ بۇرۇختۇم ۋەتىمتاس مۇھىتىغا خاتىمە بېرىپ ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا بىرقەدەر چوڭ تەسىر قوزغىغان. بىر مەھەل بۇ رومان ھەققىدە ياخشى باھالار بولدى. ئىسپانىيىنىڭ ئاتاقلىق تەقرىزچىسى گونسالو سوبېيرخانونىڭ ئېيتقىنىدەك «باسكويار دۇئارتىنىڭ ئائىلىسى»نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئىسپانىيە پروزىچىلىقىدىكى كۆمۈلۈپ ياتقان غايەت زور ھاياتىي كۈچنى كۆرسەتتى. ئۇ ئەسلىگە كەلگەن ۋە يېڭىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان ئىسپانىيە ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىنىڭ بىرىنچى ھۇل تېشىنى سالدى، شۇنداقلا 40 - يىللاردىكى ئىسپانىيە كىتابخانلىرىنىڭ چەت ئەلنىڭ تەرجىمە رومانلىرىغىلا ئۆزىنى ئۇرىدىغان ھالىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتتى.

سېلا ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئېزىپ فرانكو ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، فاشىستلارنىڭ كەتمىنىنى چاپقان. فاشىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ يالىلانما ئەدىبلىرى زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى بېزەپ كۆرسىتىۋاتقان ۋە ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە ئۇچۇرۇپ ماختاۋاتقان بىر پەيتتە سېلانىڭ كۆكرەك كېرىپ دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىنى ئاشكارىلاپ، جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىغان مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يۈرەكلىك يېزىپ چىقالىشىدىن، بىز ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سەزگۈر يازغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

1951 - يىلى سېلانىڭ بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يازغان مۇھىم رومانى — «ھەرە كۆنىكى» بۇئېنوس - ئايرىستا نەشر قىلىندى. بۇ رومان ئىسپانىيە كىتابخانلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نەزەرى ئۈستۈن ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭمۇ دىققىتىنى تارتتى. خېلى كۆپ كىشىلەر بۇ ئەسەرنى «ئىسپانىيە رومانچىلىقىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ياراتقان ئۇلۇغ ئەسەر...» دەپ قاراشتى.

ئىسپانىيىنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي تەنقىدچىسى ئانخېل باسانتا «‹ھەرە كۆنىكى› چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىمۇ ئىسپانىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى رومانچىلىقىدا ئەڭ نادىر ئەسەر بولۇشقا مۇناسىپ» دەپ باھا بەرگەن.

بۇ رومان بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە مۇنداق ئۈچ چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچىسى، ئوبيېكتىپ تەسۋىرلەش. سېلا «مەن بۇ رومانىمدا تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە توغرا تەسۋىرلىدىم» دەيدۇ. ئۇ مەيلى ئادەملەرنى يازسۇن، مەيلى مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلىسۇن، ئوبيېكتىپ كۆرۈنۈشلەرنى مۇھاكىمىسىز ھالدا ئوبيېكتىپ بايان قىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، كوللېكتىپ باش قەھرىمانلارنى ئۇستىلىق بىلەن قوللىنىش. پۈتۈن ئەسەردە 346 دىن ئارتۇق پېرسوناژ بار. بۇ پېرسوناژلار مۇھىم، مۇھىم ئەمەسلىكى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدۇ. باسانتا بۇ پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن مۇھىم، ھەممىسى باش قەھرىمانلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان، شۇڭلاشقا كوللېكتىپ باش قەھرىمانلار دەپ ئاتالغان. بۇ سېلانىڭ قالتىس دادىللىقى بولۇپلا قالماستىن،

بەلكى يەنە ئىسپانىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەدەبىياتىدىكى ئۆزگىچە سىناق دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى، ۋاقىتنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە يىغىنچاقلىنىشى. پۈتۈن ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ۋاقىت ۋە كۆرۈنۈشلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. يازغۇچى كۆپىنچە تەتۈر بايان، سەكرەتمە بايان، چېكىنمە بايان، يانداش بايان ۋە ماس قەدەملىك بايان قاتارلىق يېڭىچە تەسۋىرلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى كۈچەيتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە كىتابخانلارغا پىكىر قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغدۇرغان.

1983 - يىلى 9 - ئايدا سېلانىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان يەنە بىر رومانى نەشر قىلىندى، يازغۇچى بۇ رومانى ئۈچۈن 1984 - يىلى تەسىس قىلىنغان ئىسپانىيە مەملىكەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ رومان بابلارغا بۆلۈنمىگەن. ۋەقەلىكنىڭ ئىزچىللىقىنى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش ئۈچۈن يازغۇچى باشتىن - ئاخىر مۇشۇ ئىزدا ماڭغان. ئىسپانىيە تەنقىدچىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا، بۇ رومان سېلانىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى بىر چوققا، ئۇنى ئىسپانىيە بۈگۈنكى زامان رومانچىلىقىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەر قاتارىغا قويۇشقا بولىدۇ دەپ قاراشماقتا. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ رومان ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە. يازغۇچىنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ قانغا بويالغان جەسەت، قانخورلۇق ۋە قىساسكارلىقلارنىلا كۆرسىتىپ ئادەملەردە ۋەھىمىلىك تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئەمەس، بىز ئەسەردىن يازغۇچىنىڭ خۇراپاتلىق، ۋەھشىيلىك، زوراۋانلىق ۋە قارامىلىقلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۋالالايمىز. ئۇ، بۇ ئەسىرىدىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ. بېكىنمىچىلىك، قاششاقلىق، قالاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن، دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ۋە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تۇمانلىرى قاپلىغان ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى خېلى كۈچەپ ئېچىپ بەرگەن.

بۇ رومانىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبىنىڭ نەپىسلىكىدىن ئىبارەت. مەيلى كۆرۈنۈشلەر تەسۋىرى بولسۇن، پېرسوناژلارنى يارىتىش ياكى پسىخىكىنى سۈرەتلەشتە بولسۇن، يازغۇچىنىڭ بايانلىرى ئەركىن ۋە تەبىئىي، تاللانغان دېتاللار لايىقىدا قوراشتۇرۇلغان. شۇڭا ئەسەر ئازراقمۇ چۇۋالچاق، زېرىكىشلىك بولۇپ قالمىغان.

يازغۇچى ئەسىرىدە سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى مۇۋاپىق تۈردە قوللىنىپ ئەسەرگە سىرلىق تۈس بەرگەنلىكتىن، ئەسەرنى قولىغا ئالغان كىشى ئۇنى ئوقۇپ تۈگەتمىگىچە قويمايدۇ.

سېلانىڭ يەنە «ئارامگاھ» (1943)، «تازچاقنىڭ يېڭى تەزكىرىسى» (1944)، «كودۋىر خانىمنىڭ ئوغلى بىلەن قىلغان سۆھبىتى» (1953)، «سان كامىلو 1936» (1969) قاتارلىق رومانلىرى، «بۇلۇت» قاتارلىق ھېكايىلار توپلىمى ھەمدە دراما، زىيارەت خاتىرىلىرى ھەم شېئىرلىرى بار.

سېلا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئالغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كىشىلەر بۇنى بىر خىل ئىشەنچ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىجەز - خاراكتېر ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراشماقتا.

(لىن يىڭئەنىنىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1990 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

ك. تۇردۇن تەرجىمىسى

# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

كامىلو خوسې سېلا (ئىسپانىيە)

## تاتلىق ئاپېلسىن قىشنىڭ مېۋىسى

(ھېكايە)

تاتلىق ئاپېلسىن قىشنىڭ مېۋىسى. ئاپېلسىن رەڭلىك قۇياش ئاسمان-زېمىن ئارىسىدىكى يىراق، يات ۋە خىلۋەت ھاۋالارنى بويلاپ تاغ تەرەپكە قاراپ ئاستا سۈرۈلۈپ كەتتى. چاقماقتاش تېغىنىڭ تەسكەي ئېتىكىدە ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن ئوت چاچرايتتى. 24 يۆرۈش ئۆي قوڭغۇراق بىناسىنىڭ تۈۋىدە تىقىلىشىپلا قالغانىدى. قارىدىسىپ كەتكەن كۆرۈمسىز تام خارابىلىرى بەجايىكى قارا داغ كېسەلگە گىرىپتار بولغاندەك مۇسكۇللارنى قۇم-تۇپراققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. قوڭغۇراق بىناسى ئىلگىرى ئاتمىلىق ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ قوببىلىرى يوقىلىپ، قاغجىراپ كەتكەن ۋە خۇددى ئامەتى قاچقان باتۇرغا ئوخشاپلا قالغانىدى. ئۆگزىنىڭ كاھىشلىرى بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن تاشلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ چېقىلىپ كەتكەن ۋە ياسالماي تاشلىنىپ قالغانىدى. قوڭغۇراق بىناسىدىكى ئاق لەيلەك ئۇۋىسى باھار ئاپتىپىنى كۈتەتتى. بۇ ئاپتاپ يىراقتىكى قۇشلارنى ئۆز باغرىغا چىللايتتى. شۇڭا بۇ يەرگە ھەر خىل قۇشلار كېلىشەتتى، ئۇلار خۇددى ئىرىشچان بالىغا ئوخشاش كالپىندارنى يادىدا چىڭ ساقلايتتى.

ئاق لەيلەك ئۇۋىسى تاشقا سىرلىق ۋە مۇستەھكەم يىلتىز تارتقانىدى. ئاق لەيلەك ئۇۋىسى — يىگىرمە تۆت تال قۇرۇق شاختىن تىزىپ ياسالغانىدى. ئۇنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتەلمەيتتى، چاقماق سوقۇۋېتەلمەيتتى. ئاق لەيلەك ئۇۋىسىنى پەقەت خۇدانىڭ سايىسىلا خۇددى ئېگىز ئاسماندىكى لاچىنغا ئوخشاش ئەڭ ئاۋۋال يالاپ ئۆتەتتى.

تۈن يېپىلماقتا. ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن ئاجىز چىراغ نۇرلىرى چۈشمەكتە. دېرىزە قاناتلىرى ئۇنچىۋالا ھەم ئەمەس، ئۇنىڭدا نېمىگىدۇر ئىنتىلىپ تەشۋىشلەنگەن، ئىنتىزارلىقتا تولۇپ تاشقان، غېرىبلىقتا، تەسكىن تاپالمىغان يۈرەككە ئوخشاش ئاراش بار ئىدى. كۆزنى قىسىپ قارىغاندا نۇر تۆكۈپ تۇرغان ئاشۇ ئاراش خۇددى سايىغا تېگىپ قويۇلغان قاخشال ئەرۋاھقا، ئەڭ كېرەكسىز چوڭ بىر تىغقا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. بۇ چوڭ تىغلارنىڭ ھەممىسى-

نىڭ ئۆزىگە خاس يورۇقى بار بولۇپ،
بەزىسى مۈشۈك كۆزىگە، بەزىسى ئاتنىڭ
كۆزىگە، بەزىسى بۆرىنىڭ كۆزىگە ئوخشايت
تى. بۆرە كۆزىدىن نەپرەتلىك چېقىرتىكەن
رەڭگى چاقنايتتى. ئاشۇ نۇرلارنىڭ كۆرۈ
نۈشى بىلەن ھالىتى ئەسەبىلىرىمىزنى ئا
زابلاپ، مېڭىمىزدە بىر غەلىتە دەرەخنى
يەنى قورقۇنچلۇق شاخلىرىنى مېڭە پەردى
مىزگە كىرگۈزۈۋالغان بىر دەرەخنى شە
كىللەندۈرگەنىدى. ئىزغىرىن شامال خۇد
دى كوچىلاردا سوكۇلداپ يۈرگەن ئاچ
ئىتتەك تاغ تەرەپتىن چىقماقتا ئىدى. شا
مال پوپىنىڭ زەيتۇنزارلىقىدا ئۇشقىتاتتى.
زەيتۇنزارلىقنىڭ رەڭگى خۇددى كونىرىغان
كۈمۈشكە، قەدىمىي كۈمۈش تەڭگىگە ئوخ
شاش ئۆچكۈن ئىدى. زەيتۇنزارلىقنىڭ ئا
ياغ تەرىپىدىكى خىشتىن چۆرۈلگەن قورۇق
تام بۇلاق تەرەپكە سوزۇلغان بولۇپ، «قى
زىل يۈز» لەقەملىك ئېستۇان موراگۇنىڭ
قويلىرىنى بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ
تۇراتتى. موراگۇن تويى قىلىش ئالدىدا
تۇراتتى. ئېگىز قورۇق تامنىڭ ئۈستىگە
تىكەنلىك چاتقال ۋە جىغان شاخلىرى،
ئۇچلۇق شىشە سۇنۇقلىرى ۋە سۈرلۈك،
قورقۇنچلۇق قاپقارا تۆمۈر سىملار
سانچىلغانىدى. «قىزىل يۈز» نىڭ بۇ قو
رۇقى ھەقىقەتەن مۇستەھكەم ئىدى.
پىكاتېرنىڭ قاۋاقخانىسىنىڭ ئۆگزىسى
تولىمۇ پەس بولغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ بويى
ئېگىز ئىدى. پىكاتېرنىڭ قاۋاقخانىسى نەم
خۇش، گىرىمسەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى
بولسا، ئاچچىقى يامان، ئەمما كالۋاراق ئا
دەم ئىدى. پىكاتېرنىڭ قاۋاقخانىسى قاراڭ
غۇ، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك، ئۇنىڭ يۈزى
بولسا ئاق پىشماق، ئەمما گەپ سۆزى قى
زىقارلىق ئىدى.
پىكاتېر ئەللىك ياشتا ئىدى. پىكا
تېر چۈشلۈك تاماق يېمەيتتى، ھەمىشەم
خوتۇنىدىن دەشنەم ئىشىتىپ، تاياق يەيت
تى. پىكاتېر ھورۇن، بىكار تەلەپ ئادەم
ئىدى. پىكاتېر ھاراقكەش، بەڭگى، قىمار
ۋاز ئىدى. پىكاتېر ئاياللار بىلەن ھەپى
لىشىشكە ئامراق ئىدى. پىكاتېر ئافرىقىدا
ھەربىي قىسمدا بەنىجاڭ بولغان، ئاروت
تېغىدا بىر پۇتىغا ئوق تەگكەنىدى. پى
كاتېر توكۇر ئىدى. پىكاتېرنىڭ يۈزى
چوقۇر ئىدى. پىكاتېر يۆتىلەتتى.
ــ ئىلاھىم، يوقسۇللۇقتىن ئۆل، ئاچ
قېلىپ ئۆل!
ــ ...
ــ كۆزۈڭگە ئاق چۈشسۇن!
ــ...
ــ يۈرىكىڭگە كۆيە چۈشسۇن!
ــ ...
ــ تىلىڭغا كۆيدۈرگە چىقسۇن!
پىكاتېر پەشتاختىنىڭ كەينىدە
ئولتۇراتتى.
ــ تىلىڭنى تارتساڭچۇ، سەيگۇلىھا؟
ــ تارتقۇم كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنداق
قىلىشنى خالىمايمەن!
پىكاتېر ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بىلەن
قارايدىغان پەيلاسوپ ئىدى.
ــ ئاناڭنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بېرەي
مۇ، سەيگۇلىھا؟
سەيگۇلىھا جىم بولۇپ قالدى.
سەيگۇلىھا پىكاتېرنىڭ خوتۇنى ئىدى.
سەيگۇلىھا پەتەك، سېمىز، كاسىسى
يوغان، ئېرىگە سادىق، ئەمما ۋالاقتەككۈر
ئايال ئىدى.
سەيگۇلىھا خۇددى نارەسىدە قىزلاردەك

ساغلام ۋە گۈزەل، ئىككى مەگىزى بولسا ئاناردەك قىپقىزىل ئايال ئىدى. سەيگۈلىھا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى - دە، ئۈندىمىدى. «قىزىل يۈز» بىلەن پىكاتېر دىلكەش دوستلاردىن ئەمەس ئىدى. «قىزىل يۈز» نىڭ لايىقى پىكاتېرنىڭ دېدىكى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىكاتېر بەزىدە ئاشخانىغا كىرىپ، «قىزىل يۈز» نىڭ لايىقىغا:

— ئۆزۈڭنى تولىمۇ ئۇرۇپ كەتمە، ئازراق ئىشلىسەڭمۇ بولىدۇ، سەيگۈلىھا ئىشلىسۇن، ئۇ باشقا ئىشلارنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، — دەيتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈنى «قىزىل يۈز» نىڭ لايىقى پىكاتېرنىڭ ئۆيىدىن يىغلىغان پېتى چىقىپ كەتكەن. سەيگۈلىھا ئۇنى ئۇرۇپ، بېلىنى ئۈزۈۋەتكىلى تاس - تاس قالغان. سەيگۈلىھا كىشىلەرگە: ئۇ بىر چوشقا، پەسەندە بىر نېمە. ئۇ پىكاتېر بىلەن ئېغىلغا كىرىپ بۇزۇقچىلىق قىلدى، دېگەن. كىشىلەر پىكاتېرنىڭ خوتۇنىدىن:

— بىراق، سىز ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىزمۇ، سەيگۈلىھا چوگئانا؟ — دەپ سوراشقان.

پىكاتېرنىڭ خوتۇنى جاۋاب بېرىپ:

— ياق، كۆرمىدىم. كۆرۈپ قالغان بولسام ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتىم. گەپ يوق ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، — دېگەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ «قىزىل يۈز» بىلەن پىكاتېرنىڭ ئاغىنىدارچىلىقى بۇزۇلغان.

پىكاتېرنىڭ قاۋاقخانىسىنىڭ لىمىغا بىزەچە قىزا ۋە يېلىم سۇرتۇلگەن قەغەز پارچىلىرى — يازدىكى چىۋىن ۋە يەتتىنچى، سەككىزىنچى ئايلاردىكى گىژىلداپ تىنمايدىغان يېشىل باش چىۋىنلارنى يوقىتىدىغان چاپلاشقاق قەغەزلەر ئېسىقلىق ئىدى.

«قىزىل يۈز» پوچى، ساغلام، كۈچلۈك يىگىت ئىدى. ئۇ ساغرىسىنى تولغاپ مارش ئۇسسۇللىرىنى ئوينىيالايتتى. «قىزىل يۈز» چېكىلىكى بار شەپكە كىيەۋالاتتى. «قىزىل يۈز» دەرياغا تور تاشلاپ، تروت بېلىقى تۇتۇشقا ئۇستا ئىدى. «قىزىل يۈز» ئىسقىرىتىپ تۇرۇپ چوشقا پىچالايتتى. «قىزىل يۈز» توشقان ئۆتىدىغان يوللارغا قىلتاق قويۇشقا ماھىر ئىدى. «قىزىل يۈز» پو ئېتىشقا ئامراق ئىدى.

«قىزىل يۈز» نىڭ ھۈنەرلىرى ئۇنىڭغا ئاتىسىدىن مىراس قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى بىر قېتىم كالتەك بىلەن بۆرە سوقۇۋالغانىدى.

— بۆرىنى سەن نەدە ئۆلتۈرگەنىدىڭ؟ — دەپ سوراشتى ئۇنىڭدىن دوستلىرى.

— بۇ راست بولغان ئىش، يىگىتلەر، راست بولمىسا سىلەرگە دېمەيتتىم.

«قىزىل يۈز» نىڭ ئاتىسى ئىككى كونىسولۇق ھاراق ئۇتۇۋالغاچقا، بىر دۇكانغا كىرىپ، بىر ياماقلىق سۆرلەنگەن چوشقا گۆشى، بىر ياماقلىق تۇز، بىر ياماقلىق باغ، بىر ياماقلىق مىق، بىر ياماقلىق قەنت، بىر ياماقلىق قارىمۇچ، بىر ياماقلىق يىلىم، ئۈچ تال چاقماق تېشى، بىر قەغەز قىسقۇچ، بىر ياماقلىق كۆك رەڭ، بىر ياماقلىق بولكىسىمان ئەنجۈر پېچىنىسى، بىر ياماقلىق كىرسىن، بىر ياماقلىق قۇم قەغەز سېتىۋالدى. دۇكان خوجايىنى پوكەينىڭ تارتمىسىدىن بىر ياماق ئېلىپ بەردى. ئالتە رىيالنى ھېلىقى باغلاشقان كىشى چىقاردى. كېيىن «قىزىل يۈز» نىڭ ئاتىسى دورىخانىغا بېرىپ، بىر ياماق پۇلىنىڭ ھەممىسىگە سۇدا ئېلىپ ئىچتى.

«قىزىل يۈز» پىكاتېرنىڭ قاۋاقخانىس-

غا كىردى.

— ھوي، پىكاتېر ....

پىكاتېر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

— مېنى ئوسپىيىمنو دەڭ!

«قىزىل يۈز» بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى.

— ھوي، ئوسپىيىمنو ....

— نېمە كېرەك؟

— ماڭا بىر رومكا ئاق ھاراق قۇيۇپ بەر! ئاچچىق - چۇچۇك نەرسەڭ يوقمۇ؟

پىكاتېر بىر رومكا ئاق ھاراقنى كۆتۈرۈپ پەشتاختىدىن چىقتى.

— ماڭا يەنە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ تېرىسكا بېلىقىدىن بىرئاز بېرەي.

«قىزىل يۈز» تامغا يۆلىنىۋىدى، ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقنىڭ ئىككى پۇتى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— ياق، ماڭا ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ تېرىسكا بېلىقىمۇ، قېزىمۇ كېرەك ئەمەس.

«قىزىل يۈز» چاقمىقىنى چىقىرىپ، ئۇچۇپ قالغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇشال ھالدا ئاغزىدىن ئۇزۇن بىر تۈرۈم ئىس چىقاردى.

— ماڭا بىر پارچە چىۋىن قەغىزى بەر! بۈگۈن مېنىڭ چىۋىن قەغىزى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— قەغەز مېنىڭ، ساتمايمەن.

— چىۋىنچۇ؟

— چىۋىنمۇ مېنىڭ.

— ھەممىسى سېنىڭمۇ؟

— ھەممىسى. ھە؛ ساڭا نېمە بولدى؟

پىكاتېرنىڭ قاۋاقخانىسىدا روي بەرگەن ئىشنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. بىلگەن تەقدىردىمۇ ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى.

ساقچى پىكاتېرنىڭ قاۋاقخانىسىغا كىرگەندە، پىكاتېر پەشتاختىنىڭ تۈۋىدە ياتاتتى. يۈزىدىكى پىچاق سېلىنغان يەردىن قان ئېقىپ تۇراتتى.

ساقچى پىكاتېرنى ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئۇنىڭ چىرايى خۇددى بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇندەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

پىكاتېر قېتىپلا قالغانىدى، يارىسىدىن بولسا قىپقىزىل قان تەپچىرەپ تۇراتتى. روي بەرگەن ئىشلار گويا دەھشەتلىك چۈشكە ئوخشايتتى. پىكاتېر قىساس ئېلىش ھەققىدىكى تەمىسىز سۆزلىرىنى بوش ئاۋازدا تەكرارلايتتى.

— پىچاقنى چوقۇم ۋايىجېنىڭ چىقىدىغان يەرگە تىقمايدىغان بولسام ... ۋايىجېنىڭ چىقىدىغان يەرگە ....

ساقچى «قىزىل يۈز» نىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا بارماي، ئۆزى تۇرىدىغان بۇلۇڭدا ساقچىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— نېمە يەۋاتىسەن؟

— ھېچنېمە، چىۋىن قەغىزى يەۋاتىمەن. مېنىڭ نېمە يېيىشىم بىلەن ساقچىنىڭ نېمە كارى؟

تاتلىق ئاپلېسىن قىشنىڭ مېۋىسى. ئاپلېسىن رەڭلىك قۇياش ئارىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىنلا پىكاتېرنىڭ غەزەپلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىدى:

— پىچاقنى چوقۇم ئەجەللىك يېرىگە تىقمايدىغان بولسام ....

سەيگۈلھا بېدىيان ھارىقىغا چىلانغان لوڭگە بىلەن پىكاتېرنىڭ يارىسىنى تاڭدى - دە، مېڭىسى سەگىسۇن دەپ بېشىغا ئازراق سىركە سېپىپ قويدى.

— پىچاقنى جەزمەن ئەجەللىك يېرىگە تىقمايدىغان بولسام ... ئەجەللىك يېرىگە ....

— هوي، نېمه دەپ ۋالاقلاۋاتىسەنوي؟
پىكاتىېر كۆزىنى يۇمـۇۋالغان بولۇپ،
سەيگۇلىهانىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى.

— پىچاقنى جەزمەن ئەجەللىك يېـ
رىڭگە تىقمايدىغان بولسام ... ئەجەللىك
يېرىڭگە ...

ساقچى ئىدارىسىدە «قىزىل يۈز» بەنـ
جاڭغا ئۆزىنىڭ پەقەتلا چىۋىن قەغىـزىنى
ئىستىپ يەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەن سىزگە ئانامنىڭ نامىدىن قەـ
سەم قىلىمەنكى، مەن ئەگەر چىۋىن قەغەـ
زى يېمىسەم بۇ يەرگە قانداق كىرىپ، قانـ
داق چىقىپ كېتىمەن.

بەنجاڭ قاتتىـق چېچىلدى. ساقچى
«قىزىل يۈز» نى كارىۋاتتىن يۆلەپتۇرغۇزدى.

ساقچى بەنجاڭنىڭ ئىشىكىنى چېكىـ
ۋاتقاندا، بەنجاڭ چۈش كۆرۈۋاتاتتى. چۈـ
شىدە بىر لىيەنجاڭ ئۇنىڭغا:

— بەنجاڭ، بۇ بىر مۈشكۈل خىزمەت،
شۇڭا بۇ خىزمەتنى ئۆزىگە قالتىس ئىشىنىـ
دىغان ئادەم ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك،
دەۋاتقۇدەك.

بەنجاڭ «قىزىل يۈز» نىڭ نېمە ئۈـ
چۈن چىۋىن قەغىزى يەيدىغانلىقىنى زادىـ
لا چۈشەنمىدى.

— ئېيتىپ باقە، نېمە ئـۈچۈن چىـ
ۋىن قەغىزى يەيسەن؟

«قىزىل يۈز» بىر كۈچلـۈك سەۋەب،
بىر قايىل قىلارلىق سەۋەبنى تاپقانىدى:

سىزگە ئېيتسام، بەنجـاڭ ئەپـەندىم،
بۇ مېنىڭ غەلىتە مىجەزىم.

— سەيگۇلىهادىن ئۇنىڭ ئېرى بىلەن
«قىزىل يۈز» نىڭ لايىقى ئارىسىدىكى ئاشنىـ
دارچىلىقىنى تىڭ - تىڭلاپ كەلگەنـلەر بۇـ
لاقىچە سوزۇلغان قورۇق تامنىڭ سىرتىغا
توپلانغانىدى.

بىر سائەت بۇرۇن پىكاتېر تىكەنلىك
شاخ، جىغان، ئەينەك سۇنۇقلىرى ۋە قاتـ
تىق تۆمۈر سىم سانجىلغان قورۇق تامـدىن
خـۇددى ئوغـرىـدەك سەكـرەپ چۈشـكەن
ئىدى.

پىچاق پىكاتېرنىڭ قولـدا سـوغۇق
يالتىرايتتى. بۇ يالتىراش كېچىدە دېرىزىـ
دىن چۈشكەن پىلىلداپ تۇرـدىغان ئاجىز
چىراغ نۇرىغا ئوخشايتتى. كېچـىسى دېرىـ
زىگە ھەمىشەم ئاراش قويۇلاتتى. ئاراشنىڭ
قىساس ئۈچۈن، ۋەھىمە ئۈچۈن ياكى ئۈـ
مىدسىزلىكتىن قويۇلىدىغانلىقى بىر خـۇداـ
نىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم ئىـدى.

پىكاتېر ھېلىقى قورقۇنچلۇق لەنەت
سۆزلىرىنى پىچىرلايتتى. دەل مۇشۇ لەنەت
سۆزلىرى ئۇنى «قىزىـل يـۈز» نىڭ قورۇق
تېمىدىن سەكرەپ چۈشۈشكە كۈش - كۈشـ
لىگەنىدى.

— پېچاقنى جەزمەن ئەجەللىك يېـ
رىڭگە تىقمىسام... ئەجەللىك يېرىڭگە...

پېكاتېر ئىللىق، تېتىك، خۇش بۇي،
ياۋاش قوي پادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇـ
نىڭ يۈرىكى خۇددى «قىزىل يـۈز» نىڭ
لايىقى بىلەن ئېغىلغا كىرگەن چاغـدىكىـ
دەك دۈپۈلدەپ تۇراتـتى. پىكاتېـر قوي
پادىسى ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى.
ئۇ خورازغا ئوخشاش ھەسەتخـور، قىپيالـ
ڭاچ دېدەكلەر ئارمىيەسـىنىڭ قالايـمىقان
قوشۇندا چالۋاقاپ يۈرگەن سۇلـتان پاشاـ
دەك رەسۋا ئىدى.

پىكاتېرنىڭ بوغۇزىغا بىر نېمە تىقىـ
لىپ قالدى.

— پىچاقنى جەزمەن ئەجـەللىك يېـ

رىڭگە تىقمايدىغان بولسام...ئەجەللىك يېرىڭگە تىقمايدىغان بولسام...

پىكاتېر جۈپتى يوق بىر قويىنىڭ دۈمبىسىنى سىيلاپ باقتى. قوي ئۇنىڭغا بەجايىكى ئۆزىنىڭ ياش ئايالىدەك، «قىزىل يۈز» نىڭ ئېغىلدىكى پاسكىنا يەردە ياتقان لايىقىدەك قاراپ تۇراتتى.

پىكاتېرنىڭ چېكىسى ۋىژىلداپ كەتتى. ھېلىقى قوي ئىشقىباز ۋە ئىتائەتمەن كېلىنچەككە ئوخشاش تىنچ ئەمما قورقۇپ تۇراتتى.

پىكاتېرنىڭ كۆزلىرى غۇۋالاشتى. قويمۇ كۆز نۇرىنىڭ ئۆچكەنلىكىنى تۇيدى...

دەل شۇ پەيتتە پىكاتېر قولىنى بىرلا سىلكىۋىدى، پىچاق قوينىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتى. قوي بىرلا سىلكىنىپ يەرگە يىقىلدى.

قاتتىق كۆلكە ساداسى خۇددى خورازنىڭ قاتتىق چىللىشىدەك جىلغا ئىچىدە ياڭراپ كەتتى.

پىكاتېر بىلەن «قىزىل يۈز» لايىقى ئوتتۇرىسىدا گەپ - سۆزلا ئەمەس، ھەرىكەتمۇ بار دەپ سۆز - چۆچەك قىلغۇچىلار پوپنىڭ زەيتۇنزارلىقىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بۇلاقچە سوزۇلغان رەتلىك قورۇق تامنىڭ ئالدىدا قىمىرلىماي، ئۈن - تىنسىز تۇرۇشاتتى.

ساقچى كىشىلەرنى يېقىن يولاتمايتتى.

ھېلىقى ھەر قانداق ئىشقا كېچىكىپ بارىدىغان ھەربىي سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

— ھېچنېمە بولمىدى، — جاۋاب بەردى كۆپچىلىك، — پىكاتېر «قىزىل يۈز» نىڭ يۈز تۇياق قويىنىڭ ھەممىسىنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ.

دۇرۇست، ئاتلىق ئاپلېسىن قىشىنىڭ مېۋىسى.

ئاپلېسىن رەڭلىك قۇياش ئاسمان - زېمىن ئارىسىدىكى يىراق، يات ۋە خىلۋەت يوللارنى بويلاپ ئاخىرى تاغ كەينىگە بۇرۇلغان چاغدا، پىكاتېر كۆز بىلەن كۆرگۈسىز ئەسكى تاملىرى ئۆرۈلگەن، قاپقارا دۆۋىگە ئايلىنىپ قالغان ئۆيدىن چىقىپ، ئالەمگە تۇتىشىدىغان يولنى بويلاپ، قاتتىق چاقماق تاشلىق تاغ تەرەپكە قاراپ كەتتى. ئۇ خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك كېتىۋېتىپ پەس ئاۋازدا تەكرارلايتتى:

— پىچاقنى جەزمەن ئەجەللىك يېرىڭگە تىقمىسام... ئەجەللىك يېرىڭگە...

ئاپلېسىن رەڭلىك قۇياش ئاشۇ مەنزىرىنى يورۇتۇپ، يۈز بەرگەن ئىشلارغا پەرۋاسىز قاراپ تۇراتتى.

ھەئە، شەك - شۈبھىسىزكى، تاتلىق ئاپلېسىن قىشىنىڭ مېۋىسى.

1957 - يىل

«چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 1 - سانىدىن

ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

موھەممەت ئىمىن

# ئىككى ھېكايە

## تۆھمەت قالپىقى

ئەزىرايى، بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقىنىمدىن بۇيان بۇنچىلىك چوڭ تۆھمەتكە قالغىنىمنى، بۇنچىلىك قاتتىق ھاقارەت ۋە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن، ھەر قېتىم قاباھەتلىك چۈشتىكىدەك شۇ ئەھۋال كۆز ئالدىمغا كەلسىلا، ئىختىيارسىز تېنىم جۇغۇلداپ كېتىدۇ، قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرىدۇ، بىر ھازاغىچە تىلىم گەپكە كەلمەي قالىدۇ، ھوشۇمنى تاپقىنىمدىن كېيىن ئىچىمدە ئاستا: ئەي پەرۋەردىگارىم، شۇنداق بەندىلەرگە يەنە يولۇقۇپ قېلىشتىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! دەپ قايتا-قايتا پىچىرلاشتىن خالىي بولالمايمەن. ئىھتىمال، سىلەرنىڭمۇ بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغۇڭلار كېلىدىغاندۇ، ئۇنداق بولسا سۆزلەپ بېرەي، شۇ ئارقىلىق ئىچىمنى بوشىتىپ، زەرداب بولۇپ كەتكەن يۈرىكىمگە ئازتولا تەسەللىي تاپسام ئەجەب ئەمەس...

* *

ئەينەككە قاراپ مەيۈسلىنىپ قالدىم: يېشىم تېخى قىرىقتىن ھالقىغىنى يوق، چېكىلىرىمنى ئاپئاق قىراۋ بېسىپ كېتىپتۇ، بۇنى ئاز دېگەندەك، چاچلىرىمنىڭ يېرىمى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كېتىپ، چوققام ماڭلىيىمغا ئوخشاش تاقىر بولۇپ قاپتۇ، ئەمدى يالاڭباشتاق يۈرۈۋەرسەم قاملاشمىغۇدەك، بىر قارا قالپاق ئېلىپ كىيىۋالايچۇ، يارىشىپ قالسا سۆلەت قوشۇلار، دېگەن خىيالنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەينەكلىك ئىشكاپ ئالدىدىن ئايرىلدىمدە، گالستۇكىمنى ئوڭشاپ، كاستيۇمىمنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ، يېقىنراق جايدىكى بىر ماگىزىنغا كىردىم. بىنەپتە كۈنلۈكى بولغاچقا، ماگىزىن ئىچىدە خېرىدارلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، مەن جازىلارغا رەتلىك تىزىۋېتىلگەن تۈرلۈك تاۋارلارغا كۆز يۈگۈرتكەچ باش كىيىم سېتىلىدىغان پەشتاقتا ئالدىغا كەلدىم، يۈز-كۆزلىرىدە بولۇشىچە گىرىم قىلغان، قىرىق بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، شەلپەردەك قىزىل كوفتا-يوپكا كىيگەن، يېڭى تۇغۇلغان قوزىنىڭكىدەك قىزغۇچ پاخما چېچىغا ئاپئاق ئەگمە تاغاق قىستۇرۇۋالغان، چىرايى سوپسوپىياڭدەك سەپسېرىق بىر ئايال مال جازىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە يانداپ قويۇلغان كىچىك بەندىڭدە بىخارامان پوپايكا توقۇپ ئولتۇراتتى. مەن سەۋرچانلىق بىلەن بىر ھازا كۈتۈپ تۇردۇم، لېكىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارايدىغاندەك ئەمەس، شۇڭا نائىلاج ئاستا چاقىردىم:

— خانىم!

ئاڭلىماي قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۈنىدىن سادا چىقمىدى.

بۇ قېتىم ئاۋازىمنى يۇقىرى كۆتۈردۈم:

— خانىم!!

— كىمنى چاقىرىۋاتىسىز؟ — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماي قوپاللىق بىلەن.

— سىزنى!

— مەن سىزنىڭ خانىمىڭىز ئەمەس،

خانىمگىزنى تېپىپ خانىم دەك!
كۆڭلۈمدە شۇ هامان بىر خىجىللىق
تۇيغۇسى پەيدا بولدى، خانىم دەپ چاقىر-
مايدىغان گەپكەندۇق، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمـ
دە، — قارىماسەن، ئۇنىڭ گىرىم قىلىشلىرى،
كىيىنىشلىرىدىنمۇ چوڭ شەهەردىن يۆتكىـ
لىپ كەلگەنلىكى چىقىپ تۇرامدۇ! خانىم
دېگەن بۇ سۆز بىزنىڭ بۇ يەردە هۆرمەتـ
لەش مەنىسىدە قوللىنىلغان بىلەن شىمال
تەرەپلەردە ئاياللارنى ئۇنداق دەپ چاقىر-
مايدۇ، هەي، سەندىكى ئەقىل نەگە كەتتى،
مەتروزى؟ قاپاق ئىكەنسەنغۇ، قاپاق! مەن
ئۆز ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ، بى ئەقىللىق
قىلغانلىقىمغا مىڭ لەنەت ئوقۇپ، ئەپۇ
سوراش ئۈچۈن ئاۋازىمنى ئىمكان قەدەر
سىلىق - سىپايە چىقىرىشقا تىرىشتىم:

— ئاپپاي!

— نېمە؟ نېمە؟ ئاقماي؟! — ئۇ ئاخىرى
بېشىنى كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن ماڭا
ئالايدى، — كىم ئاقماي قاپتۇ؟ مەن — ئاسىيە-
ما؟ ئاغزىڭغا باقماي دەۋاتقان گېپىنى قاراڭ
ماۋۇ ئالجىغان قېرىنىڭ!

تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك بۇ
سۆزلەرنى ئاڭلاپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلـ
مەي مەڭدەپ قالدىم، دېمەك، بۇ ئايال
شىماللىقمۇ ئەمەسكەن - دە! هە، راست،
نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق هەممە يەردە
ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان هېلىقى سۆز
يادىمغا كەلمىگەندۇ؟

مەن چىرايىمنى كۈلكىگە زورلاپ
ئەدەپ بىلەن چاقىردىم:

— يولداش!

— يولداش؟! — ئۇ ئاغزىنى پۈرۈشـ
تۈرۈپ، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ،
ماڭا باشتىن - ئاياغ سىنچىلاپ قاراپ چىققانـ
دىن كېيىن، تۇيۇقسىز كالىلەك ئالتۇن
تېپىۋالغاندەك ئىككى پۈكۈلۈپ، پىخىلداپ
كۈلۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا پوپايكىنى بەلـ
دىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، قەددىنى رۇسلاپ،
قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ، سول قولىنى
بوغما قاپاقتەك بېلىگە تىرەپ، ئوڭ قولـ
نىڭ بىگىز بارمىقىنى كۆزۈمگە تىققۇدەك
بولۇپ چالۋاقاشقا باشلىدى:

— تۈنۈگۈن كېچە چۈشۈمگۇ بۇزۇ-
لۇپ قالمىۋىدى، بۈگۈن نېمە بالاغا قالدىم.
هۇي غىلتاڭباش قېرى، خوتۇنۇڭنى ئوغرى
ئەپقاچقانمىدى - يا؟ بولمىسا نېمىشقا يولدىـ
شىڭنى تېپىپ يولداش دېمەي، بىكاردىن
بىكار مېنى يولداش دەپ يۈرۈيسەن؟ هە،
مەن ياشىكەنمەن، چىرايلىقمىكەنمەن؟
نەپ ئالغۇدەك كەپقالغان ئوخشىمامدۇ تېخى،
هۇ نىيىتى بۇزۇق، قېرىغىنىنى بىلمەي
قالغان پوق ساقال!!!

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم، بىكار-
دىن بىكار بۇ ئايالدىن شۇنچە قاتتىق
دەشنام ئاڭلامدىمەن؟ بۇ هازازۇلنىڭ ئەدىـ
بىنى بىر بەرمىسەم بولمىدى. ماگىزىنىنىڭ
هەممىلا يېرىگە «سىز ئۈچۈن خىزمەت
قىلىمىز» دېگەن خەتلەر يېزىلغان چوڭ -
كىچىك پىلاكات، ۋېۋىسكىلار بىلەن تولۇپ
كېتىپتۇ، لېكىن مال ساتقۇچىلىرى نېمە
ئۈچۈن خېرىدارلارغا بۇنداق قوپال مۇئا-
مىلە قىلىدۇ؟ دىرېكتورنىڭ بۇ ئىشلاردىن
خەۋىرى يوقمىدۇ؟ مەيلى، قانداقلا بولمـ
سۇن، هېچبولمىغاندا ئىككى ئېغىز تەنقىدىي
پىكىر يېزىپ قوياي، بۇ پىكىرلەر بۇنىدىن
كېيىن خىزمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاشتا
ئەسقېتىپ قالار... مەن يۇقىرىقى خىياللارنى
كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، پەشتاقتا
ئۈستىدە تۇرغان پىكىر دەپتىرىنى ئېچىپ،
قولۇمغا قەلەم ئالدىم، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن
تېخىمۇ چوڭ بالاغا قېلىشىمنى نەدىن
بىلەي. ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن پىكىر يازماقچى
بولغىنىمنى پەملىگەن ئايال بىردىنلا ئۇن
سېلىپ هۇقۇيتىپ يىغلاپ، ماگىزىنىنى
بېشىغا كىيدى:



— ۋاي قانداق قىلاي؟ بۇ يۈزۈمنى نەگە قويارمەن؟ ئېرىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن؟ ھۇ! ھۇ! ھۇ!...

ئۇ ئۆزىنى توختىماي كاچاتلايتتى، چاچلىرىنى يۇلاتتى، ئاللىقانداق ھاقارەتكە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانىدەك ئۆزىنى ئۇيان-بۇيان تاشلايتتى، ئۆپكىسىنى ئىچىگە تارتىپ ئېسەدەيتتى....

— نېمە بولدۇڭ، ئاسىيە؟ كىم سېنى بوزەك ئەتتى؟ — توساتتىن بويى پاكار، جۇغى ۋىجىك، چىرايى زەخىملەنگەن جىگەرگە ئوخشاش قارامتۇل كەلگەن، سېرىق توڭكاي چىشلىرى سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغان، چېقىر كۆزلىرىدىن مۇغەمبەرلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان، قوڭۇر چاچلىرى بوراندا قالغان قاغىنىڭ چاڭگىسىدەك جۇۋۇلغان، ئۈستىبېشىغا رەڭگى ئۆچۈشكە باشلىغان تېگى كۆك تېرىكىدىن ئىشتان-چاپان كىيگەن مايمۇنسىمان بىر ئادەم يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى.

— سېنىڭ ئەرلىكىڭ قۇرۇسۇن، ئىلاھىم! — دېدى مال ساتقۇچى ئايال ھېلىقى كىشىنىڭ يۈزىگە شالاقىدە بىرنى تۈكۈرۈپ، — مۇنۇ قېرى ئەبلەخ خوتۇنۇڭغا رەزىل چاقچاق قىلىۋاتسا، گۆشىيىپ قاراپ تۇرامسەن لاتا غىلاپ، ئاناڭ سېنىڭ قەيىرىڭنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان؟!

—ھە، سەن تېخى مېنىڭ خوتۇنۇمغا چېقىلغۇدەك بولدۇڭمۇ ھۇي ئەخلاقسىز، ئىمانسىز گاداي؟ — ھېلىقى ئادەم ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغانچە ياقامغا ئېسىلدى، بويى تولىمۇ پاكار بولغاچقا، يەردىن پۇتى كۆتۈرۈلۈپ قېلىپ، ياقامدا ئىلاڭگۈچ ئۇچۇشقا باشلىدى، بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئادەم قاتتىق غەزەپلەنگەندە ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالىدىغان ئوخشايدۇ، ماڭا گويا ئاسمان-زېمىن ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك، يەر-جاھان تەتۈر چۆگىلەۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلدى، ئېسىمنى يوقىتىپ قويدۇم. بىر چاغدا قارىسام ساقچى پونكىتىدا ئولتۇرۇپتىمەن، كاستيۇمىمنىڭ ۋەتۆەرىكى چىقىپ كېتىپتۇ، گالستۇكىم دۈرەمگە چىقىپ قاپتۇ، يۈزۈم تىلىۋەتكەندەك ئېچىشىۋاتىدۇ، سىيلاپ باقسام، تىرناق ئىزلىرى قالدۇرغان جاراھەتتىن قان تەپچىرەۋېتىپتۇ.

— قېرىغاندا ئۆزىڭىزنى تۇتۇشنى بىلمەيدىغان قانداق شاللاق ئادەمسىز؟ — ياش بىر ساقچى ماڭا نەپرەت بىلەن ئالىيىپ، يېنىدىكى يېشى چوڭراق يەنە بىر ساقچىغا سىناق نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى.

بۇ يەردىمۇ يەنە بوشاڭلىق قىلىپ، موم چىشلىۋالغاندەك ئۈندىمەي ئولتۇرۇۋەرسەم ئىشىنىڭ يامىنىغا ئۆرۈلۈپ، قاراپ تۇرۇپ قارىلىنىپ كېتىدىغانلىقىمنى پەملىدىم-دە، ئۆزۈمنى سەل-پەل تۇتۇۋېلىپ، ئەھۋالنى تەپسىلىي، ئەينەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم، سۆزۈم يېرىملاشماستىنلا بىر ياندا مىشىلداپ ئولتۇرغان مال ساتقۇچى ئايال چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزۈمگە قولىنى تىققۇدەك بولۇپ «رەددىيە» بەردى:

— چوپچوڭلا ئادەمنىڭ قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەۋاتقىنىنى قارىسامملا، سوجاڭ! يا يۈزى قىزىرىپمۇ قويمايدىكەن بۇ داپ يۈزنىڭ! دەسلەپتە ئۇ ماڭا «چىرايلىق خېنىم، ئايدەك جېنىم، يۈز

كوي بەرسەم، بۇگۈن كەچتە بىر كۆڭۈل
ئاچساق» دېدى، قارىسىلا، سوجاڭ! كىپ-
لىشتۇرۇپ دەككىسىنى بەرسەم، مەيدەمگە
قول ئۇزىتىۋاتامدۇ بۇ قېرى لۈكچەك!
قېنى، ساقچىلارنىڭ ئالدىدا بىر ئېيتىپ
باقە، بۇ قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭ يالغان-
مىدى - يا؟

ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئېرى بۇ ئىشلارنىڭ
«راستلىقى»غا گۇۋاھلىق بېرىپ، ساقچىلارغا
تەمدىت سالدى:

— ئەگەر سىلەر بۇ لۈكچەكنى قاتـ-
تىق جازالىمايدىغان بولساڭلار، ئۆزۈم ئۇنىڭ
ئەدىپىنى بېرىمەن، پىچاق تىقىپ قارنىنى
چۇۋۇۋېتىمەن، ئۇ چاغدا بۇنىڭ ئاقىۋىتىگە
ئۆزۈڭلار مەسئۇل!

ياپىر! تووۋا قىلدىم، جاھاندا مۇشۇنداق
ئادەملەرمۇ بولىدىكەن - ھە! مېنى قارىتىپ
قويۇپ، كاسسىغا بىرنى ئۇرۇپلا شۇنداق
يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ چىققاندا
يۈزى چىم قىلىپ قويسىچۇ، كاشكى! بۇنـ-
داق ئادەملەر ئۆزى ئەخلاقسىز تۇرۇپ
باشقىلارنى ئەخلاقسىز، ئۆزى يالغانچى
تۇرۇپ باشقىلارنى يالغانچى، ئۆزى تۆھمەتـ-
خور تۇرۇپ باشقىلارنى تۆھمەتخور دېيىشكە
خۇشتار كېلىدىكەن. سەن تاز دېگۈچە مەن
تاز دەۋالاي، دېگەن شۇكەن - دە!

مەن ئەينەن ئەھۋالنى ھەر قانچە
قىلىپمۇ چۈشەندۈرۈپ بولالمىدىم. ھە
دېسىلا ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە دوست
تارتىشىپ، ھە دېسە ھۇ دەپ لوقما سېلىپ،
يالغان پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ «رەد-
دىيە» بېرىپ، گېپىمنى گەپكە ئۇلاشتۇر-
مايتتى، ساقچىلار ھاي دېسە، ئاللا - كاللا
دەپ ساقچى پونكىتىنى بېشىغا كىيەتتى،
ئۇلارنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم چىقارمىغىچە
بۇ بۇدۇشقاقلاردىن زادىلا قۇتۇلالمايدىغانلىق-
لىرىنى پەملەپ قالدىمۇ ياكى ھەددىدىن


ئارتۇق جىددىيلىشىپ كېتىپ گېپىمنىڭ
قولاشمايۋاتقانلىقىدىن، چىرايىمنىڭ تاتى-
رىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنىڭ بەزگەك تەگكەن
ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەۋاتقانلىقىدىن
گۇمانلاندىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئىككى ساقچى باش
قوشۇپ بىر پەس كۇسۇرلىشىۋالغاندىن
كېيىن «ئامانلىق ساقلاش بويىچە باشقۇرۇش،
جازالاش نىزامنامىسى» نىڭ ئالاقىدار
ماددىلىرىغا ئاساسەن جەمئىيەت تەرتىپىنى
بۇزۇش، قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى
سادىر قىلغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا 50 يۈەن
جەرىمانە قويۇلغانلىقىنى، ناۋادا جەرىمانە
تۆلەشنى خالىمىسام، 3 كۈن تۇتۇپ تۇرۇلـ-
دىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى، ئۆزۈم تاپقان
بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا. ئۈچ كۈن قامال-
سام ئىشىنىڭ ئوخشىغىنى شۇ! ئۇ چاغدا
بالا - چاقىلىرىم نېمە دەيدۇ؟ كېيىمگە ساق-
چىلار ئىشەنمەيۋاتقان يەردە ئۇلار ئىشىنەمـ-
دۇ؟ بولدىلا، پۇل دېگەن قولۇمنىڭ كىرى،
يەنە تېپىۋالارمەن، ئەمما يۈز تاپماق
تەس، بۇ يەردىن تېزرەك يوقىلاي...
كۆڭلۈمدە مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋېلىپ،
ھەمىيىنىمدىن 50 يۈەن چىقىرىپ، ساقچىغا
تەڭلىدىم، لېكىن ساقچى ئورنىدىن تۇرۇشقا
ئۈلگۈرمەستىنلا ھېلىقى پاكىنەك ئادەم
قولۇمدىن پۇلنى يۇلۇپ ئالدى - دە، پۇرلاپ
ئىچكى يانچۇقىغا تىقتى.

— زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار
دېگەن بىز جۇمۇ، بىز! شۇڭا بۇ لۈكچەك
تۆلەمنى سىلەرگە ئەمەس، بىزگە تۆلىشى
كېرەك!

مەن بۇ يېڭى جېدەلنىڭ قانداق
ھەل بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا ساقچى
پونكىتىدىن يېنىپ چىقتىم، بېشىمغا ياخشىراق
بىر قالپاق سېتىۋالماقچى بولغان پۇلغا
ئاخىرى ئاشۇنداق بىر تۆھمەت قالپىقى
سېتىۋالدىم.

# سەسكىنىش

ساۋۇتنىڭ تەنها هاراق ئىچىدىغان
كۆڭلىرى يەنە باشلاندى، ئۆلپەتلىرى ئۇنىڭ
يانچۇقىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى باي-
قاپ، ئاۋۋالقىدەكلا ئۆزلىرىنى ئاللىقاياقلارغا
ئېلىشتى، بىرەر هەپتىدىن كېيىن ماناش
قولىغا تەگسە، بۇ «جان دوستلىرى» يەردىن
ئۈنۈپ چىققاندەكلا قايتىدىن ئۇنىڭ ئەترا-
پىدا پەيدا بولۇشىدۇ، ئۇنى، «قولى ئوچۇق،
سېخىي ئادەم» دەپ ماختىشىدۇ، ئۇ ئېلىپ
بەرگەن هاراقنى قىزارماي تۇرۇپ تىللىرىنى
چاكىلدىتىپ، مەززە قىلىپ ئىچىشىدۇ، ئۇ
بۇيرۇتقان گۆشلۈك قورۇمىلارنى كىلەدەك
يوغان ئېچىلغان ئېغىزلىرىغا بەس-بەستە
كەپلەپ سېلىشىپ، چاينىماي يۇتۇشىدۇ،
ساۋۇت مانا شۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ
ئاي ئاخىرىسىدىكى نامەرتلىكىنى يۈزىگە
سېلىپ، بۇ تۇزكور ئاغىنىلىرىنى رەسۋا
قىلغۇسى كېلىدۇ-يۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ
قەنتتەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يەنىلا كۆڭلى
ئېرىپ كېتىپ، ئۇنداق قىلىشقا يۈزى
چىدىماي قالىدۇ. بۈگۈن نېمىشقىدۇر ساۋۇت-
نىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم، يانچۇقىنى
قېقىشتۇرۇپ، ئاران ئالغان بىر بوتۇلكا
ناچار هاراق ئاغزىغا زادىلا تېتىمىدىغاندەك
ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە زاكوسكا قىلىدىغان
هېچنېمە يوق، زىرە بىلەن لازا كۆپرەك
سېلىنىپ مەززىلىك پىشۇرۇلغان بەش
زىخ كاۋاپ ياكى ئوخشىتىپ قورۇلغان
بىرەر تەخسە گۆشلۈك قورۇما بولغان بول-
سىغۇ خويما ئوبدان بولاتتى، هاراقنىڭ
ناچارلىقىمۇ ئانچە چېنىپ كەتمەيتتى، ئا-
مال قانچە؟ يانچۇق قۇرۇق، ئېغىزغا سې-
رىق سۇ كەلتۈرىدىغان بۇ نەرسىلەرنى كۆز-
لى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ ئولتۇرغانىغا بەر-



مەيدۇ، بۇ بەدبۇي، قاڭسىق لەرسنى ئىچـ
ـمەي دىسە تىخى! خۇمارى تۇتۇپ كەتسە
كىلى قىچىشىپ، بەدىنى تىكەنلىشىپ، ئاغـ
ـزىغا سىرىق سۇ يىغىلىۋىلىپ، زادىلا بوـ
ـلالماي قالىدۇ، ھەتتا بەزىدە جانىدىن كەچـ
ـكۇدەك بولۇپ كىتىدۇ، كۆڭلى تارتقان شۇ
نەرسىگە قانغاندىن كىيىنكى خۇش كەيپـ
ـنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنىڭ نەقەدەر ھۇزۇرـ
ـلۇقىنى بىر دىمە! بۇنى ئادەتتىكى سۆزـ
ـئىبارىلەر بىلەن ئىزھار قىلىپ بىرىش تەس،
بۇنداق چاغلاردا بەزىدە ئۆزۈڭنى لەرزان
لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئۈستىدە سەيلە
قىلىۋاتقاندەك خۇشال، يىنىك سىزىسەن.
ھاياتىڭدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشلار يادىڭـ
ـغا يىتىدۇ. شۇڭا بەخت دەرياسىدا راھەتلىـ
ـنىپ ئۈزۈپ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالماي قاقاقـ
ـلاپ كۈلۈۋىتىسەن، بەزىدە دەرد - ھەسرىـ
ـتىڭ ئىسىڭگە چۈشۈپمۇ قالىدۇ، ئەسلىمىلەر
تىخى رەھىمسىزلىك بىلەن يۈرىكىڭنى تىـ
ـلىپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كونا ياراڭ قوزـ
ـغىلىدۇ، ئىختىيارسىز ھۆركىرەپ يىغلىۋىتىـ
ـسەن. ئىچىڭ بوشاپ قالغاندەك بولىدۇ،
قىسقىسى، ھاراقسىز ياشىغانىنىڭ ھىچقانچە
لەززىتى يوق، بۇنى قەدىمكىلەرمۇ چۈشىنىپ
يىتىپتىكەنغۇ، توختىنىڭ ئىيتىشىچە، نۇرغۇن
كلاسسىك شائىرلار ئەتىدىن كەچكىچە مەست
يۈرۈيدىكەندۇق، مەستچىلىكتە يازغان شىئىرـ
ـلىرى ھەممىدىن ئىسىل چىقىدىكەندۇق، بەـ
ـزىلىرى تىخى مەينى ئۇلۇغلاپ شىئىر يىـ
ـزىپ شۆھرەت قازىنىپتىكەن. دىمەك، ئاشۇ
شائىرلار ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈش
ئارقىلىق مەينىڭ كارامىتى بار خىسلەتلىك
ئىچىملىك ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىشقان،
بولمىسا ئۇلار كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىـ
ـتىدىغان ئاشۇنداق ياخشى شىئىرلارنى ياـ

ـزالارمىدى؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ زامانلاردا
مەينىڭ قەدرىگە يىتىدىغانلارمۇ كۆپ بولمىسا
كىرەك،بولمىساكىمۇئاشۇمەيخۇمارشائىرلارنىڭ
ئەمگىكىگە توغرا، ئادىل باھا بىرەتتى دەيـ
ـسەن؟ ھەي، ھەي! ئەھۋالدىن قارىغاندا،
يەنىلا شۇ قەدىمكى ئادەملەر ياخشىكەندۇق
جۇمۇ! ھىچ بولمىسا، مەيخۇمار كىشىلەرنى
چەكلىمەيدىكەندۇق. ھازىرچۇ، ئازراق ئىـ
ـچىپ قىڭغىر - سىڭغىر دەسسەپ قالدىڭمۇ،
بولدى، ئادەملەر شۇ ھامان ئەتراپىڭغا كۈرـ
ـرىدە ئولۇشىدۇ، ئاجايىپ - غارايىپ مەخلۇقنى
ئۇچرىتىپ قالغاندەك، بىشىڭدىن ئايىغىڭغىچە
ھەيران بولۇپ قارىشىدۇ، بۇنى ئاز دىگەندەك
تىل - ئاھانەت ياغدۇرىدۇ، بەزىلەر تىخى:
ھۇ نىجىس مەست، ئۆلمىگۈر ھاراقكەش!
دەپ تىللىغىنىچە ئاغزى - بۇرنىنى چىمىڭ
ئىتىپ، يەۋىتىدىغاندەك كۆز ئالايتىپ، تۇفى!
دەپ يەرگە تۈكۈرۈپ، بىرەر كىسەلىڭ يۇـ
ـقۇپ قالىدىغاندەك يىنىڭدىن ئالدىراپـ
ـتىنەپ كىتىپ قىلىشىدۇ، ئۇلار زادى نىـ
ـمىشقا شۇنچە يىرگىنىپ كىتىدىغاندۇ؟ مەيـ
ـلى،ئۇلارنىغۇ يات خەقلەر دەيلى، ھەر نىمە
دىسە دەۋەرسۇن، ئاغزىنىڭ يىلى، لىكىن
ھىچ بولمىسا قولغا قول، پۇتقا پۇت بولىدىـ
ـغان خوتۇنى ئۇنى چۈشەنسە بولمامدۇ؟ ئاـ
ـدەمنى ھەممىدىن بەك ئىچىندۇرىدىغان
يىرى شۇ ئەمەسمۇ! خوتۇنى ئۇنىڭ دەردـ
ـھالىغا يىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە
ھە دىسىلا ئۇنى ئەيىبلىگىنى ئەيىبلىگەن،
ئۇنىڭ ماھاشىمۇ 100 كويدىن ئاشىدىغۇ،
شۇنى يەتكۈزۈپ خەجلىسە بولمىدىمۇ! خوـ
ـتۇن خەق ئاچكۆز كىلىدۇ، دىگەن گەپ
بىكار ئىيتىلمىغان ئوخشايدۇ، بولمىسا ئۇـ
ـنىڭ ماھاشىغا كۆز قىزارتىپ نىمە قىلىدۇ؟
ئىرىنى ئامانىيخۇدا ھاراق ئىچكىلى قويسا

نېمىسى كېمىپ قالاتتى؟! «ئۈچ بالىغا ئاتا
بولغان ئادەمنىڭمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى
بىلمىگىنى نېمىسى؟ سەتلىشىپ كۈندىلا
مەست يۈرۈيلا، خەلقىي ئالەم ئالدىدا يۈزۈمـ
نى كۆتۈرەلمەي قالدىم، قويسىلا سىلىدەك
ئەرنى ...!» تووۋا، خوتۇن خەقنىڭ بۇنىڭدىن
باشقا دەيدىغان گېپى يوقمىدۇ؟ خوتۇنى
ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۇنىڭغا ئەنە شۇنىداق
بىلجىرلاپ، قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەيدۇ. خوـ
تۇنىنىڭ ئېيتىشىچە، هاراقنىڭ كاساپىتىدىن
ئۇ يەنە نۇرغۇن كۆلكىلىك، ئەخمىقانە
ئىشلارنى سادىر قىلغانمىش. بىر كۈنى
كەچتە خوتۇنى زاۋۇتتا بىللە ئىشلەيدىغان
يېقىن دوستى مەلىكىزاتنى ئۆيگە باشلاپ
كەلسە، غەرق مەست بولۇپ كەتكەن ساۋۇت
ئىچىپ قالغان يېرىم بوتۇلكا هاراقنى شى
مىنىڭ يانچۇقىدىن چىقىرىپ، رادىئونىڭ
ئۈستىدىرەك تامغا چاپلاقلىق تۇرغان سۆـ
رەتتىكى قىزنىڭ ئاغزىغا هەدەپ قۇيۇۋاتـ
قۇدەكمىش، يەنە تېخى: ئىچسىلەخېنىم، ئىچسىلە،
تارتىنماي ئىچسىلە، ئاتىلىرى بارمىدى بۇ
شەهەردە، ئانىلىرى بارمىدى بۇ شەهەردە؟
هاراق دېگەننى بىز ئىچمەي كىم ئىچـ
سۇن؟ ئۆيدە سىلىدەك چىرايلىق ئۆلپەت
كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلگەن بولسامغۇ ئاشـ
خانىدا لاغايلاپ يۈرمەي بالدۇرراق قايتىپ
كېلىدىكەنمەن، هېلىمۇ كېچىكىپ قالماپتـ
مەن، هە، قېنى ئەمىسە، خوشە! مۇشۇنداق
ئىچىمىز، مۇشۇنداق ياشايمىز! دېگەندەك
بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ، رەسىمگە هاراق
ئېچۈرگەچ ئۆزىمۇ ئىچىۋاتقۇدەكمىش، بۇ
ئەهۋالنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي
قورسىقىنى چاڭگالنىغىنىچە قاقاقلاپ كۈلگەـ
لى تۇرغان هېلىقى قىزنىڭ ئۈچىيى ئۈـ
زۈلۈپ كەتكىلى تاس ـ تاماس قالغانمىش،

خوتۇنى ئىزادىن ئۆلمەپتىمىش ـ يۇ، ئۇنىڭ
بېرىسى بوپتىمىش، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟
خوتۇن خەق گەپ توقۇشقا نېمىدېگەن
ئۇستا ـ هە! ئۇنىڭ هاراقتا بولغان رايىنى
ياندۇرۇش ئۈچۈن هېيلىگەر خوتۇنىنىڭ باش
قاتۇرۇپ تېپىپ چىققان بۇ گېپىنى قارىـ
مامدىغان! ئۇنداقتا ئۆزىنى خېلى ئەر چاغـ
لاپ يۈرىدىغان ساۋۇت قانداق ئورۇنغا
چۈشۈپ قالىدۇ؟ ئۆتۈپ كەتكەن ماز، چۈپـ
رەندىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالامبىدۇ؟ ياق،
بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ساۋۇت
بۇنىڭغا هەرگىز ئىشەنمەيدۇ، ئۇ ئۆلسىمۇ
هاراقنىڭ قۇلى بولۇپ قالمايدۇ، قاراپ
تۇرۇپ بىر بوتۇلكا هاراقمۇ ئۇنى شۇنداق
هەررەك ـ سەررەك ئۇسسۇلغا سالالامدۇ؟ هاراق
ناهايەت ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئاچىدۇ، غەيرىـ
تىگە غەيرەت قوشىدۇ، خىزمەتنى ياخشى
ئىشلىشىگە مەدەت بېرىدۇ، ئىداردىكىلەرنىڭ
غۇتۇلداشقىنىمۇ بىكار، تەنقىدلەشسە تەنقىدـ
لىشىۋەرسۇن، هاراقنى ئۇ باشقىلارنىڭ پۇلىـ
غا ئىچمىدى، ئۆز پۇلىغا ئىچتى، خىزمەتتىـ
مۇ كەتكۈزۈپ قويغان يېرى يوق، كۆپرەك
ئىچكەندە شىرەگە بېشىنى قويۇپ ئانچەـ
مۇنچە ئۇخلاپ قېلىشى هېچقانچە ئىش ئەـ
مەس، بۇنىڭ ئەيىبلىگۈچىلىك نېمىسى بار؟
هاراق ئىچمەيدىغان سادىر كوجاڭنىڭمۇ
ئىش ۋاقتىدا سافادا كېرىلىپ يېتىپ ئۆيـ
دىكىگە ئوخشاش خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتـ
قىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنغۇ؟ هېلىـ
قى جا ئاكتىپلار نېمىشقا كوجاڭغا گەپ قىـ
لالماي ئۇنىڭغىلا يېپىشىۋالىدىكەن؟ بۇ كۆـ
رەلمەسلىك بولماي نېمە؟ باشلىق بولماي
ئادەتتىكى كادىر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاشۇنـ
داق بوزەك قىلىنامدىكەن؟! ناهەقلىق ـ تە،
بۇ،ناهەقلىق! ئەمدى قاراپ تۇرۇپ خىـ

تۇنىمۇ يۇقىرىقىدەك قاملاشمىغان گەپلەرنى
توقۇپ چىقىپ ئۇنى هاراقتىن بەزدۇرمەك-
چى بولۇۋاتىدۇ، بۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان
خام-خىيال! ساۋۇت هاراقتىن ئايرىلالماي-
دۇ، هاراق ساۋۇتتىن! هاراق ئۇنىڭ يۈ-
رەك يارىسىنى ساقايتقان، دەردىگە دەرمان
بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شەپقەتچىسىنى مەڭ-
گۈ ئۇنۇتمايدۇ. هېلىمۇ ئېسىمدە: بۇنىڭدىن
15 يىل ئىلگىرى ساۋۇت پەرىزاتتەك گۈ-
زەل بىر قىزغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ
قالغان، ئۇنىڭ دەردىدە يىغلىغان-قاقشىغان،
ئاخىرى پۇرسەت تېپىپ ئۇ قىز بىلەن
تونۇشۇپ، ئۆز مۇهەببىتىنى ئىزهار قىلغان.
ئەپسۇسكى، ئۇ هېلىقى قىزنىڭ مۇهەببىتى-
گە نائىل بولالماي ئارماندا قېلىپ، ۋاپاسىز
دۇنيا بىلەن خوشلىشىش نىيىتىگىمۇ كەلگەن،
كېيىنچە هاراقتىن تەسەللىي تېپىپ، هاياتلىق
شامىنى ئۆچۈرمىگەن. ئارىدىن ئۈچ يىل
ئۆتكەندىن كېيىن هازىرقى خوتۇنى بىلەن
تونۇشتى، توي قىلدى، باللىقمۇ بولدى.
خوتۇنىمۇ ئوبدان خوتۇن، ئادەمگە كۆيۈ-
نۈشنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ هالىدىن يامان
ئەمەس خەۋەر ئالىدۇ. شۇغىنىسى كوت-
كوت، ئون گەپنىڭ توققۇزىدا هاراقنى
تاشلىسىلا دەيدۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەندە
هېلىقىدەك بولمىغۇر گەپلەرنىمۇ توقۇپ
چىقىدۇ، لېكىن بۇ گەپلەرنى پۈتۈنلەي
يالغانمىكىن دەي دېسەڭ ئەتىسى رادىئو-
نىڭ بۇزۇلۇپ قالغانلىقى هەقىقەتەن راست.
ساۋۇت ئاۋازى، چىقماس بولۇپ قالغان، بىر
خىل بەدبۇي، سېسىق هىد دىمىقىغا ئۇرۇ-
لۇپ تۇرغان رادىئو قوبۇلغۇچنى كۆ-
تۈرۈپ سىلكىپ بېقىپ، چۇلدۇقشىغان
ئاۋاز چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: كىم
بۇنىڭغا هاراق تۆكۈپ قويىدى؟ دەپ

قەهرى بىلەن ۋارقىراپ كەتكەن. مانا شۇ
چاغدا خوتۇنى «بۇنى ئۆزلىرىدىن سوراس-
لا!» دەپ هېلىقى ۋەقەنى سۆزلەپ بەر-
گەن، ساۋۇت بىر پەس ئويلىنىپ قالغان،
لېكىن ئۆزىنىڭ ئۇنداق ئەخمىقانە ئىشلار-
نى قىلىپ يۈرۈشكە زادىلا ئىشەنگۈسى كەل-
مىگەن، بۇنىڭدىن ئىككى يىلدەك ئىلگىرى
خوتۇنى ئۇنى هەر قانچە قىلىپمۇ گەپكە
كۆندۈرەلمەي ئاچچىقىدا «DDW» ئىچە-
ۋېلىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغىلى تاس
قالدى. بۇ ئىشتىن ئۇ خېلىلا چۆچۈدى،
خوتۇنى دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىققۇچە
بولغان ئارىلىقتا باللىرىغا قارايمەن دەپ
كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. مانا شۇندىلا
ئۇ خوتۇنىنىڭ دەردىنى چۈشەنگەندەك،
قەدرىگە يەتكەندەك بولدى. بىرەر ئايغى-
چە ئانچە كۆپ هاراق ئىچمىدى. ئادەم
يارىسى ساقايغاندا تارتقان ئازابلىرىنى
ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئۇمۇ بارا-بارا يەنىلا
ئۆز يولىغا كىرىۋالدى. بۇرۇنقىغا ئوخشاش-
لا يۈرىكىنى هاياجانغا سالىدىغان چىرايلىق
سۆزلەر ئىچىدە ئۆزىنى سوقۇشتۇرۇلۇپ،
يېقىملىق جىرىڭلىغان رۇمكا ئىچىدىن
هايات لەززىتىنى ئىزدەيدىغان بولۇۋالدى،
بۈگۈنمۇ شۇ لەززەتنى ئىزدەپ، ئىشتىن
چۈشۈپلا كوچا دوقمۇشىدىكى ئاشخانىغا
كىرگەنىدى، ئەپسۇسكى، تەلىيىگە يارىشا
كونا ئۈلپەتلىرىدىن بىرەرسىمۇ ئۇچرىمىدى.
نائىلاج پۇلىغا چۇشلۇق بىر بوتۇلكا
ناچار هاراق ئالدى. بۇنداق هاراقنى
زاكوسكىسىز ئىچىش هەقىقەتەنمۇ تەسكە
چۈشىدىكەن، شۇنداقتىمۇ ساۋۇت خىيال
بىلەن بولۇپ كېتىپ، بوتۇلكىنى يېرىملاش-
تۇرۇپ قويغىنىنى سەزمەيلا قالدى. يېنىدا
مۇڭداشقۇدەك بىرەرسى بولسىچۇ، كاشكى!

هەي، بىتەلەي ساۋۇت، سېنى ئاناڭ داق
يەرگە تۇغقان بولغىيمىدى؟ خەجلەي
دېسەڭ يېتىپ ئاشقۇدەك پۇلۇڭ، مۇگدى-
شاي دېسەڭ جانغا ئەسقاتقۇدەك ئاغىنەڭ
يوق، شۇمۇ تۇرمۇش بولدىمۇ؟ ھەتتىگىنەي،
ھەتتىگىنەي! ... ساۋۇت زېرىكىپ، ئاشخانى-
دىن يېنىپ چىقتى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق
قاپلىغان، كوچا چىراغلىرى ماشىنا چاقلىرى
ئاستىدا چىگدىلىپ سىيلىقلىشىپ كەتكەن
ئاپئاق قار ئۈستىدە سۇس يالتىرايتتى،
11 - ئاي بولۇشىغا قارىماي ھاۋا خېلىلا
سوۋۇپ كەتكەن بولۇپ، سوغۇق شامال يۈز-
لى چېقىپ ئۆتەتتى. نەگە بېرىش كېرەك؟
ئۆيگە قايتسۇنمۇ؟ ياق، تېخى ئەتىگەن،
ھازىر مۇشۇ پېتى بارسا يەنە خوتۇنىنىڭ
قاپا - تەنىسىگە قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە
بالا - چاقىسى ئۇخلاپ قالغاندا ئۆيگە تۈي-
دۇرماي غىپپىدە كىرىپ يېتىۋالغىنى
تۈزۈك. ئۇنداقتا يەنە بىرەر - ئىككى سائەت-
نى نەدە ئۆتكۈزسە بولىدىكىن؟ توغرا،
بۈگۈن كەچتە ياخشى كىنو بار دېيىشىۋا-
تاتتى، بىر قېتىم كىنو كۆرگەنگە يەتمەيدۇ،
پۇلچۇ؟ يەنە كولاپ باقسا يانچۇقىنىڭ
بىرەر بۇلۇڭىدىن ئېزىپ - تېزىپ قالغان
ئۈچ موچەن چىقىپ قالماسمىكىن؟ بولدى
قوي ساۋۇت، ئاۋارە بولما، ھازىر سېنىڭ
قەلەندەردىن نېمە پەرقىڭ بار؟ يانچۇ-
قىڭنىڭ ئەستىرىنى ئەتتۇر ئۆرۈپ ئاقتۇر-
ساڭمۇ بىر تىيىن چىقىدىغاندەك ئەمەس،
باشقا ئامالىڭ بولمىغاندىكىن، ئاۋۋال
كىنوخانا ئالدىغا بېرىپ باق، ئاندىن بىر
گەپ بولار...

ساۋۇت يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئېھتىيات
قىلىپ، يول چېتىدە ئاۋايلاپ ماڭماقتا.
يېرىملاشقان بوتۇلكىنىڭ بېشى ھاراقكەش
ئىكەنلىكىنى خەلقىمى - ئالەمگە جاكارلاۋات-
قاندەك، شىمىنىڭ يانچۇقىدىن چوقچىيىپ
چىقىپ تۇرىدۇ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋات-
قانلار ئۇنىڭغا يىرگىنىپ قارىشىدۇ، ساۋۇت
بۇنىڭغا پىسەنت قىلىپمۇ قويمايدۇ، گويا
ئۆزىنىڭ ھاراق يىقىتالمايدىغان «زەبەر-
دەست قەھرىمان» ئىكەنلىكىنى نامايان
قىلماقچى بولغاندەك چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى
يېشىپ، مەيدىسىنى ئېچىۋېتىپ، غازدىنىمۇ
ئۆتە گىدىيىۋالدى، پات - پات ئۈك قولىنىڭ
بەش بارمىقىنى تاغاق قىلىپ، ئاق سان-
جىلىشقا باشلىغان چۇۋۇق پاخما چاچلىرىنى
ئارقىسىغا قارىتىپ تاراپ قويىدۇ، بەزىدە
«ئەرنىڭ سۆلتى» دەپ ھېسابلاپ، ۋاقتى-
ۋاقتىدا قىرىپ تۇرۇشىغا كۆزى قىيماي
بولۇشىغا قويۇۋېتىش نەتىجىسىدە تىكەنلى-
شىپ، ئاق - سېرىق چىرايىنى قاپلاپ
كەتكەن سىم ساقىلىنى مەغرۇرلۇق بىلەن
سىيلاپ - سىيپاپ قويىدۇ، بەزىدە تۇيۇقسىز
ئۈششۈپ قېلىپ چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەۋات-
قاندەك، مايمۇن ساغرىسىنى ئەسلىتىدىغان
قىپقىزىل بۇرنىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقىدۇ،
چىرت قىلىپ تولا تۈكۈرۈۋەرگەنلىكتىن،
جاۋغايلىرى ۋە ئۇشلۇق ئېڭىكىگە چۈشۈپ
مۇز ئۇنچە بولۇپ قېتىشقا تەمشىلىۋاتقان
تۈكۈرۈك چاچراندىلىرىنى سول قولىنىڭ
دۈمبىسى بىلەن ئېرتىۋېتىدۇ، تۇرۇپ - تۇ-
رۇپ سالپىيىپ چۈشكەن ياپما قاپىقى
ئاستىدىكى ئۇرا كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ،
ئۇنىڭ - بۇنىڭغا مەگىستىمگەن ھالدا قارايدۇ.
دېمىسىمۇ ئۇ «رۇمكا سوقۇشتۇرۇش جېڭى»
دىكى «قەھرىمان» بولۇشقا مۇناسىپ،
ئادەتتىكى ئادەملەر بۇنداق يۇقىرى گرا-
دۇسلۇق بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنىڭ يېرىد-
مىنى ئاچ قورساققا زاكوسكىسىز ئىچىپ قو-

يىمدىغان بولسا، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا تىك
موللاق چۈشمىگەن تەقدىردىمۇ مەست بو-
لۇپ خۇدىنى بىلمەي يېتىپ قېلىشى
مۇمكىن، لېكىن ئۇزۇن يىلدىن بۇيان
ھاراققا قانغىچە چىلىنىپ خېلىلا «چېنىقىپ»
قالغان ساۋۇتقا نىسبەتەن بۇ ھېچقانچە
ئىش ئەمەس. ھاراق سوغۇق شامالنىڭ
تەسىرىدە ئۆز كۈچىنى ئاز-تولا كۆرسەت-
سىمۇ ساۋۇتنىڭ مېڭىسى يەنىلا ناھايىتى
سەگەك ئىدى. ئانچە-مۇنچە دەلدۈگۈنۈپ
كېتىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ ھازىر-
قى يۈرۈش-تۇرۇشى ساق كىشىلەردىن
ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ساۋۇت بىر بېسىپ،
ئىككى بېسىپ شەھەر ئوتتۇرىسىغا جايلاش-
قان «خەلق كىنوخانىسى» ئالدىغا يېتىپ
كەلدى. كىنو ئاللىقاچان باشلىنىپ كەت-
كەن بولۇپ، سىرتتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى.
كېچىكىپ قاپتىمەن-دە! — دېدى ئۇ
خورسىنغان ھالدا پەلەمپەيگە ئولتۇرۇۋې-
تىپ، — بالدۇرراق كەلگەن بولسامچۇ، ھەي
ئېست، ھېچبولمىغاندا بىرەر تونۇش-
بىلىشنى تېپىپ بىرەر بېلەت ئۇندۇرۇۋالماس-
مىدىم، ئۇنداقتا بۇ چاققىچە ئىسسىق كىنو-
خانا ئىچىدە ھۇزۇرلىنىپ كىنو كۆرگەن
بولاتتىم، سوغۇق تالادا بەزگەك تەگكەن
ئادەمدەك بۇنداق تىترەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ
ھاجىتى قالمايتتى...

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىنوخانا
تېمىنىڭ شەرقىي دۇقمۇشىدىكى بۇلۇڭدىن
كېلىۋاتقان غەيرىي بىر ئاۋۇش ئاڭلاندى،
بۇ خۇددى شېرىن چۈش قوينىغا غەرق
بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ جۆيلۈۋاتقان ئاۋا-
زىغا ئوخشايتتى. ساۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ،
دوقمۇشتىن قايرىلىۋىدى، كۆز ئالدىدا مۇن-
داق بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى: غەرق
مەست بولۇپ كەتكەن بىر ئادەم قار ئۈس-
تىدە ئوڭدا ياتاتتى، ياندۇرغان قۇسۇقلىرى
ئاغزى-بۇرنى، يۈز-كۆزىنى قاپلاپ كەت-
كەچكە، ئۇنىڭ ئەسلى چىرايىنىڭ قانداق
ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى،
ئاڭغىچە قاياقتىندۇر دۈگدىيىپ كەتكەن بىر
كۈچۈك پەيدا بولدى-دە، ئۇنىڭ يۈزىدى-
كى قۇسۇقلارنى ئاچكۆزلۈك بىلەن شالاپلى-
تىپ يالاشقا باشلىدى. شۇ زامات مەستكە
جان كىرگەندەك ئىككى قولىنى كەڭ كې-
رىپ، كۈچۈكنىڭ بوينىغا چىڭ گىرە سېلى-
ۋالدى، كۈچۈك قورققىنىدىن ئارقىسىغا تىرە-
جەيتتى. ئۇ بولسا تېخىمۇ چىڭ قۇچاق-
لايتتى.

— سۆيە، مەشۇقۇم، سۆي! — دەيتتى
ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا تىترەڭگۈ
ئاۋاز بىلەن، — ئاناممۇ مېنى بۇنداق
مېھرى بىلەن سۆيۈپ باقمىغان، خوتۇنۇممۇ
بۇنداق قىزغىن سۆيمىگەن، سەن ئاتەشتەك
لەۋلىرىڭ بىلەن يۈرىكىمدىكى مۇزنى ئېرىد-
تىۋەتتىڭ، مېنى ئۇزۇن يىللىق دەرد-
ھەسرەتتىن خالاس قىلدىڭ، قەسەم قىلى-
مەنكى، بۇ دۇنيادا مەن پەقەت سېنىلا
ياخشى كۆرىمەن، سەندىن باشقا ئاشنام
يوق، ماڭا ئىشەن، سۆيۈملۈكۈم! قېنى،
يەنە بىرلى سۆيۈۋەتكىنە، ھەي مانا مۇ-
شۇنداق! نەگە قاچىسەن؟ ئالدىرىما دەي-
مەن، سۆيە، سۆي! توختىماي سۆي!
جېنىمدىن كېچىشكە رازىمەنكى، سەندىن
ھەرگىز كەچمەيمەن، قۇچىقىڭدا جان بې-
رىش مېنىڭ بەختىم، راست ئېيتىۋاتىمەن،
يالغان گەپ قىلسام قان قۇسۇپ ئۆلەي!
تارتىنماي سۆيۈۋەر دەيمەن، ھېچكىم كۆر-
مەيدۇ، كۆرسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ، ئوغۇل
بالا دېگەن ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. شۇن-

...داق، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ! بۇدا ئەجەپمۇ ياخشى سۆيدۇگا، رەھمەت! بارىكاللا! گۈزىلىم، ئامرىقىم، جېنىم...

مەست ئادەم ئاۋازىنى ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ چىقىرىپ، يەنە ئاللىنېمىلەرنى دەپ بىلجىرلايتتى، ساۋۇت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قېقىسىپ قويغان قوزۇقتەك قېتىپلا قالدى، خوتۇنىنىڭ گەپلىرىگە ئۇنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىگەن ئەمەسمىدى، ئەمدى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئەھۋالغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا ئادەم مەستچىلىكتە ئەس ـ ھوشنى ۋە ئادەملىك غۇرۇرنى يوقىتىپ، راستىنلا لى ـ نى كۆلكىلىك ئىشلارنى قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ، بولۇپمۇ قىشتا خوتۇنى مۇنداق بىر ئىشنىمۇ ئېيتىپ بەرگەن: ئۆيگە غەرق مەست پېتى قايتىپ كەلگەن ساۋۇتنىڭ كۆزىگە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ تەپتىدە قىزىرىپ كەتكەن مەشنىڭ كانىيى بېشىغا قىزىل ياغلىق ئارتىۋالغان گۈزەل بىر قىز بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنىنىڭ ۋارقىراشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، مەش كانىيىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، قول ۋە لەۋلىرىنىڭ بىر قات تېرىسىدىن مەھرۇم قالغان، ئەتىسى ئۇنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىپ تۇرغىنىغا قارىماي، ئاشۇنداق كۆلكىلىك ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى زادىلا بويىنىغا ئالغۇسى كەلمىگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئاشۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەكتىن باشقا چارە يوق.

ساۋۇت ئىچ ـ ئىچىدىن سەسكىنىپ كەتتى. ھېلىقى مەستنىڭ قولىنى كۆچۈكنىڭ بويىنىدىن مىڭ تەسلىكتە ئاجرىتىپ، كىرلىشىپ كەتكەن قول ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىدىكى قۇسۇقلارنى پاكىز سۈرتتى، ئاندىن ئۇنى ھاپاش قىلىپ ئۆيگە قاراپ كېتىۋېتىپ، شىمىنىڭ يانچۇقىدىن چوخچىيىپ چىقىپ تۇرغان ھېلىقى يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئەخلەت ساندۇقىغا زەرپ بىلەن چۆرۈپ تاشلىۋەتتى...

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى يېقىندا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كەسپىي يازغۇچىلار يىغىنى چاقىردى.






سۈرەتتە: يىغىندىن كۆرۈنۈشلەر.



سۈرەتلەرنى قەييۇم تۇرسۇن تارتقان.




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1990 ـ يىل 6 ـ سان (352 ـ سان) ، 40 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号： CN 65－1010／I
本刊代号： 58－66 定 价： 1.40元
邮政编码： 830002

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 – 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن .
پوچتا نومۇرى :